# مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرى

(تاللانما)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەندى-نەسھەتلىرى

(تاللانما)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت ئىمىن
ياسىن سېيىت

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جياڭسۇ ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1994 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据江苏文艺出版社 1994 年 11 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىتىپ ئۆمەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مەريەم ئابدۇرېھىم**

**مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى**
(تاللانما)

تۈزگۈچى: سى رېن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت ئىمىن
ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.75
1996 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 1 — 6200
ISBN 7—5371—2290—3/I · 776
باھاسى: 11.50 يۈەن
تۈپلەشتە خاتالىق بولسا زاۋۇتتىن بىۋاستە تېگىشىۋالسىڭىز بولىدۇ

# مۇندەرىجە


1 ليۋدس ئالتۇن مېدال مەڭگۈ دادامغا مەنسۇپ
7 مېككېل جېكسون ئانىمىزغا بېغىشلايمەن
13 پلانتىي مېنىڭ ئاتام - ئانام
19 كرالا پولكا تالانت تەربىيىدىن كېلىدۇ
26 ۋاڭ جېنجى بالىلار ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلسۇن
33 يوبروس دادامدىن ئالغان ئىلھام
37 سۇفىيە روللان ئانىلىق گۈزەللىك مېھرىبانلىقتا
41 ليۋ. تولستوي پەرزەنتلەر نەزەرىدىكى ئاتا
47 ساچېر خانىم مېنىڭ پاناھگاھىم
54 ئاكوكا دادامنىڭ تەلىمى
60 بوش مېنىڭ ئاتا - ئانام
67 نېلسون ماندىلا تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ئەتىرگۈللۈك باغ ئەمەس
70 سۇخوملىنسكىي بالىلىرىمغا يېزىلغان خەت
87 گەندى خانىم ئانا بولۇش ئەڭ ئالىي ۋەزىپە
95 كىچىك توماس ۋاتسون ئاتا. بالا. شىركەت
109 رىگان ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا
115 ۋاداكاتسۇ ئانىلىق رولنى تونۇش
122 ئاگاسا كرىستى ئاپام مەن ئۈچۈن فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدى
127 ئېيزېنخاۋېر ئاتا - ئانام بالا تەربىيىلەشكە ماھىر ئىدى
136 چاپلىن ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت

139 ماكارېنكو بەختلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ياخشى بولىدۇ
149 دزېرژىنسكىي ئالدونا بىلەن گېدىمىنغا يېزىلغان خەت
157 گەندى ئاتا مېھرى
165 گوركىي ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت
172 كيۇرىي خانىم جىيەن قىزىغا يېزىلغان خەت
175 رومىن روللان مۇزىكىنى ئاپام ماڭا ئۆگەتتى
181 فۇكۇزاۋا يۇكىچى ئائىلىدىكى تەربىيەم
191 ئىكىدائو ساكۇ بالا تەربىيەلەش توغرىسىدا
203 ماركس لافارگقا يېزىلغان خەت
207 لىنكولن جونستونغا يېزىلغان خەت
210 دارۋىن سۆيۈملۈك قىزىم ئانىنى ئەسلەيمەن
214 ناپولېئون ئوغلىغا قالدۇرۇلغان ۋەسىيەت
225 گيوتې دادامنىڭ ئۈمىدى
229 توماس جېففېرسون كۈندىلىك تۇرمۇشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئون ئىش
232 ۋاشىنگتون بوشرود ۋاشىنگتونغا يېزىلغان خەت
236 رۇسسو دېفىنسې خانىمغا يېزىلغان خەت
239 بېنجامىن فرانكلىن ئوغلىغا يېزىلغان خەت
250 باكون ئائىلە توغرىسىدا
253 مۇنتەينى تەلىم ـ تەربىيەدە بارلىق تەن جازاسىغا ئېتىراز بىلدۈرىمەن
257 سەنماۋ مەڭگۈلۈك ئانا
266 ۋاڭ زىڭچى دادا ـ بالا بارا ـ بارا ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ قالىدۇ
273 لولەن مېنىڭ دادام
281 فۇلېي فۇ سۇڭغا يېزىلغان خەت

| | | |
|---|---|---|
| 290 | باجىن | تۇنجى ئۇستازىم |
| 293 | لياڭ شىچيۇ | بالىلار |
| 300 | لاۋ شې | ئايالىمغا يېزىلغان خەت |
| 303 | ليۇ شاۋچى | ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت |
| 309 | فېڭ زىكەي | بالىلىرىم |
| 317 | جۇ زىچىڭ | بالىلىرىم |
| 329 | لىن يۇتاڭ | ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم |
| 335 | چيەن مۇ | دادامنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا قىلغان نەسىھەتلىرى |
| 344 | يې شېڭتاۋ | دادا بولۇش |
| 351 | لياڭ شۈمىڭ | مېنىڭ دادام |
| 355 | گومۇرو | ئاتا - ئانامغا يېزىلغان خەت |
| 363 | شې جۆزەي | بىر پارچە ئوچۇق خەت |
| 366 | فېڭ يۇشياڭ | ئايرىلىش ئالدىدا كويئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى |
| 370 | جاڭ سەي | ئوغلۇمغا قىلىنغان نەسىھەت |
| 376 | جاڭ جىدۇڭ | ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت |
| 383 | لى خۇڭجاڭ | ئوغلىغا قىلىنغان نەسىھەت |
| 389 | زىڭ گوفەن | ئائىلىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىش |
| 393 | لىن زېشۈي | چوڭ ئوغلى — رۇجۇغا نەسىھەت |
| 400 | ئاخىرقى سۆز | |

## لېۋىس (1961 – )

# ئالتۇن مېدال مەڭگۈ دادامغا مەنسۇپ

لېۋىس — ئامېرىكا يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى، يېنىك ئاتلېتىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 – يىلى دۇنيا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1 – نۆۋەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئەرلەرنىڭ 100 مېترغا يۈگۈرۈش، يىراققا سەكرەش، 4 × 100 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تۈرلىرىدە چېمپىيون بولغان، 1984 – يىلىدىكى 23 – نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 100 مېتر، 200 مېترغا يۈگۈرۈش ۋە يىراققا سەكرەش يەككە تۈرلىرى بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن، يەنە سەپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 4 × 100 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ چېمپىيون بولغان. ئۇ بىر قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تۆت ئالتۇن مېدالنى ئوۋېنىستىن كېيىنلا ئالغان تۇنجى ئەر تەنھەرىكەتچى بولغاچقا، «ئىككىنچى ئوۋېنس» دەپ ئاتالغان.

لېۋىسنىڭ بۇنداق پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى دادىسىنىڭ قوللىشى ۋە تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆزىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 100 مېترغا يۈگۈرۈش بويىچە ئېرىشكەن ئالتۇن مېدالىنى دادىسىغا مەڭگۈلۈك بېغىشلىۋەتكەن.

1987 - يىلى 5 - مايدا دادام مېنى چەكسىز قايغۇ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئالەمدىن كەتتى.

مەن ھەرقانداق ئىشتا دادامنى ئەسلىمەي قالمايمەن. ۋىللىنگبورودىكى ۋاقىتلىرىم، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرى، ھەرقانداق ئىشنى بارانىغا يەتكۈزۈپ قىل، دەپ تاپىلىغانلىرى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيانى سەيلە - ساياھەت قىلغانلىرىمىز زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. دادام ھوشيار ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى، ھەرقانداق ئادەم بىلەن ھەرقانداق ئىش توغرۇلۇق كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشالايتتى، كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى، كۆڭلى دەرىيادەك كەڭ ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلساڭ ياكى ئەقىدىسىنى يەردە قويساڭ، سەن بىلەن ئېلىشماي قويمايتتى.

ئۇ بىزگە دائىم، ئۆزۈڭ توغرا تاپقان ئىشنى قىل، دەپ تەلىم بېرەتتى. «ھەرگىز خىيالىڭغا كەلگەنلا ئىشنى قىلمەن دېمەي، بەلكى ئۆزۈڭ توغرا تاپقان ئىشنى قىلىشىڭ كېرەك. قىلىۋاتقىنىڭ توغرا ئىش بولسا، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزۈڭمۇ ئىشەنسەڭ، ھەرگىز خەقنىڭ پالان - پوكۇن دېگىنىگە پەرۋا قىلما.» — مانا بۇ ئۇنىڭ جاھانسازلىق پەلسەپىسى ئىدى. 1984 - يىلى نۇرغۇن كىشىلەر مېنى ئەيىبلەپ، بىر تالاي مۇخبىرلار گېزىت - رادىئولاردا ئۈستۈمدىن ئىغۋا تارقاتقان چاغدا، دادام ماڭا: «ئوغلۇم، سەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىڭ. بىرىگە ئۇرا كولىمىدىڭ ياكى بىرەيلەننى پۇتلىمىدىڭ ياكى بىرەيلەنگە ئاھانەت قىلمىدىڭ. ئۇنداق ئىكەن، قىلغىنىڭ توغرا، گېپىڭدە چىڭ تۇر، ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈشلۈپ كېتىدۇ» دېگەنىدى.

1984 - يىلدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم ئادالەتسىزلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقىم مەسىلىسى توغرىسىدا ئاپامنىڭ مۇئامىلىسى دادامنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمىدى. ئۇنىڭ مەن توغرۇلۇق يامان گەپ قىلغان ياكى يازغان كىشىلەرنىڭ دەككىسىنى بەرگۈسى كېلىپلا تۇراتتى. ھەتتا ئۆزى تېلېفون نومۇرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون بېرىپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىۋالغۇسى كېلەتتى. لېكىن دادام: «ياق، بۇنىڭ ھاجىتى يوق، ئەرزىمەس بىر ئىشقا ئۇنچىلىك قىلىپ كەتكۈلۈك ئەمەس. ئوغلىمىز ئۆزىنىڭ ھەق ئىش قىلىۋاتقىنىغا ئىشىنەمدۇ، بولدى، مۇشۇلا كۇپايە. خەقلەرنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق» دېگەن.

شۇ تاپتا مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ ئايرودورومغا ماڭغىلىۋاتىمەن. دادامنىڭ 1984 - يىلدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، بولۇپمۇ 100 مېترغا يۈگۈرۈش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە ماڭا بەرگەن ئىلھامى يەنە كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ. مەن پات - پات ئۆيۈمدىكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان سىنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ ئىچىدىن شۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ لېنتىسىنى تېپىپ قايتا - قايتا كۆرۈپ كېتىمەن. دادام شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ماڭا شۇنچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنكى، ھەربىر ئىشتىكى ئۇتۇق، نەتىجە، غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن شۇ مۇسابىقە كۈنىدىكى غەيرىتىم ۋە غەلىبە ھاياجانلىرىمغىچە دادام تۆھپىلى بولغان دېسەممۇ بولىدۇ.

دادام ماڭا ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن يۈگۈرۈشتە جىق نەرسىلەرنى بەرگەن، خوش، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا نېمە تارتۇق قىلىشىم كېرەك؟ ئويلاپ باقسام، 1984 - يىلدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 100 مېترغا يۈگۈرۈش

بويىچە ئېرىشكەن ئالتۇن مېداللىمنى بەرسەم بولىغۇدەك. بۇ مېدالغا بىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىزغا دائىر بارلىق گۈزەل ئەسلىمىلەر سىڭگەن. بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى تۈپەيلى مەن يارىتقان پارلاق نەتىجىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەن بۇرۇن بانكىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش ئورنىدىن مېداللىرىمنى ئېلىپ باقمىغان، لېكىن بۇ قېتىم ئايرودورومغا كېتىۋېتىپ، چوقۇم يېڭى جېرىسىيىغا ئاپىرىپ دادامغا تارتۇق قىلىمەن، دەپ ئالدىم.

دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈننىڭ ھارپىسىدا ھەممىمىز ۋىللىنگبورودىكى ئۆيىمىزگە يىغىلدۇق. ئاپام تەزىيىگە ئالاقىدار ئىشلارنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ماڭا، دەپنە مۇراسىمىدا بىر ناخشا ئېيتقان بولساڭ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولاتتى، دېدى ۋە ماڭا بىر ناخشا تاللاپ بەردى. لېكىن مەن، دادامنى مەڭگۈ ياد ئېتىدىغانلىقىمىزنى ئىزاھلاش ئۈچۈن، ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئۆزۈم يازاي، دېدىم. ئاپام: «ئۇنداق بولسا، تېخىمۇ ياخشى» دېدى. مەن روژدېستۋو بايرىمىدا ئۆزۈم دادامغا سوۋغا قىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىدىم. دادام بىر چاغلاردا ماشىنىدا ماڭا كالورنىڭ «مەن سىلەرنى مەڭگۈ سۆيىمەن» دېگەن سۆزىنى دەپ بەرگەنلىكى پاللىدە كاللامدىن كەچتى، بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن دەرھاللا تۆۋەندىكى ناخشا تېكىستىنى پۈتتۈردۈم:

مەن ئەقلىمنى تاپقاندىن بۇيان<br>
كۆز ئالدىمدا سەنلا بار ئىدىڭ.<br>
بارا - بارا چوڭ بولدۇم، دادا<br>
ئۈستەك - غايەمنى سەنلا تىكلىدىڭ.<br>
بەردىڭ ماڭا ئەقىل ۋە ئىلھام،<br>
بولدى دۇنيادا يوللىرىم راۋان.

قىلدىڭ مېنى ھەقىقىي ئىنسان،
تەھسىن ئوقۇدى ماڭا كەڭ جاھان.

«مەن سىلەرنى مەڭگۈ سۆيىمەن»
دېگەنىڭىز بىر چاغدا ماڭا.
ئۆمرۈڭ قىسقا بولۇپقالدى بىراق
بۇ سۆزۈڭ بىزگە ھەمراھ دائىما.
مەيلى ئاي ــ يىللار ئۆتسۇن قانچىلاپ،
ئۇنتۇماسمىز ئۇنى زادىلا.
روھىڭ كەتمىدى، سەن كەتتىڭ لېكىن،
بىزمۇ ھامانەم كېتەرمىز بۇندىن.
چۈنكى ئىنسانغا ھامان بار بۇ كۈن،
بىزگىمۇ شۇنداق كېلەر بىر ــ بىردىن.
خىيالىمدا سەن ئۆيگە قايتقاندەك،
راستىلا بۇ ئۆيگە يېنىپ كەلگەندەك.
بۇ راست، راستقۇ، ھە، دادا،
ئاھ، قەدرىڭ بۈگۈن ئۆتۈلدىغۇ بەك.

بۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، دادامغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئاھاڭغا سالىدىغان ناخشامغا غەملىشىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمچە دادامغا غايىبانە خىتاب قىلدىم: «بىزمۇ مەڭگۈ سېنى سۆيىمىز، دادا».

دەپنە مۇراسىمى كۈنى بىز بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى دادامنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان چېغىمىزدا، مەن ھېلىقى ئالتۇن مېدالنى دادامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. بۇ چاغدا ۋىللى گوردتىن باشقىسى. پۈتۈنلەي ئۆز ئۆيىمىزنىڭ ئادەملىرى ئىدى. مېنىڭ كۆتكىنىممۇ شۇ. چۈنكى مەن قىلىۋاتقان ئىشنى باشقىلارغا داۋراڭ قىلىشنى خالىمايتتىم.

ئاپام مەندىن: «شۇ مېدالنىمۇ قوشۇپ يەرلىككە قويۇۋەتمەكچىمۇسەن؟» دەپ پىچىرلاپ سورىدى. مەن: «ھەئە، ئۇ مەڭگۇ دادامغا مەنسۇپ. مەن ۋاقتى كەلگەندە يەنە بىرنى ئالىمەن». دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن دادامنىڭ جەسىتىگە قاراپ: «ئەنسىرىمە دادا، مەن يەنە مېدال ئالىمەن» دېدىم. بۇ ئۆزۈمگە ۋە دادامغا بەرگەن قەسىمىم ئىدى. ئۇ قوللىرى مەيدىسىگە قويۇلغان ھالدا شۇ قەدەر تىنچ ۋە خاتىرجەم ياتاتتى، ئالتۇن مېدالنى ئالقىنىغا سىلىپ قويغان چېغىمدا ماڭا بۇ ئىشلار شۇ قەدەر مۇقەددەس ۋە گۈزەل بىلىندى.

# مىككېل جېكسون (1958 — )

## ئانىمىزغا بېغىشلايمەن

مىككېل جېكسون — دۇنيا بويىچە دەرىجىدىن تاشقىرى ناخشا چولپىنى، ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا شتاتىدا تۇغۇلغان، يەتتە يېشىدا سەھنە ھاياتىنى باشلاپ، ئىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە «بەش قېرىنداش جېكسونلار» مۇزىكا ئەترىتىنى تەشكىل قىلغان، «كۆزۈم يولۇڭدا» دېگەن ناخشىسى ۋە چاقماق ئۇسسۇلىنىڭ كائىنات قەدىمى ناملىق ئىجادىيىتى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ «تىترەڭگۈ» ناملىق پلاستىنكىسىدىن 50 مىليون دانە سېتىلغان. ئۇ ئامېرىكىدا پات - پات سەييارە ئويۇن قويۇپ تۇرىدۇ، «ئوسكار» مۇكاپاتىنىڭ ناخشا پلاستىنكىلىرىغا بېرىلىدىغان «گرالمېي» مۇكاپاتىغا نۇرغۇن قېتىم ئېرىشكەن.

بىز تەقدىرىمىزنى ئېلكىمىزگە ئېلىپ ئۆز مۇزىكىلىرىمىزنى ئىشلەشكە باشلىغاندىن بۇيان، مېنىڭ ياكى مۇزىكا ئەترىتىمىزنىڭ ھەربىر پىلاستىنكىسىغا: «ئانىمىز كاسىرىن جېكسونغا بېغىشلايمىز» دېگەن سۆزنى يېزىشنى ئۇنتۇمىدۇق. ئانامنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ «سەن مېنىڭ ئاپتىپىم»، «كېۋەزلىك» دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتىپ يۇرىدىغانلىقىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ ماڭا، ئىنى - سىڭىللىرىمغا دائىم ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. ئانام ئىندىئانادا بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى ئالابامادا چوڭ بولغان. بۇ شتاتنىڭ مۇشۇ رايونىدىكى نېگىرلارنىڭ رادىئودىن ئۆز ئېلىنىڭ ۋە غەربنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى خۇددى ئۇلارنىڭ چېركاۋدا مۇناجات ئوقۇغىنىغا ئوخشاش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئانام ھازىرغىچە ۋىللى نېرسوننىڭ ناخشىلىرىغا ئامراق. ئۇ ناخشىنى ئوبدان ئېيتاتتى. مېنىڭ ناخشىچىلىقتىكى تالانتىممۇ ئانامدىن كەلگەن، دەپ ئويلايمەن، بۇنىڭدا خۇدانىڭ ئاتا قىلغىنىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئانام كلارنېت بىلەن پىيانىنو چالاتتى، بۇ ھۈنەرنى چوڭ ئاچام موردىغا — بىز ئۇنى رىبمى دەپ چاقىراتتۇق — كېيىن راتويا دېگەن ئاچامغىمۇ ئۆگەتكەن. ئانام بۇ ھۈنەرنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا نامايان قىلالمايدىغانلىقىنى كىچىكىدىن تارتىپلا بىلگەن. بۇنىڭغا ئۇنىڭدا قانداقتۇر تالانت ۋە ئىقتىدارنىڭ يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كىچىك چېغىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبچى بولغان. ئۇ كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇتىنى سۆرەپ ماڭىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ تۇپەيلى بالىلىق چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئوقۇشۇغىمۇ كۆپ تەسىر يەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇ كېسەللىك نۇرغۇن بالىلارنىڭ جېنىغا

زامىن بولغان يەردە مېنىڭ مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ ياشاپ يۈرگىنىمنىڭ ئۆزى چوڭ ئامەت، دەيتتى. ئېسىمدە، ئۇ بىزگە پالەچ ۋاكسىنىسى كۆمىلچىنى يېگۈزۈشنى بەك مۇھىم، دەپ بىلەتتى. ھەتتا ئۇ شۇنى دەپ بىزنى شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ياشلار كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئويۇننى كۆرۈشكىمۇ بارغۇزماي قويغان. بۇنىڭدىن ئۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ ئائىلىدە نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئانام ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا پالەچ كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىنى پالاكەت، دەپ قارىماي، بەلكى ئۆزىنى خۇدانىڭ سىنىغانلىقى، دەپ قارايتتى. ئۇ مېنى خۇداغا ئەقىدە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەن. ئۇ ماڭا، خۇددى گۈزەل كەچكى شەپەق ياكى بوران - چاپقۇندىن كېيىن بالىلار ئوينايدىغان ئاپئاق قارغا ئوخشاش، سېنىڭ ناخشىچىلىق ۋە ئۇسسۇلچىلىق تالانتىڭنىمۇ خۇدايىم بەرگەن، دەيتتى. گەرچە ۋاقتىمىز مەشق ۋە سەپەرلەرگە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئارىلىقتا بىر پۇرسەتنى چىقىرىپ مېنى ئىبادەت قىلىدىغان جايلارغا ئېلىپ باراتتى، ئارىمىزغا يەنە رېببىي بىلەن راتوياننىمۇ قوشۇۋالاتتى.

بىز گالىدىن كېتىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن «ھەيدى سارۋېن پروگراممىسى» دا ئويۇن كۆرسەتتۇق. ھەر يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى نەق مەيداندا ئويۇن كۆرسىتىدىغان بۇ ئۇنىۋېرسال پروگراممىدىن ئامېرىكىلىقلار پېشانىسىگە ياغلىق تېڭىۋالغان مۇزىكا ئەترىتىنىڭ، ئالۋىس ۋە چاقچۇقچىلار مۇزىكا ئەترىتىنىڭ ئويۇنلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن سارۋېن ئەپەندى ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ ماختاپ ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. مەن پېپسى كولا ئېلان پروگراممىسىدىكى بالىغا ئوخشاش سەھنىنىڭ كەينىدە لەلەڭشىپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز سارۋېن ئەپەندى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا قولۇمنى قىستى،

قولۇمنى قويۇۋېتىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ دەيدىغان گېپىنىمۇ دەۋالدى. بۇ 1970 - يىلدىكى ئىشلار. ئۇ چاغدا تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى چالىدىغان خېلى ئوبدان چالغۇچىلار زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھاراق تۈپەيلى جېنىدىن ئايرىلغانىدى. ئويۇن قويۇش ساھەسىدىكى پېشقەدەم، ئەقىللىق بىر ئەۋلاد ئۆزلىرىدىن كۆپ كىچىك بولغان ئۇ ياشلارنىڭ ئۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغان. بەزىلەر ماڭا، سىزنى كۆرۈپ فرانكى رايموندنى ئەسلەپ قالدۇق، دېگەن گەپنىمۇ قىلدى. رايموند ئاشۇنداق جېنىدىن ئايرىلغان 50 - يىللاردىكى ئاتاقلىق ياش ناخشىچى ئىدى. ھەيدى سارۋېن مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ماڭا: «بۇ تالانتنى ساڭا كىم ئاتا قىلغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، بۇنى ساڭا خۇدا ئاتا قىلغان» دېدى.

مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم، ئانامنىڭمۇ ماڭا بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇما، دەپ كېلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ قويسام بوپتىكەن، لېكىن ئېيتماپتىمەن. مەن پالەچ كېسىلىگە دۇچار بولمىغان. ئۇسسۇلچى دېگەن بۇنداق كېسەل بولۇپ قېلىشنى ئويلىسا يۈرىكى جىغىدە بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن مەن شۇنى بىلىمەنكى، خۇدا مېنى ۋە ئىنى - سىڭىللىرىمنى باشقىچە يول بىلەن سىنىغان. مەسىلەن، ئۆيدە بالىلارنىڭ جىقلىقى، قىستاڭچىلىقتىن ياتىدىغان تۈزۈكرەك جاينىڭ يوقلۇقى، كىرىدىغان تاپاۋەتنىڭ قورساقنىمۇ دال بولمايدىغانلىقى، مەشق قىلىۋاتقان چاغلىرىمىزدا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىچى يامان بالىلىرىنىڭ دېرىزىلىرىمىزگە تاش ئېتىپ ئارام بەرمەيدىغانلىقى دېگەندەك جەھەتلەردىن. ئانامنىڭ، بىزنىڭ شۇ دەسلەپكى چاغلاردا تارتقان كۈنلىرىمىزنى ئويلىسام، شۇنداقمۇ دېگۈم كېلىدۇكى، بىزنىڭ تارتقان ئازابلىرىمىزنىڭ ئورنىنى تاپقان پۇللىرىمىزمۇ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش، مۇكاپاتلىرىمۇ تولدۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.

ئانام تولىمۇ كۆيۈمچان ئايال. ئۇ بىزنىڭ بىرەر ئىشقا ھەۋەس قىلغىنىمىزنى سەزگەن ھامان قولىدىن كېلىشىچە ئىلھام بېرەتتى. مەسىلەن، مەن كىنو چولپانلىرىغا قىزىقىپ قالغان بولسام، ئۇ كىنو چولپانلىرىغا ئائىت كىتابلاردىن بىر-مۇنچىنى ئۆيگە ئەكىلىپ قوياتتى. بىز توققۇز بالا بولساقمۇ، ھەربىرىمىزگە خۇددى يالغۇز بالىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى. ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ چاپالىق ئۆي تۇتقانلىقىنى، بىز ئۇچۇن ھەرقاچان يۈرىكى ئېچىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالالمايمىز. توغرا، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى گەپ ئەمەس، ھەربىر بالا ئانىسىنى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئانا چاغلايدۇ، لېكىن بىز جېكسون ئائىلى-سىدىكى بالىلار بۇ نۇقتىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس. بىز ئانىمىز كاسىرىنىڭ شاپائىتى، مېھرىبانلىقى ۋە غەمخور-لۇقىدىن يەتكۈچە بەھرىمەن بولغان، شۇڭا مەن ئانىمنىڭ مېھرىبانلىقىسىز بالىنىڭ چوڭ بولالىشىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

بالىلار بەزىدە مۇنداق ئەھۋالغىمۇ دۇچ كېلىدۇ، يەنى ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن تېگىشلىك مېھرىبانلىققا ئېرىشەلمىسە، ئۇ مېھرىنى باشقىلاردىن ئىزلىشقا، بوۋا - موممىلىرىغا ياكى باشقىلارغا تەلمۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىز بولساق ئانا مېھرىدە چوڭ بولغاچقا باشقىلارغىمۇ تەلمۈرۈپ يۈرمىدۇق. ئۇ بىزگە دائىم، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بولۇڭلار، دوستلارغا مېھرى قويۇڭلار، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئەلا بىلىڭلار، خەقنى ئاھانەت قىلماڭلار، تەمەخورلۇق قىلماڭلار، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەنمەڭلار، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. يۇقىرىقى نەسىھەتكە خىلاپلىق قىلىش ئائىلىمىزدە گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئۇ پەقەت بىزگە بېرىشنىلا بىلىدىغان، لېكىن ئالمايدىغان، ھېچنېمىنى تەمە قىلمايدىغان مانا مۇشۇنداق ئانا ئىدى.

ئانامنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۇبدان

بىر ۋەقە ھېلىمۇ ئېسىمدە. گالىدىكى ۋاقىتلىرىمىز ئىدى. مەن ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر ئادەم ئەتراپىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۇنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى پۈتۈنلەي قان ئىكەن. ئۇ ئەتراپتىكى خېلى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى قاققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. ئاخىر ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قاققانىكەن، ئانام دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپتۇ. ئۇ چاغدا نۇرغۇن خەق ئۇنداق قىلالمىغانىكەن، لېكىن ئانام شۇنداق قىپتۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئويغانسام، پولدا بىرمۇنچە قان تۇرۇپتىكەن. مەن ھەممىمىزنىڭ ئانىمىزنى دورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# پلاتىنى (1955 — )

## مېنىڭ ئاتا - ئانام

پلاتىنى — فرانسىيە پۇتبولچىسى، فرانسىيىنىڭ لوتارىنگىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان، 17 يېشىدا كەسپىي تەنھەرىكەتچى بولغان، 23 يېشىدا دۆلەت كوماندىسىغا كىرگەن. 1982 - يىلىدىكى دۇنيا مۇسابىقىسىدىن كېيىن دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى تەنھەرىكەتچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. فرانسىيە كوماندىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ، 1984 - يىللىق ياۋروپا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى، يۇۋېنتىس كوماندىسىنى يېتەكلەپ ياۋروپا غالىبلىرى لوڭقىسىنى، دەرىجىدىن تاشقىرى لوڭقىنى، «تويوتا لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرگەن. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئۈدا ئۈچ يىل ياۋروپا پۇتبول ئەپەندىسى بولۇپ تاللىنىپ، ئالتۇن توپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «ئىككى پاس پادىشاھى»، پۇتبول مەيدانىدىكى «ناپولېئون» دېگەندەك ناملىرى بار. 1989 - يىلى فرانسىيە پۇتبول كوماندىسىنىڭ تىرېنېرى بولغان.

ئائىلەم مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە. ئاتا - ئانام مېنىڭ ئەڭ قىزغىن قوللىغۇچۇم ھەم ئەڭ قاتتىق تەنقىدچىلىرىم. ئاتام بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى ئۇتۇقلىرىممۇ بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئاتا - ئانام ماڭا يار - يۆلەك بولماي، مېنى ئالغا ماڭغۇزماي، يولۇمغا توسالغۇ بولۇۋالغان بولسا، ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئۇلار قولىدا گۇۋاھنامىسى بار ئىككى مىليون پۇتبول تەنھەرىكەتچىسىدىن پۇتبولنىڭ نېپىنى يېيەلەيدىغان كەسپىي تەنھەرىكەتچىنىڭ ئاران 500 ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ مېنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ئۈچۈن ئۇلارغا يەنە بەزى غەملەرنى يېگىشقا توغرا كېلىدۇ. دادام ماڭا، كۆڭلۈمدە بۇ ئىشىڭدىن بىر نەتىجە چىقىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، شۇڭا ساڭا بوپتۇلا دەۋاتىمەن، دېگەنىدى. 15 ياش چېغىمدا رايونلۇق كۇلۇب ماڭا خېلى قىزىقىپ قالدى. بۇنىڭغا قاراپ دادام مەندىن بىر نەتىجە چىقىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى. يېقىندا ئۇ: «مېشلغا ئوخشاش ئىقتىدارلىق بالا بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن پەقەت بىرىلا چىقىدۇ» دەپ سۆزلەپ يۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يۈزۈم ۋىللىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. مەن 15 يېشىمدا ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچى، ئاندىن كېيىن AS رېڧ كوماندىسىنىڭ «بالا يىگىتى» بولدۇم. بۇ راست. دادام مېنىڭ پۇتبول مەيدانلىرىدا كارامەت كۆرسىتىش ئارزۇيۇمنى قوللىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەندىن چوقۇم بىر نەتىجە چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مېنى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىدىكى ئوقۇشۇمدىن توختاتتى - دە، مېنى پۇتبولچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تولۇق ۋاقىتقا ئىگە قىلدى.

گەرچە ئاتا ـ ئانىمىز ئائىلە تۇرمۇشىمىزدا بىزگە مۇمكىنقەدەر كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاچام ماردونغا. ماڭا ھەرگىزمۇ ئەسەبىيلەشكەن شۆھرەتپەرەسلىك سىڭدۈرۈپ قويغان ئەمەس. ئۇلار ئۆز خىلدىكى ئادەملەر ئەمەس ئىدى، بىزگە پارچە ـ پۇرات خىراجەت ئۈچۈن پۇلمۇ بەرمەيتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىز ئەركە تەربىيە كۆرمىگەن. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەردە ئىسراپچىلىق قىلىشىمىزغا ھەرگىز يول قويۇلمايتتى. مەن كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىگە ئېرىشكەن. بۇ كۆيۈنۈش، تۇرمۇش، ئېتىقاد دېگەندەكلەرگە بولغان توغرا قىممەت كۆزقارىشى ئاساسىدىكى تەربىيە ئىدى.

ئاتا ـ ئانىمىز بىزنىڭ كەسپىي ئىشلىرىمىزغا، تەرەققىيات ئىستىقبالىمىزغا چىق ئەجىر سىڭدۈرگەن، بىزنى بەختلىك قىلىشنى ھەممىدىن چوڭ بايلىق دەپ قارىغان. شۇڭا مەن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ساغلام؛ كەسپكە مۇھەببىتىم ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىم بار. شۇڭا زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق ھەرقانداق نەرسىدىن يىرگىنىمەن. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ياشلار ياخشى تەربىيە ئېلىشنىڭ ئورنىغا زەھەرلىك چېكىملىكنى دەسسەتمەكتە. مېنىڭ ئۆزۈمنى مەست قىلىدىغان «كوكايىن» نى ۋە «خروئىن» نىمۇ باشتىن ـ ئاياغ بۈيۈك تەبىئەت ۋە ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بولۇپ كەلدى. پۇتبول تەنھەرىكەتچىسى ئۈچۈن جىنراق چېكىش ھەرگىز زىيانلىق ئىش ئەمەس. ماڭا ئاشۇ پۇتبول، سېرىق ماي بىلەن بۇلجۇرگەن قىيامى سىلىنغان قاتلىما، بىر بوتۇلكا گازلىق سۇ بولسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە!

مېنى زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنچىلىك يوغان گەپ قىلدۇرالىغان، خروئىن ـ پىروئىن دېگەنلەرنى يېقىن دارىتىپ باقمىغان ئاشۇ ئوبدان ئائىلەم.

بۇنىڭدىكى بارلىق تۆھپە پۇتۇنلەي ئاتا ـ ئانامغا مەنسۇپ. ئۇلار ئالىلىقانداق بەزى پرىنسىپلاردىن دەل ۋاقتىدا ۋاز كېچىپ، مېنى ئۆزۈمچە تۇز دەپ ھېسابلىغان يولدىن تارتىپ ئەكىلىپ، نانىسدا كەسپىي پۇتبولچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ قارارنى ئورتاق بېكىتكىنىمىزمۇ راست. كېيىنكى چاغلاردا ئاتا ـ ئانام بۇ كەسپنىڭ خەتەرلىك تەرىپىنىمۇ ھېس قىلىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ مېنى يېرىم يولدا قېپقىلىشقا دەۋەت قىلغان ئەمەس. ھەتتا ئاردىن 14 يىل ئۆتۈپ، 1986 ـ يىلى مايدا مېنىڭ يۇۋېنتس كوماندىسى بىلەن تۈزگەن توختامىمنىڭ قەرەلى توشقان چاغدىمۇ، دادام يەنىلا ماڭا مۇۋاپىق تەكلىپ بەرگەن، «ئۇلار بىلەن بولغان توختامنى يەنە بىر يىل ئۇزارتقىن، 31 يېشىڭدىلا توپ تېپىشتىن قېپقالساڭ بولماس. ئۇلار ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. سەن تېخى ئېسىل ئىسپورت كىيىملىرىنى كىيىپ مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشىڭ كېرەك. يەنە بىر يىللىق توختام تۈز، ئاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا يەنە قارىمامسەن...» دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. بۇنىڭغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. تېخى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ: «ئېھ، سۆيۈملۈك ئانا ـ ئام، بەختىم بار ئىكەن، سەندە تۇغۇلۇپتىمەن!...» دېگۈم كېلىپ كېتىدۇ.

ئەمدى ئانامغا كەلسەك، ئۇنىڭ قايسى تەرىپىنى دېسەم بولار، ئۇ مېنىڭ تۇنجى قىزغىن قوللىغۇچۇم. ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلگەن. دادام ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى بويىچە مەندىن قانداق ئادەم چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئىسمىمنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىغان، ئۆزۈم كۆرگەن بىرەر پۇتبولچىنى كارامەتلىك چاغلاپ كېتىدىغان بىر كىچىك بالا ئىدىم. ئانام مېنىڭ كەسپىي پۇتبولچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا قوشۇلغاندىن بۇيان

نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ مېنى ھارماي ـ تالماي قوللاپ كەلدى. 15 يىللىق كەسپىي پۇتبولچىلىق ھاياتىمدا ئۇ بىرەر قېتىملىق مۇھىم مۇسابىقىنى كۆرۈشكە بارماي قالغان ئەمەس. مۇسابىقە مەيلى نانسىدا، مەيلى سېنت ـ ئاتيېندا بولسۇن، مەيلى يۇۋېنتىس كوماندىسى بىلەن ۋە مەيلى كۆك مايكىلىقلار كوماندىسى بىلەن بىللە بارغان بولاي، ئۇ ھەممىلا يەردە بار. ھەربىر قېتىملىق دۇنيا لوڭقىسى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقىنىمدىمۇ ئۇ يەنە بار. مەسىلەن، 1978 ـ يىلى ئارگېنتىنادا، 1982 ـ يىلى ئىسپانىيىدە، 1986 ـ يىلى مېكسىكىدا...

نۇرغۇن تاماشىبىنلار ۋە مېنىڭ دوستلىرىم بەلكىم بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك: مەن قاتناشقانلىكى مۇسابىقىدە ئانام كۆرگۈچىلەرنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. بۇ نېمىدېگەن مۇقەددەس كۆرۈنۈش ـ ھە! بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئانام ھەمىشە رېپىرغا قاراپ ۋارقىراپ، قول شىلتىپ ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى بىز سارگومىندا مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتقاندا ئانام بىلەن دادام AS رېپ كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن مۇسابىقە كۆرگىلى كەلگەنىكەن، خەق ئانامنى ئىتتىرىپ دەرياغا چۈشۈرۈۋەتكىلى تاس قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانام ۋە ئۇنىڭ دوستى پاننى خانىم مۇسابىقە كۆرگىلى كەلسە، مەن ئۇزۇمنى ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سالىدىغان بولۇۋالدىم. پاننى خانىممۇ ئانامغا ئوخشاش قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق، گېپى تولا ئايال. 1986 ـ يىلى ئىيۇندا بىزنىڭ فرانسىيە بىلەن كانادا كوماندىلىرى ئارتېك تەنتەربىيە مەيدانىدا مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتقان ۋاقىتىمىزدا «فرانسىيە كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ئەۋان سامۋېر ئاتا ـ ئانام بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئانام ھېلىقى تەتۇر پېشانە رېپىرنى ئۆز يۇرتىنىڭ ناھايىتى ئەپسانە تىلى بىلەن

تىللاپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ بەك سەت، شۇڭا مەن ئۇنى يېزىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇ گەپنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت كىلوشنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىلا پەملىيەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، دادام ھەر خىل چارە ياكى «ھاي، ئانىنا، ئاستىراق سۆزلە، كانىيىڭنى كەرمە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇنى جىملەپ تۇرىدىكەن، ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى بولسا سىرتقا چىقارمايدىكەن. دادام ئۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش، ئاستا سۆزلەيدىغان ئادەم، ئاسانلىقچە تىل - ھاقارەت قىلمايتتى. لېكىن سامۇيېردىن ئاڭلىسام، شۇ مۇسابىقىدە پاربان مۇھىم بىر توپنى كەتكۈزۈپ قويغاندا دادام جېنىدا «ۋۇ، ئاناڭنى!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ سېلىشى ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا ئۇ جانسىز ئاۋازى بىلەن قانداقتۇر ئۆتۈنگەندەك، يالۋۇرغاندەك قىلىپ: «مىشېل، ۋارتاغا ئۇرساڭچۇ، تېز ئۇرساڭچۇ!» دەپ قويىدىكەن. ئانامچۇ، ئۇ ھە دېسە رېپېرنى تىللايدىكەن، تىللاپ ھارمايدىكەن. بۇنداق «قەتئىيلىك» كە بەلكىم سۆز كەتمىسە كېرەك. قايسى بىر قېتىم مۇسابىقىدە روستوغا قارشى تەرەپنىڭ بىر ئادىمى قاتتىق سوقۇلغاندا ئۇ تاقەت قىلالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە، رېپېر تەرەپكە قاراپ: «قاراپ تۇرماي سېرىق كارتوچكاڭنى چىقارمامسەن!» دەپ ۋارقىراپتۇ. دادام بولسا، رەڭگى ئۆچۈپ يەرگە قارىغان ھالدا: «روستونى بەك رەھىمسىز سوقۇۋەتتى!... رېپېر بولغان ئادەم نېمىشقا بىرنېمە دېمەيدۇ...» دەپ غوتۇلدىغان ئوخشايدۇ. ئانام ئۇنىڭ ئىچىدە غوتۇلدىغىنىغا نارازى بولۇپ: «سەن ھەر قېتىم شۇنداق، ئىچىڭگىلا سالىسەن، مۇسابىقىدىن كېيىن قورسىقىڭ كۆپۈپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىسەن!» دەپ كايىپتۇ.

# كرالا پولگا (1945 — )

## تالانت تەربىيىدىن كېلىدۇ

كرالا پولگا — خەلقئارا شاھماتچىلىق ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر قىز — پولگا قىزلىرىنىڭ ئانىسى، 1968 - يىلى ۋېنگرىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى راسلو پولگا بىلەن توي قىلغان. ئەر - خوتۇن پولگالار بالىلىرىنى كىچىكىدىن تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۈچ قىزى دۇنيادا ئاتاقلىق شاھماتچى بولۇپ يېتىشكەن. بۇنى ئائىلە تەربىيىسى تارىخىدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى سۇشاننا تۆت يېشىدا بۇداپېشتتا بالىلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن، ئالتە قېتىم خەلقئارالىق مەشھۇر ئاياللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان؛ ئوتتۇرانچى قىزى سوفىيە 14 يېشىدا ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن. كەنجى قىزى ئەمودېتا ئېخىمۇ «تالانتلىق قىزچاق» بولۇپ، 11 يېرىم يېشىدا ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن، توققۇز قېتىم خەلقئارالىق مەشھۇر ئاياللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 16 يېشىدا ئەر دۇنيا چېمپىيونىنى يېڭىپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئايال شاھماتچىغا ئايلانغان.

مېنىڭ بالىلارنى تەربىيىلىشىمدە ھېچقانداق سىر يوق، ئەگەر بار دېيىلسە، تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن: بىرىنچىدىن، تەربىيە كىچىكىدىلا تۇتۇلغان. ئۈچ قىزىم ئۈچ ـ تۆت ياشىدىن تارتىپلا شاھماتقا كىرىشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەربىيىلەش ئارقىلىق ھەرقانداق بالا تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقالىشى مۇمكىن. بۇ مېنىڭ ئېرىمنىڭ كۆز قارىشى، بۇنىڭغا مەنمۇ قوشۇلىمەن. تەربىيىلىسە، ھەرقانداق بالا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلەيدۇ. ئىككىنچىسى، نىشاننى توغرا تاللاش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ بالىلارنى ماتېماتىكىغا قىزىقتۇرىمىز دەپ ئويلىغان، لېكىن ئويلىغىنىمىزدەك بولمىدى. شاھماتنى ئۆگىنىۋىدۇق. دەرھاللا ئۆگىنىۋېلىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشۇم زۆرۈرمۇ قانداق. ھەر ھالدا بالىلارغا ياخشى مۇھىت، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان كۆڭۈللۈك ئائىلىۋى مۇھىت كېرەك. يەنە تەربىيىدە ئىلمىي ئۇسۇلغىمۇ ئېتىبار بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

1965 ـ يىلى مەن تۇنجى قېتىم بۇداپىشتقا كەلگەن. روچ (راسلونىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى) بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئالتە بالا تېپىش نىيىتى بارلىقىنى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش پىلانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىز توي قىلىپ ئىككىنچى يىلى چوڭ قىزىم سۇشاننانى تۇغدۇم. ئۇنى ئاللىقانداق بىر تەربىيىلىگۈمىز كېلىپ كەتتى، لېكىن ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدۇق ياكى ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر ئىقتىدارنىڭ ئىزناسى بارلىقىنى سېزەلمىدۇق. شۇڭا مەن بىر تالانت ئىگىسىنى تۇغدۇم، دېگەن گەپنى تېخىمۇ دېيەلمەيمەن ـ دە. قەرز بولۇپ قېلىپ، پۇلنىڭ خىجالىتى بەك

ئۆتۈلۈپ كەتكەچكە. مەن ئىككى يېرىم يىل تۇغۇت دەم ئېلىـ
شىمىنى تۈگىتىپلا يەسلىگە ئىشقا چۈشتۈم. بىر كۈنى ئىشتىن
چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم روچ بىلەن سۇشانىنا شاھمات ئويناۋېتىپتۇ.
سۇشانىنا تارتىمىدىن شاھماتنى تېپىۋېلىپ دادىسىنى ئۆگىتىپ قوي،
دەپ تۇرۇۋاپتىكەن. دادىسى ئۇنىڭغا ئۇرۇقلارنىڭ يۈرۈشىنى
ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن بىر مۆجىزە يۈز بەردى: مىدىرلاپ
جايىدا جىم تۇرمايدىغان شوخ سۇشانىنا بىردىنلا تەمكىن، چوڭقۇر
ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بىر قىزغا ئايلاندى. باشقا
ئويۇنچۇقلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، دادىسىغا دائىم، شاھمات
ئوينايمىز، دەپ غەلۋە قىلىدىغان بولۇۋالدى. شاھماتتىكى ئىلگىرى-
لىشىمۇ كارامەت ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن بىز ئۇنى ئاچىقىپ بالىلار بىلەن شاھمات مۇسابىقىسىگە
سالدۇق. دەسلەپتە، كىچىك بالىنى بەكمۇ قىيناپ قويۇپسىلەر،
دېگەن گەپكىمۇ قالدۇق. لېكىن كېيىن ئۇ ئون نەچچە ياش
لىق ئوغۇللارنى ئۇتقىلى تۇرۇۋىدى، خەقلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ
ئۇنىڭغا قايىل بولۇشتى.

راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئانىلىق تەبىئىتىم بويىچە ئىش
كۆردۈم. قىزىمنىڭ شاھماتقا ئامراقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەن
يەنە نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ بۇ جەھەتتە روچقا خېلى چوڭ
ياردەم قىلدىم دېسەم بولار. ئاتا بىلەن بالا خالىغان ئىشقا
مەن ھەرگىز توسالغۇلۇق قىلمايمەن - دە. بەش يېرىم يىلدىن
كېيىن يەنە ئىككى قىزىم — سۇفىيە بىلەن ئىسۇدېتانى تۇغدۇم.
ئۇلار ئىككى-ئۈچ ياشلارغا كىرگەن چاغدا، سۇشانىنا شاھماتنى
تېخىمۇ ئۇستىلار بىلەن ئوينايدىغان بولدى. ئوتتۇرانچىسى
بىلەن كەنجىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر يېرىم ياش پەرق بولغاچقا،
ئۇ ئىككىسى دائىم بىللە ئوينايتتى، لېكىن ئاچىسى ئۇلارغا
قوشۇلمايتتى. سۇشانىنانىڭ ئۆيىگە سالاپەتلىك چوڭ كىشىلەر
كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. سىڭىللىرى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ جىمجىت

ئىكەنلىكىگە قاراپ، نېمە ئىش باركىن، دەپ مارىشاتتى، بەزىدە ئىچىگە كىرمەكچى بولغاندا، دادىسى ئۇلارنى توسۇپ، بۇ يەرگە پەقەت شاھمات ئوينىيالايدىغانلارلا كىرىدۇ، دەيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى بۇدرۇقمۇ شاھمات ئۆگىنىشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن شاھمات ئائىلىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىگە ئايلاندى. سۇشانىنا بىر رۇس ئاچقان يەسلىدىن چىققاندىن كېيىن كېيىنكى ئىككىسى كىرىپ تىل ئۆگەندى. شۇڭا ئۇچىلا قىزىم رۇسچىنى ئوبدان سۆزلەيدۇ.

بالىلار چوڭ بولغانسېرى شاھماتچىلىكتىكى ماھارىتى پىشقىلى تۇردى، لېكىن ئاۋارىچىلىكلەرگىمۇ جىق ئۇچرىدۇق. بەزىلەر ھە دېسە ئاقساقاللىق قىلىپ، سوغۇق سۇ چېچىپ، كىنايە گەپلەرنى دەپ، تىنىچ ئائىلىمىزنى پاراكەندە قىلغىلى تۇردى. بالىلارنىڭ ياخشى ئوقۇيالمايۋاتقانلىقى، روچنىڭ كۈندۈزى خىزمەتكە بارالمايۋاتقانلىقىغا قاراپ بىزمۇ سەل ئىككىلەنگەن، لېكىن ھەر ھالدا بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ ئۇ ئۆتكەلدىنىمۇ ئۆتتۈۋالدۇق. 1979 -، 1980 - يىللار بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيىن يىللار بولغان. بالىلارنى دەپ، مۇلازىمەت مەكتىپىدە رۇسچە، نېمىسچە دەرسلەرنى ئۆتتۈم، روچ كېچىلىك سمېنىدا ئىشلىدى. سۇشانناغا نېمىسچىنى مەن ئۆگەتكەن، كېيىن ئۇ بىر شاھماتچى دوستىدىن دۇنيا تىلىنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

1981 - يىلى يازدا 12 ياشلىق سۇشانناغا ھەمراھ بولۇپ ئەنگلىيىگە دۇنيا شاھمات مۇسابىقىسىگە قاتنىششقا بارماقچى ئىدىم، لېكىن مەكتەپ ماڭا رۇخسەت بەرمەي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم كېلىپ، بولدىلا، بالىلىرىمغا قاراي، دەپ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىۋەتتىم. بۇ ماڭا ئاسانغا توختىمىدى، چاغلاپ - چېنەپ ئۆي تۇتۇشقا توغرا كەلدى. بىر فورېنتنىڭ بېشىدا ئوت كۆيىدىغان بولدى. مەيلى ئاز يەپ، ئاز كىيسەكمۇ بالىلارنى ئۆزۈم تەربىيىلەي، دېدىم. مېنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىمگە

سەۋەب بولغان يەنە بىر ئىش، رومىنىيىلىك بىر شاھماتچى ئايالىنىڭ قىزى ئۆلۈۋالغانىكەن. ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆپرەك بىللە بولمىغانلىقىغا ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. گەرچە خىزمەتتىن ۋاز كېچىش ناھايىتى ئازابلىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئىرادەمدىن يانمىدىم. بىر چاغلاردا مېنىڭ ساياھەتچىلەرنى يېتەكلىگۈچى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، بەختىمگە يارىشا بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم، لېكىن مەن چەت ئەللىكلەرگە ئەمەس بەلكى قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ دۇنيانى ئايلىنىۋاتىمەن. بۇ بەكمۇ ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش.

ئەمدى ئۈچ قىزىمغا كەلسەك، سۇشاننا بەكمۇ ئوبدان قىز بولدى، قۇلىقى يۇمشاق، ھەرقانداق ئىشتا بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلار بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى جىق بولغاچقا، ئۇنى بىز تولا باشلاپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ كىچىك چاغدا بىزنىڭمۇ تازا زېھنىمىز تولۇق، قىزغىن ۋاقىتلىرىمىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەمكىنى بار، ئېغىر-بېسىق بالا بولدى. شۇنچە نەرسىلەرنى نەلەردە يۇرۇپ ئۆگىنىپ كەتتىكىن تاڭ، بەزىدە تېخى خېلى چوڭ ئىشلاردىمۇ مەندىن چوڭقۇر پىكىر قىلىدۇ. ئۇ كىچىك چېغىدا شاھماتنى تاختىسىغا قارىماي، ئويان - بۇيان قاراپ ئوينايدىغان بىر قىلىق چىقىرىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا دىققىتىڭنى يىغمايسەن، دەپ خاپا بولغان. لېكىن كېيىن قاراپ باقسام، ئۇنىڭ كۆزى باشقا ياقتا بولغىنى بىلەن، كۆڭلى شاھماتتا ئىكەن.

سۇفىيەنى تەربىيىلەش سەل قول تۇتىدۇ. ئۇ بەك سەزگۈر، كۆڭلى بىر ئىشلارغا بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ، يەنە گۈزەللىككىمۇ بەك ئېتىبار بېرىدۇ، ياسانچۇق، نەرسە - كېرەكلىرىنى سەنئەتلىك بېزەشكە ئۇستا. مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى، شاھمات تاختىسىدىمۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاياللارغا خاس گۈزەللىك ئىلمىنى

سۆزلەش ھاجەتسىز، دەپ قارايدىكەن. ئۇنىڭ ئاغزىمۇ ئىتتىك، كۆڭلىدىكىنى دەرھاللا ئېيتالايدۇ، مەكتەپتە ئىشى ئەڭ كۆپى ئاشۇ.

ئەئۇدېتامۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ. سۇفىيە بىلەن ئۇنىڭ يېشى يېقىن بولغاچقا، ئىككىسى ھەمىشە بىللە، دېيىشمەيدىغان سۆزلىرى يوق، ھەتتا تىرىنېرلارغا بولغان كۆز قاراشلىرىنىمۇ سۆزلىشىپ كېتىدۇ. مەكتەپتە ھەرقانداق بالىنىڭ ئۇنداق — مۇنداق كەمچىلىكلىرى بولىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق، كەپسىز، ئەركە. باشقا بالىلاردىن قانداق پەرقى بار، دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار باشقىلاردىن غالىب تۇرۇشنى خالايدۇ. بولۇپمۇ ئەئۇدېتا، ھەمى- مىدىن ئۈستۈن تۇرسام دەيدۇ، يېتىمەن دېگەن مەقسىتىگە يەتمەي قويمايدۇ، ئۆزىمۇ شاھمات مەستانىلىرى بولۇشقا ئامراق. سۇشانىنا سەل كەمتەر، مۇستەقىل كۆز قارىشى بولسىمۇ، سۆزلەپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ.

ئەمدى ئېرىمگە توختالسام، ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم، ئاغزى ياغلىق، لېكىن جاھىل، ئۆز سۆزلۈك. ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، ئۆيگە يېپىشىپ تۇرىدۇ، لېكىن مىجەزى كاج، بۇ جەھەتتە ئۇ مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقمىدى. مەن بۇرۇن يىلىغا ئىككى قېتىم باشقا شەھەرلەرگە بارارمىز، ھەپتە ئاخىرىدا سەيلە — ساياھەتتىن قالماسمىز، دەپ ئويلىغان. بىراق ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى دەپ تۇرۇۋالاتتى، دەسلەپتە ئۇنى چۈشىنەلمىدىم، ئۇنىڭ دېگەنلىرى- گىمۇ ئانچە كۆزۈم يەتمىدى، ھەتتا ئۇ كۆرسەتكەن پىلانىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلانغان ۋاقىتىمۇ بولدى. ئاپامۇ، بولدى، قوي، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىما، ئۇنداقمۇ جاپادا ياشىغان بارمۇ، دېدى. بىز دائىم ئالدىراشلا ئۆتىمىز، لېكىن كۆڭۈللۈك، مەزمۇن- لۇق، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ بىر چىرايلىق ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان- لىقىنى كۆرگىنىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق. مەن دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئېرىم بولغاندىكىن ئىشەنمىسەم بولماس، دەپ يۈزدە ئون — يە

گىرمە پىرسەنت ئىشەنگەن، ھازىر بولسا ئۇنىڭغا يۈزدە يۈز ئەللىك پىرسەنت ئىشىنىمەن. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، نېمىنى قىلىشنى، قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. باللاردىن قانداق نەتىجە چىقىشىنى بۇرۇنلا كۆزلەپ يەتكەن. مەن نېمىلا دېگەنبىلەن ئايال كىشى بولغاچقا، كۆڭلۈم يۇمشاق، باللارغا قاتتىق قوللۇق قىلالمايمەن، شۇڭا بۇ توپەيلى ئىككىمىز بىر-قانچە قېتىم قىزىرىشىپمۇ قالغان. باللارنىڭ تەربىيىنى ئېلىش توغرا كېلىپ قالغاندا ئۆزۈمنىڭ دېگىنىمدە چىڭ تۇردۇم. ھەر ھالدا بىز بىر - بىرىمىزنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تۇردۇق. ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك، مەن بولسام سەل سوغۇققان. شۇڭا ئۇ بەزىدە مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلاتتى. بەزىدە ئۇ بەل قويۇۋەتسە، مەن مەدەت بېرەتتىم؛ بەزىدە مەن بوشاپ كەتسەم، ئۇ ئىلھاملاندۇراتتى. مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلغىنىمىز توغرا بولدى. راست، مەن دۆلەت ئىچىدىكى ۋاقتىمىزدا ئۆيدىن ئانچە چىقمىغىنىم بىلەن، لېكىن چەت ئەللەرگە ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ تۇردۇم، بەزىدە پۈتۈن ئائىلىمىز بىلەن مۇسابىقە سورۇنلىرىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولدى. دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن يەنە ئۆينىڭ ئىشى ماڭا قاراشلىق، كىر يۇيىمەن، تاماق ئېتىمەن دېگەندەك. روچ بولسا سىرتىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. مۇخبىر، تىجارەتچىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ۋىزا بېجىرىدۇ، ئايروپىلان بېلىتى ئەكىلىدۇ، ۋەھاكازالار.

# ۋاڭ جېنجى (1940 — )

## باللار ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلسۇن

ۋاڭ جېنجى — ياپونىيە بېيسبول تەنھەرىكەتچىسى، 1958 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن گىگانتلار بېيسبول كوماندىسىغا قاتنىشىپ كەسپىي بېيسبولچى بولغان، 1962 - يىلى ياپونىيە بويىچە چېمپىيون بولغان، 19 يىلغىچە ئۆزى ياراتقان يۇقىرى رېكورتنى ساقلاپ، ياپونىيە بويىچە توققۇز قېتىم مۇنەۋۋەر ماھىر، 15 قېتىم چېمپىيون بولغان ھەمدە يۇقىرى نەتىجىلىك دۇنيا رېكورتى ياراتقان، 1977 - يىلى ياپونىيىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق گىراژدانى دېگەن شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ دادىسى ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق. ئۇ ئوغلىغا ئۆزىنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان پەزىلىتىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ جېنجىنىڭ باللار تەربىيىسىگە بولغان كۆز قارىشىمۇ ئۆزگىچە.

بالىلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشىنى مەن پۈتۈنلەي خوتۇنۇمغا تاشلاپ قويدۇم. بەلكىم ئۇ كۈنبويى ئۈچ قىزىمىنىڭ ئىشى بىلەن پۇت - قولىغا تەگمەي ئالدىراپ يۈرسە كېرەك. ئۆزۈممۇ يىلبويى دېگۈدەك ئۆيدە بولالمايمەن، شۇڭا بالىلارنى خوتۇنۇمغا تاشلاپ قويمايمۇ ئامال يوق.

شۇنداقتىمۇ يېقىندىن بۇيان تەربىيە ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولۇۋاتقان بەزى ئىشلارغا قاراپ، ئۈچ قىزنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن. ئۆزۈمچە: «ھەي، بۇ ئانىسىغىلا تاشلاپ قويىدىغان ئىش ئەمەس ئىدىغۇ!» دېگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

يېقىندىن بۇيان، مەكتەپ ھاياتىدىن ئېلىنغان «جىن با ئەپەندى»، «قىزغىن دەۋر» دېگەندەك تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ناھايىتى قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى «ناچار ئوقۇغۇچى» لار ئىشىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن بىر ئوقۇغۇچى ئاتا - ئانىسىنى تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇيەي، مەكتەپتە زوراۋانلىق ئىشلىرى كۆپىيىپ كېتىپتۇيەي، دېگەندەك، بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ ئىشلارغا مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: ئوقۇش دېگەنگە ئىچىدىن قايىنمىسا بىكار. مەيلى ھازىر مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن، ئوقۇشنى خالايدىغانلار، چوڭلار ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ، باش كۆتۈرمەي ئوقۇيدۇ، خالىمايدىغانلار بېشىدا تاياق تەڭلەپ تۇرساڭمۇ يەنە شۇ. بەزىلەر ئوقۇشنى خالىمىغان بالىلىرىنى ئوقۇشقا، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە زورلاۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا مەسىلە بارمۇ، قانداق؟

لېكىن جەمئىيەت كۆز قارىشى مېنىڭكى بىلەن تازا بىر

يەردىن چىقمايدۇ. دۇنيادا زور كۆپچىلىك ئاتا - ئانىلار، بالىلىرىمىزنى چوقۇم ئالىي مەكتەپكە چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇ ئاتا - ئانىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى، دەپ قارايدىغانلىقىدەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق مەكتەپلەرگە، بىلىم يۇرتلىرىغا چىقارغۇسى بار. لېكىن بۇنداق قىلىنسا، بالىلارغا ئازاب بولۇپ قالىدۇ.

ئەجەبا، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنىڭ ئىنكاسى ئەمەسمىدۇ؟ بەزىدە ئۆزىمىزنى بىسىم ئاستىدا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ بالىلىرىمىزنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ باقساق، بەزى ئىشلارنى سەل ئاڭقىرغىلى بولسا كېرەك.

بۈگۈنكى ياپونىيىدە ئوقۇش تارىخىغا بىر تەرەپلىمە ئېتىبار بېرىلىۋاتىدۇ. ئوبدانراق كۆپ كۆرەي دېگەن كىشى جىق ئوقۇمىسا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئويلىغاندا، بالىلارنى كۆپ ئوقۇتۇش ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەيدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش يولىدا زادى نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ ئوقۇش ھەممىنى ھەل قىلالامدۇ؟ باشقا تەرەپتىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە، بالىلارنى كۆزدە تۇتقاندا ئاتا - ئانىلار بۇ مەسىلىلەرنى دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلىنىپ باقمىسا بولمايدۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ۋە كەلمەيدىغان ئىشى بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، بەزى بالىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىغىنى بىلەن، ئۇلارنى باشقا ئىشقا سالساڭ خېلى - خېلىلاردىن قېلىشماسلىقى مۇمكىن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە بار ئىقتىدارنى يوق قىلىۋېتىش ئاتا - ئانىلاردىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشى تۈپەيلى بولۇۋاتقان ئىش بولسا كېرەك.

پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇش ئىشىنى ئۇلارنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت مەردانىلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ بۇنىڭ

دا ئاتا ـ ئانىنىڭ جەمئىيەتتىكى يۈز ـ ئابرويىنى ئۆلچەم قىلماسلىق كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلاردا مەلۇم دەرىجىدە كەڭ قورساقلىق بولمىسا بولمايدۇ.

هازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. ئىشقىلىپ، ئۇياقتا ئۆتسىمۇ ئوقۇ، بۇ ياقتا ئۆتسىمۇ ئوقۇ، دەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

جاھاننىڭ دىشۋارچىلىقىنى بالىلىرىمىز كىچىك چېغىدىلا ھېس قىلىدۇ. ئۇلارغىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇنى مەن ھەر كۈنى دەرس تەكرارلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئويۇنغا چولىسى تەگمەيۋاتقان شۇ بالىلارنى كۆرگەندە ئويلايمەن. ئەسلىدە بالىلارنىڭ تەبىئىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزىقىش ۋە شوخلۇقتىن چاقناپ تۇرۇشى كېرەك ئەمەسمىدى؟...

بالىلار ئەسلى بوران، يامغۇردىن قورقمايدۇ. هازىر قىزىق ئوچاقنىڭ ئالدىدىمۇ شۇمشىيىپ، سوۋۇتۇلغان ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆزىچە قىزىغاندەك بولۇپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ هالىغا قارىساق، ئۇلارنىڭ نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز.

مەن كىچىكىمدە ئەركىن ئۆسكەن، تولۇق ئوتتۇرىغا چىققىچە بېيسبول چولپىنى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغاچقا، بالىلارغا خاس تۇرمۇشنى باشتىن جىق ئۆتكۈزمىگەن دېسەممۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاكامنىڭ «ئوتتۇرغان تەرەپنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئويلاپ قوي» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇتۇۋالسامۇ كېرىلىپ كەتمەيدىغان، ئەتراپتىكىلەرنىڭ، پېشقەدەم كوماندا ئەزالىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭلاشقا، راست گەپنى قىلسام، كۆڭلىدە نېمە بولسا ساددىلىق بىلەن دەۋېتىدىغان دوستلارنى كۆرسەم، ئۆزۈمچە ھەۋەس قىلىپ كېتىمەن. لېكىن مەن ئۆزۈم خالىغان يولنى تاللىغاچقا، بېشىمغا ھەرقانداق كۈن كەلسە چىداپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب بولۇپ كەلدىم. بۇ مەندە

ئۆز - ئۆزۈمگە قارىتا بىر ئىشەنچ پەيدا قىلدى. ناۋادا مەن ئۆزۈم ئۆچ كۆرگەن يولدا ماڭغان بولسام، قانداق بولاتتى؟ بۇنى ئويلىسام، بەدىنىم ئىختىيارسىز تىكەنلىشىپ كېتىدۇ.

خالىمىغان بالىنى ئوقۇشقا زورلاۋېرىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. مەن ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولغاچقا قورقماي مۇشۇنداق دەۋاتىمەن. ئەگەر مەندە بېيسبول ئويناش ئىقتىدارى بولمىغان بولسىدى، مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم ئادەتتىكىدەك ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئائىلەمدىكى مەندىن باشقا ھەممىسى ئايال زاتى، ئەر زاتىدىن پەقەت بىر مەنلا. مۇمكىن بولسا، ئۇلارغا ئەرلىكنىڭ ۋە ئەركەك زاتىنىڭ نېمىلىكىنى بەكمۇ چۈشەندۈرگۈم كېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئوغلۇم بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلدۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق يېتەكچىلىك قىلغان بولاتتىم.

ئوغۇل بالا ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلسىمۇن دەيدىكەن، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدۇ ھەم ئاتا - ئانىسىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جەسۇر ئەزىمەت بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ.

ئوغۇل بالىنى تەربىيىلەيدىغان زېمىن كەڭرەك بولۇشى، ئۇلارنى جاپا تارتقۇزۇش لازىم. ئوغۇل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىدىغان، كۈرەش قىلىدىغان جايى ھەرگىز «ئىمتىھان» مەيدانىدىن ئىبارەت كىچىككىنە دائىرە ئەمەس.

ئوغۇل بالىنىڭ زىممىسىگە ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا ماڭىدىغان يولىنى ئېچىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئوغۇل بالىنىڭ خىزمىتى پەقەت كۈرەش قىلىشلا.

لېكىن، بۇ گېپىمنى ئاڭلىسا، بەزىلەر: «ئوقۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشنىڭ ئۆزىمۇ كۈرەشقۇ» دېيىشى مۇمكىن. بىراق مەن، ئۇ كۈرەش ئەمەس، دەيمەن. چۈنكى، ئىمتىھاندىن ئىبارەت بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىپ، ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپكە كىرىشنىڭ

ئۆزى ھەرگىز كۆرەشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئىشنىڭ باشلىنىشى، خالاس.

ھەربىر بالىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئۆزگىچىلىكى، باشقىلاردىن ئاز - تولا پەرقلىنىدىغان ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ھېچنېمىنى قاملاشتۇرالمايدىغان بالا يوق. بۇ يەردىكى مەسىلە كىمنىڭ نېمىگە باب ئىكەنلىكىدە. بۇ ئۇيغۇنلۇقنى تاپىدىغىنى ئاتا - ئانىمۇ ئەمەس، ئوقۇتقۇچىمۇ ئەمەس، بەلكى شۇ بالىنىڭ ئۆزى.

ئاتا - ئانا ئۇچۇن بالىغا زادى ئۆزىنىڭ نېمە ئىشقا باب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان شارائىتنى يارىتىپ بېرىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىشى پۈتۈنلەي شۇ بالىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق، ئاتا - ئانىسى يەنە ئارىغا قىسىلىۋالمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بالىغا كېرەكلىك ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدىكى خىراجەت يەنىلا تەمىن ئېتىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئاتا - ئانا بالىنىڭ غۇرۇرىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، ئۇنى مۇۋاپىق ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. مانا مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇشۇ.

بىراق، شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىمكى، بالا پەقەت ئاتا - ئانىنىڭ ئارزۇسى بويىچىلا تەرەققىي قىلمايدۇ، بالا مەڭگۈ بالا بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان ئىش يوق. ئوقۇپ تولۇقسىزنى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ سىزغان سىزىقىدا ماڭغۇزىمىز دېسەك، ئۇلارغا زورلۇق قىلىپ قويغان بولىمىز.

لېكىن بالىلار قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ، ئاتا - ئانىلار يەنىلا ئۇلاردىن ئەنسىرەپ يۈرىدىغان بىر ئىش بار.

مېنىڭ داداممۇ شۇنداق. مەن 40 ياشقا كىرگەن بولسامۇ، ئۇ مەندىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ خىزمىتىمدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە خاتىرجەم بولالمايدۇ، ھالبۇكى، تۇرمۇشقا تۇت-

قان يولۇمغا قىلچە چاتىقى يوق. چۈنكى مەن دادامنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، ھەرقانداق ئىشتا جاننى تىكىپ قويۇپ ئىشلەيدىغان خاراكتېرىمنى ۋە تۇرمۇشتا تۇتقان يولۇمنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم بولغان بولسا، مەنمۇ دادامغا ئوخشاش، ئاز - تولا ئەندىشىدىن خالىي بولالمىسام مۇ، يەنىلا ئۇنى ئۆزى ياقتۇرغان ئىشقا سالغان بولاتتىم.

ئەگەر ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقمايلا بېيىسبولغا ھېرىس بولۇپ قالسا، بوپتۇ، دەپ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتىم. بالا ئۆزىگە بىر نىشان تىكلىگەنىكەن، ئۇنى چەكلىمەسلىك، ئەركىن قويۇپ بېرىش كېرەك. كېيىنكى ئىشلارنى بالىلار ئۆزى ئويلايدۇ، ئۇلار چوقۇم ئۆزى تاللىغان يول بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا يول قويمىسا، بالىلار بۇ دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئادەم ئىشەنچ ئارقىلىق ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

# يوبروس (1937 — )

## دادامدىن ئالغان ئىلھام

يوبروس — ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق كارخانىچىسى، 1984 - يىلدىكى لوس - ئانژېلېس ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ھەم تىجارەتچىسى، ئىللىنوئىس شتاتىنىڭ ئېۋېنىستون شەھىرىدە تۇغۇلغان، دەسلەپكى چاغلاردا «يولۇچىلارغا مەسلىھەت بېرىش شىركىتى» نى قۇرغان، 1972 - يىلى 1 مىليونغا يېقىن دوللار چىقىرىپ «ۋېنفوست ئەپەندى» مېھمانخانىسىنى سېتىۋېلىپ، كېيىن ئۇنىڭ نامىنى «بىرىنچى ساياھەت» مېھمانخانىسىغا ئۆزگەرتكەن. بۇ ئامېرىكىدا قاتناش شىركىتىنىڭكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ مېھمانخانا. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئامېرىكىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىي ساھەسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر كىشى» دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن. 1984 - يىلى لوس - ئانژېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ھۆددىگە ئېلىش جەريانىدا «خالىس قاتناشقۇچى» روھىنى نامايان قىلىپ، شۇ قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى مالىيە جەھەتتىن مىسلىسىز زور نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا داڭق چىقارغان.

دادامنىڭ ھەمىشە قېلىن ـ قېلىن قامۇسلارنى داستىخانغا ئەكىلىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ھەر ئاخشىمى بىرەر قامۇس ياكى گېزىتتىن مەلۇم مەزمۇننى تاللاپ، بىزگە ھەر خىل تېمىلار بويىچە ئەقىل سىناش سوئاللىرىنى چىقىرىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ قويغان سوئاللىرى ئائىلىمىزدە قىزغىن مۇنازىرە قوزغايتتى، بۇ ئارقىلىق بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى قانداق قىلغاندا توغرا شەرھلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالاتتۇق. دادام بەزىدە بىز بىلەن تەڭ مۇنازىرىلىشەتتى، بەزىدە بىزنى كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ قالاتتى. ماڭا ئوخشاش تېخى تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ ئۇقىدى-غان نەرسىلىرى ناھايىتى چەكسىز بىلىنەتتى.

دادام ئەزەلدىن تەنتەربىيىگە قىزىقمايتتى، ھالبۇكى مەن ئۆسمۈر چاغلىرىمدا تەنتەربىيىگە بەك قىزىقاتتىم. تولۇق ئوت-تۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇ مېنىڭ ۋاسكېتبول ئوينىغانلى-قىمنى بىر قېتىم كۆرگەن. ئۇ «ب» دەرىجىلىك كوماندىلار مۇسابىقىسى ئىدى. ئۇنىڭغا كول ئۇنى مەجبۇرىي ئاپىرىپتىكەن. مەن كوماندىنىڭ يېڭى ئەزاسى، يەنە كېلىپ ئارقا مۇداپىئە-چىلەرنىڭ تۆتىنچىسى ئىدىم. كول بىرنەچچە ئارقا مۇداپىئەچى يارىلانغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ مەيدانغا چۈشىدىغانلىقىمنى بې-لەتتى. مەن تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا يەنە بىر ئارقا مۇداپىئەچىنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتتى. بۇ مېنىڭ پۈتۈن مەيدان مۇسابىقىگە باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىدى-غانلىقىمدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ كۈنى مېنىڭ ئامىتىم ئوڭىدىن كەلدى، ئوتتۇرا يولدىكى ھۇجۇمچىغا توپنى ئېتىپ بەرسەم، توپ ئېگىز چىقىپ كېتىپ ئۇدۇللا گارغا چۈشتى. مەن 12 نومۇر ئېلىپ بەردىم. مۇسابىقىدىن كېيىن دادام ماڭا: «ئوب-دان ئوينايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم» دېۋىدى، خۇش بولۇپ كېت-

لىپ كەتتىم. بۇ گەپنىڭ دادامدەك ئاغزى قاتتىق كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى، مەن ئۈچۈن ناھايىتى زور مۇكاپات ئىدى.

دادام ئىنتېرناتسىئونالىزمچى ئادەم، بىزدىن دائىم دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سان - فرانسىسكودا تۇنجى قېتىم يىغىن ئاچقاندا ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ھەم بىزگە ب د ت نى نېمە ئۈچۈن خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ۋارىسى دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى، نېمىشقا ب د ت نىڭ مەيدانغا چىققىنى دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن بىرىنچى مۇھىم قەدەم بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. گەرچە ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، سۆزى ئاشكارا سىياسىيونلارنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارنىڭ قايسى پارتىيە - گۇرۇھقا تەۋە ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. شۇڭا ئۇ خاررى ترۇمېننى قوللىغان.

ئۇ ئەزەلدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتىگە بولغان مەستانىلىقىنى سۇسلاتالىغان ئەمەس. ئۇ ھەمىشە ماشىنىسىنى ئۆيىمىزگە يېقىن يەردىكى دېڭىز قولتۇقى تاشيولىنىڭ ياقىسىغا توختىتىپ، پاراڭلاشقاچ، فان ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ كروپپا سۇ ئۈستى ئايروپىلانىنىڭ سۇ يۈزىگە قونۇۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇ بىزگە ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنىڭ ھامان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى باشقا قاتناش قوراللىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى زېرىكمەي چۈشەندۈرەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى. مەن ھېلىھەم دادامنىڭ شۇ سۆزلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.

ئۇ بىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىلىرىمىزگە ئارىلىشىۋالمايتتى، پالانى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيسەن، دەپمۇ زورلۇق قىلمايتتى. ھەمىشە بىزگە: «نېمە ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭلار تال

لاڭلار» دەيتتى، ماڭمىدىغان يولنى ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا يول قوياتتى، «كونكرېت مەۋقەيىڭلارغا ئۆزۈڭلار ئىگە بولۇشىڭلار كېرەك، — دەيتتى ئۇ، — چۈنكى بۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تۈپكى ئاساسى».

بىرقانچە يىللاردىن كېيىن مەن فىللى ـ مورس شىركىتىدىن يازلىق خىزمەت تېپىپ ئۇلارنىڭ تايانچلىق خىزمەتچىسى بولۇپ قالدىم. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئاشۇ بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

# سوفىيە روللان (1934 — )

## ئانىلىق گۈزەللىك مېھرىبانلىقتا

سوفىيە روللان — ئىتالىيىنىڭ كىنو ئارتىسى، 14 يېشىدا «نېئاپول گۈزەللەرنى تاللاش مۇسابىقىسى» دا «ئوكيان مەلىكىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، 15 يېشىدىن تارتىپ كىنو ئارتىسلىق ھاياتىنى باشلىغان، 1954 - يىلى «نېئاپول ئالتۇنى» دېگەن فىلىم بىلەن بىراقلا داڭق چىقىرىپ، كېيىن «ئىككى ئايال» (1961 - يىلى گانا خەلقئارا كىنو بايرىمىدا ئەڭ ياخشى ئايال ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، «ئىتالىيىچە توي» (1965 - يىلى موسكۋا خەلقئارا كىنو بايرىمىدا ئەڭ ياخشى ئايال ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) قاتارلىق كىنولاردا باش رول ئالغان. 1966 - يىلى كومېدىيە پېرى چاپلىن بىلەن بىللە «شياڭگاڭدىكى گراف ئايىم» ناملىق كىنودا باش رول ئالغان، شۇ يىلى گانا خەلقئارا كىنو بايرىمى باھالاش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

سوفىيەنىڭ ئىككى قېتىم بويىدىن ئاجراپ كەتكەن، بىر قېتىمقى تۇغۇتى قىيىن تۇغۇت بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئانا بولۇشقا قارىتا ئۆزگىچە چوڭقۇر ھېسسىياتى بار.

شۋېتسارىيە مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمنىڭ ئوتتۇزىنچى ھەپتىسىنىڭ ئاخىرىدا مېنىڭ تۇغىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. كەچتە دوختۇر ۋوتۇېر كېلىپ، ماڭا ئەتىگەن سائەت ئالتىدە بىر پىكاپ مېھمانخانىنىڭ تانسىخانىسى ئالدىغا كېلىپ، مېنى سۈرەتچى مۇخبىرلارغا كۆرسەتمەي ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئەكېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۇغۇتۇم ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بولىدىكەن، پۈتۈن ئوپېراتسىيە چۈشلۈك تاماق مەزگىلىگىچە ئاياغلىشىدىكەن. مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن پەيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ كېچىسى ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇخلىيالمىدىم. بىر قارىسام ئويلىغانلىرىم شۇنچە جىق، يەنە بىر قارىسام ھېچنېمە ئويلىمىغاندەك. لېكىن بىرلا خىيال — ئۇن ئاي قورساق كۆتۈرۈۋېتىمەن، بالامنى ساق - سالامەت تۇغالارمەنمۇ، دېگەن ئەندىشە مېنى چىرمىۋالغانىدى.

شۇ كۈنى كېچە ۋە ئەتىسى ئەتىگەندىكى ئىشلار خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا كۆز ئالدىمدا: مېھمانخانا زالىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كەتكەنلىرىم، تاڭ ئېتىش ئالدىدا ھېلىقى ماشىنىنىڭ كىرگەنلىرى، دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق كېسەلخانىلىرى... شۇ چاغدا تۇغۇتۇمنى كۈتۈپ جىم ياتاتتىم، تۇيۇقسىزلا يېنىمدىكى ئۆيدىن بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆز بوۋىقىمنىڭ ئاشۇنداق يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەنغۇ دەپ ئويلاپ، بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم، شۇ چاغدا، ئاشۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قانچىلىك ساقلىسامۇ مەيلى، ھەرگىز ئالدىرىمايمەن، ئىشقىلىپ بالامنى ساق - سالامەت تۇغۇۋالسام، ئۇ ماڭا نېسىپ بولسا بولىدى، دەپ ئويلاپ كەتكەنىدىم.

بۇ مېنىڭ ئانا بولۇش ئالدىدىكى ھېسسىياتىم ھەم بالام-

نىڭ دۇنياغا كېلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. قورساق كۆتىرۈش بىر ئىش، ئانا بولۇش يەنە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى مەن شۇ چاغدىلا ھېس قىلغانىدىم.

ئايال كىشى تۇغۇتنى كۈتۈۋاتقان چاغلىرىدا تېخىمۇ چىداملىق، قەيسەر بولۇپ كېتىدۇ، رېئاللىقتا توغرا قارىيالايدۇ. تۇغىدىغان ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ پۈتۈن پىكرى، دىققىتى تۇغۇتقا مەركەزلىشىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىشەنچ بىلەن تۇتىدۇ. تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا، غەيرەت ۋە چىدامچانلىققا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. ھامىلىدارلىق ۋە تۇغۇت مەزگىلىدە توپلىغان تەجرىبىلىرىنى بۇ چاغدا قانداقتۇر ئەرزىمەس نەرسىدەك ھېس قىلىدۇ (ھەتتا ئۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، ئۇنتۇيدۇ). ئۇ ئانا بولغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭغا ئانىغا خاس ئەقىل ۋە كۈچ - قۇدرەت كېرەك - تە.

مەن شۇنىڭغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىمەنكى، ئانا بولۇش مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپە، ئۇنىڭدىن ئالغان لەززەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى ھېچنېمىگە، ھەتتا ئۇسكار مۇكاپاتىغىمۇ تەڭ قىلمايمەن. ھەربىر ئايالنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر ئارزۇسى بولىدۇ: بەزىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي تۇتقۇسى، بەزىلەرنىڭ ئۆزىنى خىزمەتكە ئاتىۋەتكۈسى، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا بېغىشلىغۇسى كېلىدۇ. لېكىن مېنىڭ ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان بىرلا ئارزۇيۇم — ئانا بولۇش.

ئېغىرئاياغ بولغاندىن كېيىنلا مېنىڭ خىزمەتكە بولغان كۆز قارىشىم سۇسلاشقان. قورسىقىمدىكى بالىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىم. ئەگەر زۆرۈر بولسا، بالام ئۈچۈن خىزمەتتىن ۋاز كېچىشكىمۇ تەييار ئىدىم. ئەگەر بۇ كۆز قارىشىم زامانغا ماسلاشمايدۇ، دەپ قارالسا، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. مېنىڭچە، بوۋاق بالا مۇمكىنقەدەر ئانىسى بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك.

ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى بالىغا بولغان چەكسىز، ھالال كۆيۈنۈشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. دەل مۇشۇنداق چوڭقۇر مېھرىبانلىق بالىدىن ئىبارەت كىچىككىنە ھاياتلىق ئىگىسىنى قانات ئاستىغا ئالالايدۇ. ئەگەر بالىلىق ئەسلىمىلىرىڭىز كۆيۈمچان ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا غەمسىز ئۆسكەن چاغلىرىڭىزدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنى يېڭىباشتىن ئويغىتالىسا، دېمەك، سىز بەختلىك ئادەم؛ ئەكسىچە، بالىلىق ئەسلىمىلىرىڭىز قورقۇنچلۇق چۈشتەك ۋەھىمە ۋە ئۈرۈندى - سوقۇندىلىق ئازابىغا تولغان بولسا، سىز ھەتتا ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندىمۇ ھەقىقىي خاتىرجەملىك ۋە بەختنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز.

راست گەپنى قىلسام، بۇ دەۋاتقان گەپلىرىمنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپمۇ كېتەلمەيمەن. ھازىر نۇرغۇن ئاياللار تۇغۇتتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىزمەتلىرىگە كېتىپ بارىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تېتىك، خۇشال چوڭ بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئىلاھىم، مېنىڭ كۆز قاراشلىرىم ۋاقتى ئۆتكەن كۆز قاراش بولۇپ قالغاي. لېكىن ئىشتىن چۈشۈپ بىرنەچچە سائەتلا بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كۇنبويى بالىلار بىلەن بىللە بولۇشتىن ئالغان راھەتنىڭ ئورنىنى تامامەن باسالايدۇ، دېگەننى ئېتىراپ قىلىمەن، دېسەم، ئۇنداقتا يالغانچىلىق قىلغان بولىمەن.

ئەگەر سىزمۇ مەندەك ئويلاپ، بالىلىرىڭىز بىلەن بىللە بولۇشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلسىڭىز، ھەرقانداق ئەندىشىدىن ئۆزىڭىزنى نېرى قىلىڭ، خەقلەر سىزنى، ۋايىيەي، بالىغا دادى قۇرۇپ كەتكەن دېسە دەۋەرسۇن! نىيەت قىلغان ئىشىڭىزدىن يانماڭ، بالىلىرىڭىز بىلەن قانغۇچە ئويناڭ، كۈلۈڭ! ئۆيدە كۆڭلىڭىزنى بۆلمەي ئانا بولۇپ يۈرۈۋەرسىڭىز، بالىلىرىڭىز ھامان سىزنىڭ ھالىڭىزغا يېتىدۇ، ئۆيىڭىزنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

مەن شۇنداق قارايمەن: ئانىلىق گۈزەللىك مېھرىبانلىقتا.

# لېۋ. تولستوي (1828 — 1910)

## پەرزەنتلەر نەزەرىدىكى ئاتا

لېۋ تولستوي — روسسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، موسكۋاغا يېقىن جايدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، قازان داشۆسىدىن چېكىنگەندىن كېيىن ئارمىيىگە كىرىپ قىرىم ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ھەربىيلىكتىن چىقىپ، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلغان ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق يانچىلارنى ئازاد قىلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يانچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن، 1905 - يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ قالايمىقان ئۆلۈم جازاسى قوللانغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق رومانلىرى، «بىر پومېشچىكنىڭ سەھىرى» دېگەن ھېكايىسى، «كازاكلار» دېگەن پوۋېستى، «زۇلمەتلىك كۈچلەر» ناملىق سەھنە ئەسىرى بار.

مەن ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، ئوخشاشلا ئاتامنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ھازىر بىز پەرزەنتلەر نەزەرىدىكى ئاتامنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.

ئاتام ئۆز ئېلكىدىكى يەرلەرنىڭ ئىشى بىلەن ھەر كۈنى ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن بىزگە غەمخورلۇق قىلىشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارغان ئەمەس.

ئاتا ـ ئانام 1822 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇلدا توي قىلغان. توي مۇراسىمى موسكۋا ئەتراپىدىكى كايانوپ چېركاۋىدا ئۆتكۈزۈلگەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ئۇلار مۇھەببەتلەشمەي توي قىلغان. لېكىن ئۇلارنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئىنتايىن بەختلىك بولغان، تۆت ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئاتام قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلىسىگە ياردەم بېرىش ئورگىنىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ياسنايا پوليانادا مالىيەنى تۈزەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاتام ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكەنبوۋامغا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان يول تۇتۇپ، ئىقتىسادـ چانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.

1824 ـ يىلى ئانامنىڭ دادىسى ياسنايا پوليانادا سالدۇرـ غان ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىنا پۈتكەن.

بەش يىلدىن كېيىن ئاتا ـ ئانامنىڭ نامىدىكى بۇ بىنانى سېتىۋېتىپ، دادىسى قەرز تۆلەش ئۈچۈن نىكولاي بېيشېنسكىيغا سېتىۋەتكەن چوڭ زېمىننى قايتۇرۇۋالغان.

قىسقىسى، شۇ چاغدا ئاتامنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئاجىزـ لىشىپ كەتكەن تولستوي جەمەتىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىكەن.

مەن «بالىلىق دەۋر» دېگەن كىتابىمىكى «ئاتام قانداق

ئادەم ئىدى» ناملىق ماقالەمنىڭ بېشىدىلا مۇنداق يازغانىدىم: «ئۇ بويى كېلىشكەن، تەمبەل ئادەم ئىدى، ئەجەبلىنەرلىكى، يول ماڭغاندا قەدىمىنى ئۇششاق ئالاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ قويىدىغان بىر غەلىتە قىلىقى بار ئىدى، كىچىك كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، بۇرنى يوغان، ئىلمەك بۇرۇن ئىدى، ئاساسەن سىپتا كەلگەن لەۋلىرى ھەمىشە يۇمۇلۇپ تۇراتتى. گەپ قىلغاندا سەل خىڭىلداپ سۆزلەيتتى، بېشىنىڭ چوققىسى تاقىر ئىدى. مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ئاتام مۇشۇ.»

گېپى يۇمشاق بولغاچقا، ئۇنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرەتتى، مەيلى قېرىلار مەيلى ياشلار بولسۇن، ئاتاقلىق زات، ئالىملار بولسۇن، ھەممىسىلا ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە تەشنا بولغۇچىلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئۇ كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىنى، ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلەتتى.

ئاتام ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن بولغاچقا، جىمى سابىق ھەربىيلەرگە ئوخشاش، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن قولىشالمايتتى، شۇ چاغدا مودا بولغان سيورتۇكلارنى كىيسە، خۇددى يۈزىگە پەرداز قىلىۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئازادە كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق ئىدى.

ئاتام پىئانىنوغا ئۇستا ئىدى، ئاتامۇ مۇزىكىغا ئامراق ئىدى، لېكىن بېتخوۋېننىڭكىگە ئوخشاش، ئادەمنى مۇڭگەدىتىپ قويىدىغان مۇرەككەپ مۇزىكىلارغا خۇشى يوق ئىدى. ئۆزى چالالايدىغان كىچىك مۇزىكىلار بىلەن ھەپىلىشەتتى، بەزىدە دوستلىرى ئىشلىگەن رومانتىك مۇزىكىلارنى، سىڭگانلارنىڭ ناخشىلىرىنى، ئوپېرا كۈيلىرىنى دىمىغىدا غىڭشىپ ئېيت-

دىغان ئادىتى بار ئىدى.
مەن ئاتامنىڭ دىنىغا قارشى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇنى ئومۇمەن دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك دېيىشكە بولاتتى.
ئاتام ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئىگىدارچىلىقىدىكى جىق يەرلەرنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرۈپمۇ، كىتاب خۇمارلىقىنى تاشلىغان ئەمەس. ئۆيىمىزنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كۇتۇپخانىدا فرانسىيە كلاسسىك ئەدەبىياتى، روسىيە ئەدەبىياتى، تارىخ ۋە پەن - تېخنىكىغا ئائىت كىتابلار ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى.
بەزى بايلار كىتاب بىلەن خۇشى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى مەلۇماتلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن جاھازلىرىنى كىتاب بىلەن بېزىۋېتىدۇ. لېكىن ئاتام ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئالدىنقى قېتىم ئالغان كىتابلىرىنى ئوقۇپ بولماي تۇرۇپ، يېڭى كىتاب ئېلىشنى توغرا كۆرمەيتتى.
ئاتام تەزكىرە ئەدەبىياتى ۋە شېئىرلارنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ئاتىمىزدىن دائىم شېئىر، ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتۇق. ئاتام ھەممىدىن بەك روسىيە مىللىي شائىرى پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىغا ئامراق ئىدى.
ئاتام پۇشكىن شېئىرلىرىنى ئاۋۋال ئۆزى دېكلاماتسىيە قىلاتتى، ئاندىن بىزگىمۇ قىلغۇزاتتى.
ئاتام بىزگە رەسىم سىزىشنى ئۆگىتەتتى، بىز ئۇنىڭ ئۆگىتىشىگە بەك ئامراق ئىدۇق. ئەلۋەتتە، ئاتام رەسسام ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى بىزگە ھەرقانداق رەسسامنىڭكىدىنمۇ ئېسىل بىلىنەتتى.
ئادەتتە ئاتام بىزگە رىۋايەتلەردىكى مەشھۇر قۇش «قىقنۇس» نىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دېڭىزدا

ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان، بىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغان پار كېمىسىنىڭ سۈرىتىنى، موسكۋانىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا ئائىت سۈرەتلەرنى، بەزىدە دەريا ياقىسىغا ماكانلاشقان قۇندۇزنىڭ رەسىمىنى سىزاتتى. ئاتام مانا مۇشۇنداق سەۋرچان، بىلىملىك ھەم بالىلىرىغا كۆيۈمچان ئادەم ئىدى.

1837 - يىلى شۇم تەقدىر ئەسلىدىمۇ ئانىسىز، بوييۇن قىسىپ قالغان بىز نارەسىدىلەرنى بۇ ئاتىمدىن ئايرىۋەتتى. بۇ چاغدا مەن ئەمدىلا توققۇز ياشتا ئىدىم.

ئاتام ترا شەھىرىگە مۇھىم ئىش بىلەن كېتىۋېتىپ، يولدا ئاغىنىسى تىمىيىشېۋنى يوقلاپ ئۆتمەكچى بولغاندا تۇيۇقسىز ھوشىنى يوقىتىپتۇ.

ئۇ ئالەمدىن مۇشۇنداق كۆز يۇمدى. ئاڭلىساق سەكتە بولغان ئوخشايدۇ، لېكىن بەزىلەر ئۇنى كاتىپى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن، دېيىشىدۇ، چۈنكى ئاتامنىڭ يېنىدىكى پۇل يوقالغان، ئۇنى كىم ئالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. كېيىن قانداقتۇر بىر قەلەندەر ئايال دادامنىڭ نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى كۆتۈرۈپ موسكۋا ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ئېشقىلىپ بۇ ئىشتا بىزنىڭ جىق گۇمانىمىز بار.

بىز ياسنايا پولنايادا ئۇزۇن تۇردۇق، كېيىن ئاكام نىكولاي بىلەن سېرگېينىڭ ئوقۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ موسكۋادىكى ھاممىمىزنىڭ ئۆيىگە كۆچتۇق. ئەلۋەتتە، ياسنايا پولنايادىكى ئۆيلىرىمىزنى ساتقىنىمىز يوق، ھېلىغىچە ساقلاقلىق.

ئاتامنىڭ جەسىتى ياسنايا پولناياغا دەپنە قىلىندى. ئۇ چاغدا مەن كىچىك بولغاچقا دەپنە قىلىشقا قاتناشمىغان، شۇڭا ئاتامنىڭ ئۆلگەنلىكىگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ئاتام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ھەر قېتىم موسكۋا كوچىلىرىدا ماڭسام، ماڭا ئاتام خۇددى ئۇدۇلۇمدىن كۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا ئۆز - ئۆزۈم بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىمەن:

— ياق، ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن!

— ياق، ئاتام ئۆلمىدى، ئۇ تېخى ھايات!

# ساچېر خانىم (1925 — )

## مېنىڭ پاناھگاھىم

ساچېر خانىم — ئەنگلىيە تارىخىدىكى تۇنجى ئايال باش مىنىستىر، گلانزمدىكى مەلىچمال سودىگەرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئوكسفورد داشۆسىنىڭ خىمىيە كەسپىنى تاماملىغان، كېيىن ئادۇوكات بولغان؛ 1959 - يىلى دۆلەت پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىككىنچى ئەمەلدارى، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بولغان، 1979 - يىلى مايدا باش مىنىستىرلىككە تەيىنلىنىپ، 1983 - يىلى ۋە 1987 - يىلى يەنە ئۇدا ئىككى قېتىم باش مىنىستىر بولغان.

ساچېر خانىم سىياسىي ساھەدە ناھايىتى قاتتىق قول بولغاچقا، «تۆمۈر ئايال» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىدە ناھايىتى مېھرىبان ئانا. ئۇ ئائىلىسىنى پاناھگاھىم، دەپ قارايدۇ، مۇمكىنقەدەر ۋاقىت چىقىرىپ پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ.

تـوي قىلـىپ ئـىككـى يىلدىن كېيىن، 1953 - يىلـى ئاۋغۇستتا مەن بىرى ئوغۇل، بىرى قىز قوشكېزەك تـۇغـدۇم، ئوغلۇمنىڭ ئىسمى مارك، قىزىمنىڭ ئىسمى كالور.

مېنىڭ كۆزۈم يورۇغان كۈن دۆلـىتىمىز چـاۋغـان توپ مۇسابىقىسىدە زور مـۇكـاپـاتقـا ئېرىــشكەن كۈن ئىكەن، ئۇ كۈن ھەقىقەتەن ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ شەنبـە كۈنى ئىدى. ئېرىم نەلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكىن، ئۇنى ھېچنـەدىن تېپىشال ماي، قـوشـكېزەكلىرىمنى تۇغۇشۇم سـەل كەينىگـە سۈرۈلۈپ كەتتى بولغاي. ئاردىن تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئادۆۋ- كاتلىق كەسپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانىغا قـاتنىشىپ ئادۆۋ- كاتلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتىم. ئۇ چاغدا مەن، ھازىر بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالمىسام، بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت چىقماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئىمتىھانـىغا قاتناشقان. بـۇ مېنىڭ ئىرادەم ئۈچۈن بىر سىناق ئىدى، ئەگەر بۇ تىرىشچان- لىقنى قىلمىســام، ھـەقىقەتـەن تۇگىشەتتىم. شۇڭا بۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىشىم مەن ئۈچۈن ھەقىقەتـەن بىر چـوڭ سىناق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا بالىلىرىم بەكمۇ كىچىك. ئۇلارنى ئېــمــتــىش كـېرەك، زاكـا - پاكىلىرىنى يۇيۇش كېرەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئوڭايمۇ؟! ھېلىمۇ تەلىيىمگـە، قارىشىپ بېرىدىغان ئادىمىم بار ئىكەن.

قوشكېـزەكلىرىمنـى تۇغۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا قىزىقار- لىق تۇيۇلغان ئىش شۇ بولدىكـى، ئىككى بـالىنىڭ مىجـەزى تـۈپتـىن ئوخشـىماي قـالدى، تۇغۇلغاندىلا شۇنداق، تۈپتىن ئوخشىمايدىغان چىقىپ قالدى. قوشكېزەكلەر بىر - بىرىگە، بىر بولسا، پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىكـەن، بىر بـولـسـا، قـۇيـۇپ قويغاندەك ئوخشـايدىكـەن، بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولغاچقا، پۈتۈنلەي ئوخشــىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، پەرقى ھامان

چوڭ بولىدۇ، مارك بىلەن كالورمۇ شۇنداق. ئۇلار ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەندە مەن ئادۋوكاتلىق ھاياتىمنى باشلىدىم. ئۆيۈم يېقىن بولغاچقا، ئادۋوكاتلىق قىلىدىغان ئىدارەمگە 20 مىنۇتتىلا بارالايتتىم. شۇڭا زۆرۈر بولسا دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىم بار ئىدى.

مېنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايدىغان ۋاقىتلىرىم جىق ئىدى. ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويمايتتىم. ھېس قىلىشىمچە، ئەگەر بالىلىق بىر ئائىلىنىڭ ئۆيى لوندوننىڭ سىرتىدا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلسا، كۈنلەپ - كۈنلەپ باللىرى بىلەن بىللە بولالمايدۇ. بۇ تولدۇرۇپ بولغۇسىز ئېغىر زىيان - دە. باللىرىڭىز ئۇششاق ۋاقتىدا، ۋاقتى - قارارى بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. باللىرىڭىز كۈندىلىك ئىشلىرىڭىزنى بىر قانۇنيەتكە سېلىپ قويىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم باللىرىمنى قېيىن ئانام بىلەن بىللە قالدۇرۇپ سىرتقا ئىككى ھەپتىلىك خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنىدىم. قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆزۈمگە كۆندۈرۈشكە تولۇق بىر كۈن كەتتى. بۇ ئىش مېنى بەك چۆچۈتىۋەتكەن.

مەن باللىرىمغا زىيادە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالمايمەن. ھەر ئىش چېغىدا بولغان ياخشى. باللارنى ھەق - ناھەقنى پەرق قىلىدىغان، ئىنتىزامغىمۇ سەل دىققەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم، لېكىن ئىنتىزام ئۈچۈنلا ئىنتىزامنى تەكىتلەيدىغان ئىش قىلماي، بۇنىڭ پايدا - زىيىنىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. باللارنىڭ سوئال سوراپ زېرىكمەيدىغان ئادىتى بار، بۇنىڭغا قارىتا سەۋرچان بولۇپ، سوئاللىرىغا مۇمكىنقەدەر جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنى قانائەتلەندۈرۈش كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلار باللىرى بىلەن كۆپ

پاراڭلاشمايدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى مۇھىم يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە مەن بەك تەلەيلىك. باللارنى بېقىشقا قارىشىپ بېرىدىغان ئادىمىم بار. ئۇ ماڭا باللار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇلار يۇيۇنغان چېغىدىمۇ پاراڭلىشىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىپ تۇردى. ئەلۋەتتە، ئانىنىڭ ئىشى ھەمىشە ئالدىراش بولىدۇ، يۈكى ئېغىر، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا ئامال بار ۋاقىت چىقىرىش كېرەك. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن تارتىپ كەچتە يۇيۇنۇپ ئۇخلىغۇچە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش كېرەك. لېكىن بۇنى ھەممىلا ئانا قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، سىزنىڭ ئۇلار بىلەن قانچىلىك بىللە بولۇشىڭىزدا ئەمەس، بەلكى بىللە بولالىغان شۇ ۋاقتىڭىزدا ئۇلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلەلىشىڭىزدە.

بىز يېزىدا تۇرغان چېغىمىزدا، ھەمىشە باللىرىمىزنى چېركاۋغا ئىبادەت قىلىشقا ئاپىراتتۇق، كېيىن، ئۇلار مەكتەپتە تۇرغاچقا، يەكشەنبە كۈنى شۇ يەردىكى چېركاۋغا ئۆزلىرى بارىدىغان بولۇشتى. مەكتەپ بىزنىڭ ئۇلارنى يوقلاپ بېرىشىمىزغا رۇخسەت قىلىسىلا، داننىس بىلەن ئىككىمىز بېرىپ، ئۇلارنى چېركاۋغا بىللە ئاپىرىپ كېلەتتۇق. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا مەن ئۇلارنى چېركاۋغا بېرىشقا ئانچە زورلىمايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئويلاپ باقسام، كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ چوڭلارنىڭ ئۇنى قىل، بۇنى قىل، دەپ زورلاپ كېتىشلىرىنىڭ دەردىنى خېلى تارتقانىكەنمەن.

كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىمىزدىكىلەر سىرتلارغا چىقىپ ئويناپ كېلىدىغان ئىشلارنى ئاز قىلاتتى، لېكىن خەقلەر بولسا، باللىرىنى بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ كۆرمىگەن نەرسىلىرىنى كۆرسىتەتتى. شۇ ئىش ماڭا تەسىر قىلغاچقا، باللىرىمىزنى سىرتلارغا كۆپرەك ئاچىقىشقا تىرىشاتتىم. لېكىن مەن ئۇلارغا

ھەرقانداق ئىشتا ئۆز ئىرادەمنى تېڭىپ تۇرۇۋالمايمەن. ئۆيىمىز لوندوندا بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارغا كۆرسىتىدىغان نەرسىلەر جىق. لېكىن مەن شۇنىمۇ بىلىمەنكى، ئەگەر بالىلارغا: «قېنى ئەمىسە بۇ يەكشەنبىدە سەنئەت سارىيىنى كۆرۈپ كېلەيلى» دېسەم، ئۇ چاغدا بالىلار بۇ ئىشنى ئويۇن ئەمەس، بەلكى تەربىيە، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا قەيەرلەرگە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار خالىسا، ئۆزلىرى بېرىۋېرىدۇ. مەسىلەن، كالور سەنئەت سارىيىغا بېرىشقا خېلى ئامراق بولۇپ قالدى. بىز ئۇلارنى ھەرخىل تىياتىرلارغا ئاپاردۇق، ئۇلارغا ئوپېرالارنى چۈشەندۈر-دۇق. ئۇلارغا ھەممە ئىشنى ئۆگىتىپ تۇرۇش بىزدىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرى ھەۋەس قىلىدىغاننى تاللىۋېلىش، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن بولىدۇ. بىز ئۇلارغا ئۆيدە ھەرخىل ئولتۇرۇشلارنى قىلىپ بەردۇق، يەنە ئۇلارنى ساۋاقداشلىرىنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشتۇرۇش ئۈچۈن سىرتلارغىمۇ چىقاردۇق.

ئۇلار ئالتە ياشلارغا كىرگەن يىلى مەن دۆلەت پارلامېنتى-نىڭ ئەزاسى بولدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. ھېلىمۇ تەلىيىمگە، سايلام رايونىممۇ لوندوندا، ئۆيۈممۇ، خىزمىتىممۇ لوندوندا ئىكەن. بۇنداق توغرا كېلىش ئاز ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار يەنە سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ جامائەتچىلىك دىققەت قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن تەس ئىش! مېنىڭچە. ھازىرقى ئەھۋال بىلەن مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ چوڭ پەرق شۇ يەردىكى، ئاپام بىلەن ھاممائاچاملار بىر يەردە ياكى بىر دوقمۇشتىن قايرىل-سىلا بارغىلى بولىدىغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. شۇڭا ئاپام

خىزمەتكە كەتسىمۇ، ئۆيدە ئادەم ئۆكسۈمەيتتى، بىز ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە دائىم ئادەم بار بولاتتى. ئۇ چاغلاردا كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئىككى - ئۈچ ئەۋلاد بىللە ئولتۇراتتى، ھېچبولمىغاندا بىر بازار، بىر كەنتتە بولسىمۇ، بىللە ئولتۇراتتى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق بىللە ئۆتۈشى شۇ جاينى خېلى مۇقىم قىلىدىكەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ھېس قىلغىنىم شۇكى، بالىلار ئۆيگە قايتقاندا ئۆيدە چوقۇم ئادەم بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، خېلى نۇرغۇن ئادەملەر ئۈچۈن بۇ تەس ئىش، بۇنىمۇ چۈشىنىمەن.

ھەرقانداق ئادەم ھەم خىزمىتىمنى ئۇتۇقلۇق قىلىمەن ھەم ئائىلەمنى كۆڭۈللۈك تۇتىمەن، دەيدىكەن، مۇھىمى ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى بىلەن ھېسابلىشىشى كېرەك. بۇنى پەقەت كۆپچىلىكنىڭ ماسلىشىشى بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ، ئائىلىدىكىلەرنى ئوبدان تەشكىللەش، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى خىزمىتىڭىزگە قوشۇلىدىغان قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئۆزىڭىز بەلگىلىۋالغان ئاللىقانداق تۈزۈملەرگە يۆلىنىۋالسىڭىز بولمايدۇ. تۈزۈمنى كۆپچىلىك بىرلىكتە بېكىتىش كېرەك.

ئائىلە بەك مۇھىم، بەكمۇ مۇھىم! كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتى سىزنى ھەممە مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدۇ. «ئوڭ قولۇم، سول قولۇم، ئىككىلىسى ئۆز قولۇم» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان. بىر ئۆينىڭ ئادىمى ھامان بىر ئۆينىڭ ئادىمى. ئۇ سىزگە ھەمدەم، سىز ئۇنىڭغا ھەمدەم. يات بىرەيلەن تەنقىد قىلسا، بەلكىم سىز كۆتۈرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۆيىڭىزدىكى بىرى شۇ تەنقىدنى قىلسا، سىز قوبۇل قىلالايسىز. ئات ئايلىنىپ قوزۇقىنى تېپىپتۇ، دېگەندەك ھامان سىزگە شۇ ئۆي ئەسقاتىدۇ. بالىلىق بولغانىكەنسىز، دېمەك سىز بالىنىڭ خىزمىتىنى قىلىسىز. ھاياتىڭىزدا باشقىلار ئۈچۈن ياشايدىغان-

لىقىڭىزنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىشىڭىز ئۆزى سىز ئۈچۈن مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا، مىسلىسىز زور ئۆزگىرىش. بالىلىرىڭىزنىڭ بېشىغا بىر ئىش كەلسە، سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلىسىز. بۇ مېنىڭ ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان چوڭقۇر تەسىراتىم.

# ئاكوكا (1924 — )

## دادامنىڭ تەلىمى

ئاكوكا — ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق كارخانىچىسى، 1970 - يىلى فورت شىركىتىنىڭ باشلىقى بولغان، 1973 - يىلى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپچىقارغان يېڭى تىپتىكى پىكاپلارنىڭ سودىسىنى غەربىي ياۋروپا بازارلىرىغىچە كېڭەيتكەن. لېكىن خوجايىن فورت ئۇنى ئۆز جەمەتىنىڭ كارخاناۋارىسلىق ھوقۇقىغا تەھدىت سالدى، دەپ ھېسابلاپ، 1978 - يىلى ئىشتىن بوشاتقان. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۇ تەكلىپ بويىچە كراسىل ماشىنىسازلىق شىركىتىدە خىزمەت قىلغان، 1980 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ مۇدىرلىقى ۋە كەسپىي باشقۇرۇشىنى ئۆتكۈزۈۋالغان، خەتەرلىك پەيتتە قالغان بۇ شىركەتتە دادىللىق بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزگەن، 1984 - يىلى شىركەتكە 2 مىليارد 400 مىليون ساپ پايدا يەتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ يېڭى زامان قەھرىمانى، كارخانا ساھەسىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چولپان، دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن.

دادىسىنىڭ «قۇياش يەنە چىقىدۇ» دېگەن بۇ سۆزى ئۇنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان كراسىل شىركىتىنى جانپىدالىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇشىغا ئىلھام بولغان.

چوڭ ئىقتىسادىي كاساتچىلىق مەزگىلىدە دادامنىڭ يېزىپ بەرگەن پۇل چەكلىرى «پۇلىڭىز يەتمەيدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان هالدا بانكىدىن نۇرغۇن قېتىم قايتىپ كەلدى. هەر قېتىم مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ بەك چۆچۈپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ ئامانەت ـ قەرز ئىشلىرىدا ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش بىر شەخس ياكى كارخانىنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قارايتتى، دېرىما بىلەن ماڭا دائىم ئۆزىنىڭ پۇل ـ مۇئامىلىدە مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈپ، پۇلنى چاغلاپ خەجلەشكە دەۋەت قىلاتتى، نېسى سودا قىلىشنى ئۆزىگە زىيان سېلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس، دەيتتى. ئائىلىمىزدە هېچكىمنىڭ ئامانەت ـ قەرز كارتوچكىسى ئىشلىتىشىگە، نېسى بىرنېمە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى.

بۇ جەهەتتە دادام ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىن سەل ئالدىغا كەتكەن. پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇش ئارقىلىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش، رەنىگە قويۇش ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مۇئامىلە جەهەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ، خالىغانچە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئىشلىرى بىزنىڭ پۇتكۇل جەمئىيىتىمىزنى چىرىتىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، خېرىدارلار قوللىرىدىكى كىچىك پلاستىك كارتوچكىنى (ئامانەت ـ قەرز كىنىشكىسىنى) بانكىغا قويغان پۇلى قاتارىدا ئىشلەتسە، هامان زىيان تارتماي قالمايدۇ، دەيتتى.

ئۇ دائىم ماڭا: «بىرەر نېمە ئۆتنە ئالساڭ، هەتتا بىرەر ساۋاقدىشىڭدىن 20 سېنت قەرز ئالساڭمۇ، قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خاتىرىلەپ قوي» دەيتتى. پات ـ پات شۇنى ئويلاپ قالىمەن: ئەگەر ئۇ 1981 ـ يىلىغىچە ياشاپ

مېنىڭ كىراسىل شىركىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئالغانلىقىمنى كۆرگەن بولسا، نېمىدەپ قالاتتىكىن. بۇ قېتىم مېنىڭ قەرز ئالغىنىم 20 سىنت ئەمەس، بەلكى 1 مىليارد 200 مىليون - دە. مەنغۇ دادامنىڭ تەلىمىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، لېكىن شۇنداقمۇ دېگۇم كېلىدۇ: بۇ پۇل يېزىپ قويمىسامۇ ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىدىغاندەك ئەمەس.

ئائىلىمىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغلاردا دادام بىزنى ھەمىشە روھىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئىلھاملاندۇراتتى. بېشىمىزغا ھەرقانچە كۈن كەلسىمۇ بىز ئۇنىڭغا يۆلىنەتتۇق. ئۇ ناھايىتى كەڭرى ئويلايدىغان ئادەم ئىدى. جاھاننىڭ نېرى - بېرى ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكمەت-لىك، ئىبرەتلىك سۆزلىرى بار ئىدى. ئۇ، ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىر خىل ئۆتمەيدىغانلىقى، ئېغىر كۈنلەردە ئۆزىنى تۇتۇۋې-لىشنى بىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پاراڭ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىمتىھاندا نەتىجەم ياخشى بولماي قالسا ياكى بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچراپ قالسام، ئۇ ماڭا: «شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، تۇرمۇشتا بەزى ئىشلار ئويلىغان يېرىڭدىن چىقمايمۇ قالىدۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئانچە - مۇنچە ئۇچراپ تۇرمىساڭ، ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي قالىسەن» دەيتتى.

ئۇ ھېچقايسىمىزنى غەمكىن ھالدا كۆرۈشنى خالىمايتتى، ھەر خىل ئاماللار بىلەن روھىمىزنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. باش قېتىمچىلىققا قالغان ھالىتىمنى كۆرسە: «قويغىنا، رىدو! — دەيتتى ماڭا، — ئۆتكەن ئايدىمۇ، بۇلتۇرمۇ، بىر كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچرىغاندەك قىلىۋىدىڭغۇ؟ ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭ. بۈگۈنكى بۇ غەملىرىڭمۇ كېيىن غەم بولماي قېلىشى مۇمكىن. بولدى، ئويلىما. ئەتىدىن تارتىپ ياخشى ئىشلىمەمسەن!»

ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىنتايىن ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى. بىرەر ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالسام، «ئالدىرىما، سەۋر قىل، قۇياش يەنە چىقىدۇ، يەنە ئادەتتىكىدەك ھامان چىقىدۇ!» دەيتتى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، كىراسىل شىركىتىنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ دادامنىڭ شۇ تەسەللى سۆزلىرىنى ئەسلەپ تۇردۇم. ئۆزۈمچە: «ئاھ، دادا، قۇياش قەيەردە؟ قۇياش قەيەردە؟» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. ئۇ ھېچقايسىمىزنىڭ بىر ئىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ ۋاز كېچىشىگە يول قويمايتتى. 1981 - يىلى مەن ئۇچۇشسىزلىق ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەكچى بولغان، لېكىن دادامنىڭ سۆزىنى، يەنى «شۇ تاپتىغۇ ساڭا بەك قىيىن تۇيۇلۇۋاتىدۇ، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ قىيىن كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ، ئۆزۈمنى شۇ كۈنلەردىمۇ ناھايىتى سەگەك تۇتتۇم.

ئۇ ھەرقانداق كەسىپتىكى ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىيالايدىغان ئادەم ئىدى. بىر كۈنى بىز بىر رېستوراندا غىزالاندۇق. لېكىن كۈتكۈچىنىڭ مۇئامىلىسى ياخشى بولمىدى، تاماقتىن كېيىن دادام ئۇ ئايال كۈتكۈچىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىزگە ئازراق بولسىمۇ، ھەقىقىي چاي پۇلى بېرەي. مۇشۇ خىزمەتنى قىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا چىرايىڭىزنى ئاچمايسىز؟ سىزنى كۈتكۈچى بولۇشقا كىم مەجبۇر قىلغان؟ ئىشنى مۇنداق خاپىلىق بىلەن قىلىپ يۈرگىنىڭىزنىڭ ئۆزى، مەن بۇ خىزمەتنى خالىمايمەن، دېگىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ قاراڭ، بىز كۆڭلىمىز خۇش بولار، دەپ چىققان، لېكىن سىز پەيزىمىزنى ئۇچۇردىڭىز. ئەگەر كۈتكۈچى بولغىڭىز كەلسە، مانا مەن جاھاندا بىر دەيدىغان كۈتكۈچى بولۇڭ، بولمىسا، بۇ ئىشنى قويۇپ باشقا خىزمەت تېپىۋېلىڭ.»

ئۇ ئۆزىنىڭ رېستوراندا بىرەر كۈتكۈچىنىڭ خېرىدارغا

ئەدەبسىزلىك قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنى دەرھال ئىشتىن بوشىتىۋېتەتتى ۋە ئۇنىڭغا: «سىز قانچىلىك ياخشى ئادەم بولسىڭىزمۇ بۇ يەردە ئىشلەشكە لايىق ئەمەس ئىكەنسىز، چۈنكى مېنىڭ خېرىدارلىرىمنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتتىڭىز» دەيتتى. ئۇ گەپنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ قىلىشنى بىلەتتى. بۇ جەھەتتە مەنمۇ شۇنداق بولسام كېرەك. مېنىڭچە، دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ئادەم قەستەن قىلىنغان ئۇنداق ئەدەبسىز قىلىقلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

دادام ماڭا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ تۇرۇش لازىملىقىنى جېكىلەيتتى ھەم ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولۇپ تۇراتتى. خىزمىتى قانچىلىك ئالدىراش بولسىمۇ ئارىلىقتىن بىر ۋاقىت چىقىرىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى، بوۋلىڭتوپ ۋە قارتا ئويناشقا ئامراق ئىدى، تاماقنىڭ ئوبدىنىنى يەيتتى، بولۇپمۇ دوست تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئىدى، مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم بىلەنمۇ بۇرادەرچىلىك قىلىشاتتى. مەن فورت شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ئۇ يەردە تونۇشىدىغانلىرى مېنىڭكىدىن كۆپ ئىدى، دېسەم ھەرگىز خاتالاشمايمەن.

1971 - يىلى، يەنى دادام ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل ئاۋۋال، مەن ئاتا - ئانامنىڭ توي قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بىر ئولتۇرۇش ئۆتكۈزدۈم. ئامېرىكىنىڭ پۇل ياساش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بىر تۇغقىنىمىزغا ئېيتىپ، بىر تەرىپىگە ئاتا - ئانامنىڭ سۈرىتى، يەنە بىر تەرىپىگە ئۇلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ئىتالىيىدىكى ھېلىقى كىچىك چېركاۋنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر ئالتۇن ئىزناك ياساتقانىدىم. شۇ ئولتۇرۇشتا مېھمانلارنىڭ ھەربىرىگە شۇ خاتىرە ئىزناكنىڭ مىستىن ياسالغان نۇسخىسىدىن بىردىن سوۋغا قىلدىم.

ھەر قېتىم دادامنى ئەسلىسەم، ئەقىل - پارا-

سەتىلىك، كۆچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئادەم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بىر كۈنى پالمىزار بولاقتا فورت ماشىنىسازلىق شىركىتىنىڭ تىجارەت يىغىنى ئاچتۇق. مەن دادامنى بىز بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانىدىم. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىز بىرنەچچىمىز گولف توپ ئوينىماقچى بولدۇق. دادام ئۆمرىگە كېلىپ گولف توپ ئويناپ باقمىغان، شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنى بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلدۇق.

ئۇ توپنى تاياق بىلەن بىر ئۇرۇپلا كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى. 70 ياشقا كىرگەن ئادەمنىڭ توپنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈشى ئوڭاي گەپمۇ. ئامال يوق، بىر چەتتە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم: «ئاستىراق، دادا! گولف توپنى يۈگۈرۈپ ئەمەس، مېڭىپ ئوينايدۇ».

لېكىن دادام يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى، يەنە «يۈگۈرەلىگۈدەك ماغدۇرۇڭ تۇرۇپ، نېمىشقا قەدىمىڭنى ساناپ ماڭغۇدەكسەن؟» دېدى.

## بوش (1924 — )

# مېنىڭ ئاتا - ئانام

بوش — ئامېرىكا زۇڭتۇڭى، ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى بىر باي ئائىلىدە تۇغۇلغان، يىللو داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە قاراشلىق ئاۋىئاتسىيە قىسمىدا ئۇچقۇچى بولغان، 1967 - يىلى شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1981 - يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، 1989 - يىلى ئامېرىكىنىڭ 41 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولغان.

دادام پروسكت بوش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچى ئىدى. ئۇ ئاكا ـ ئۇكا براندلار مەبلەغ سېلىش بانكىسى ۋە خاررىمان شىركىتىنىڭ شېرىكلىرىدىن بولغاچقا، جىق پۇل تاپقان. شۇڭا ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىدى. شۇنداقتىمۇ دادام بېنجامىن فرانكلىننىڭ، پۇلنى تاپقىن، جۇغلىغىن، چاغلاپ ـ چېنەپ خەجلىگىن، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە قاتتىق ئەقىدە قىلغاچقا، بىزنىڭ ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، دادام بىلەن ئاپام دىنىي تەربىيە نىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي ئەخلاق كۆز قارىشىنى ئۆزلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى، يەنى ئىنىلىرىم بورىس، جون، بورك، ئاچام نانسى ھەم مەن ئاشۇنداق ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ چوڭ بولغان. بىز تۇرمۇشنىڭ «ئېچىلىك داستىخان» ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تېپىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىمىز. قايسىبىرىمىز ئاغرىپ قالساق ياكى كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىساق، ھەممىمىز كېلىپ قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش كېرەكلىكىمىزنى بىز كىچىك ۋاقتىمىزدىلا چۈشىنىپ يەتكەن. لېكىن ئۆيدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرمۇشقا قەدەم قويغانىكەنمىز، مەيلى كەسىپ ياكى تۇرمۇش جەھەتتە بولسۇن، ئۆزىمىز كۈرەش قىلىپ، ئۆزىمىز پول تېپىشىمىز لازىملىقى بىزگە تېخىمۇ ئايان ئىدى.

ئەگەر بىرەر سودا مەسىلىسىدە مەسلىھەتكە موھتاج بولۇپ قالسام، ئىككىلەنمەيلا دادامنى تاپاتتىم. لېكىن دادامدىن ياكى ئاپامدىن پۇل سورىمايتتىم. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بۇ مېنىڭ كونىچە تۇرمۇش رامكىسىدىن قۇتۇلغانلىقىمدىن، ئۆزۈمگە تايىنىپ ياشاۋاتقانلىقىمدىن دېرەك بېرەتتى. مەن دېڭىز ئارمىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا 3000

دوللار يىغقان. بۇ ئانچە كۆپ پۇل بولمىسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىشىمغا يېتەتتى. بىز ئەمدىلا 20 دىن ئاشقان ياش باللار بولساقمۇ، يەنىلا ئۆز ئالدىمىزغا يول تېپىشىمىز، خاتالاشساقمۇ، پۇتلاشساقمۇ، ئۆز كەلگۈسىمىزنى يارىتىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەن پەقەت دادام بىلەن ئاپام بۇرۇن باسقان يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇم. ئۇلار ئەسلى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا غەرب قىسمىدىن بولۇپ، كېيىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن يېڭى ئېنگلاندقا كۆچۈپ بارغانىكەن. دادام ئوھىئو شتاتىنىڭ كولۇمبۇس دېگەن يېرىدە، ئاپام سېنت لوئىسنىڭ دوللېس ۋۇك دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. دادام ئوقۇشنى دەپ شەرقىي قىسىمغا كەلگەنىكەن. يېللو داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە دالا توپچىلار قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى بوپتۇ. ئۇ ئامېرىكا 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىل ئىكەن. ئۇ چەت ئەلدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا كاپىتانلىققا ئۆستۈرۈلۈپتۇ، كېيىن ھەربىي سەپتىن قايتىپ يۇرتىمىزدا كارخانىچىلىق ھاياتىنى باشلىغانىكەن. ئۇنىڭ دادىسى، يەنى مېنىڭ بوۋام كولۇمبۇستىكى ئوھىئو پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئىكەن. لېكىن دادام ئۇ يەردە ئىشلەشنى خالىماي، ئاپامنىڭ دۆرتى سېپ لوئىستىكى سىمنىست بەش خىل مېتال شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەپتۇ.

دادام قولىدىن ئىش كېلىدىغان كارخانىچى ئىدى، ھەمىشە زىيانىنى پايدىغا ئۆزگەرتىپ، ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان كارخانىنى ئەپچىللىك بىلەن قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايتتى. ئۇ سىمنىست شىركىتىدە بىرنەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، خارىپ شىركىتىدىن قەرز تۆلەتكۈچىنىڭ تەكلىپى بويىچە مەزكۇر شىركەتكە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولغان. ئۇ بۇ شىركەتتىكى چاتاق، يەنى

بۇ دېلودىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتى قانۇنسىز پايدا ئالغانلىقتا، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندە. خاررىپ ئەپەندى چىدىماي ئۆزى مەيدانغا سەكرەپ چۈشكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سودا باشقۇرۇش نىزامىنىڭ 101 - ماددىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر كرىزىس يۈز بېرىپ، دادام كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشخانا ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىغا ئۇقلانغان بىر تاپانچا سېلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. خاررىپ ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ بۇ پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلغان. خاررىپ شىركىتىدىن قەرز تۆلەتكۈچى دادامدىن بۇ شىركەتتە داۋاملىق مەسئۇل بولۇپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلغان. دادام قوشۇلغان ۋە كېيىن بۇ شىركەتتە جىق نەتىجە ياراتقان. بۇ شىركەت نۇرغۇن بىرلىشىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر ئامېرىكا كاۋچۇك شىركىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

مۇشۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە دادام بىلەن ئاپامغا يەنە بەش باللىق بىر ئائىلىمۇ قاراشلىق ئىدى. چوڭ ئاكام پروسكت 1922 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ چاغدا دادام تېننېسسى شتاتىدىكى سىمىنىت شىركىتىدە ئىشلەۋاتقانىكەن. مەن 1924 - يىلى 12 - ئىيۇندا تۇغۇلغان. مەن تۇغۇلغاندا ئائىلىمىز ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ مىلتون شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، دادام ئامېرىكا كاۋچۇك شىركىتىدە ئىشلەۋېتىپتىكەن. ئۇ شىركەتنىڭ باش ئىدارىسى نيۇيوركقا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن بىز كوننېكتىكوت شتاتىنىڭ گرېنۋىچقا يېقىن بىر جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.

بىز بەش بالا، بولۇپمۇ مەن بىلەن ئاكام پروسكت ئاساسەن كوننېكتىكوتنىڭ گرېنۋىچىدا چوڭ بولغان، بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشىمىزنىڭ شەكىللىنىشىدە دادامنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. بىر مۇخبىر ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە،

دادامنى مېنىڭ ھاياتىمغا «بىردىنبىر، ئەڭ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ يېزىپتۇ. مېنىڭچە بۇنداق دېيىش بىر تەرەپلىمە. مەسىلىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مەن ئۈچۈن ئاپامنىڭ تەسىرى ۋە ئۈلگىلىك رولى ئوخشاشلا مۇھىم بولغانىدى. دادام بىزگە مەسئۇلىيەتنى قانداق ئادا قىلىشنى، خىزمەتنى قانداق قىلىشنى ئۆگەتكەن بولسا، ئاپام بىزگە تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۆزگىلەر ئۈچۈن قانداق قىلغاندا ياخشى ھىممەت كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن.

ئاپاممۇ دادام ۋە بوۋامغا ئوخشاش ئالدىنقى قاتاردىكى تەنھەرىكەتچى ئىدى، تەن قۇرۇلمىسى ئانچە زور بولمىسىمۇ، سېتكاتوپ، گولف توپ، ۋاسكېتبول، بېيسبول ساھەلىرىدە ھەرقاندىقى بىلەن مەيدانغا چۈشەلەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ھەرقانداق مېڭىش مۇسابىقىلىرىدە ئاپاملا قاتنىشىدىكەن، بىرىنچىلىك ئۇنىڭدىن ئاشمايتتى. بىز ئوغۇللار ئون نەچچە ياشقا كىرىپ ئۇنىڭدىن بەزى جەھەتلەردە سەل ئېشىپ كېتىپ ئۆزىمىزگە بىر ئاز تەمەننا قويۇپ قويغان چاغلىرىمىزدىمۇ، ئۇ بىزنىڭ تىزگىنىمىزنى تارتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

50 يىلدىن كېيىنمۇ ئاپام بۇ جەھەتتىكى ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرماي، يەنىلا ھەرقانداق بالىسىنىڭ ئازراقمۇ «پو ئېتىش»ىغا يول قويمىدى. بىر كۈنى ئۇ گېزىتتىن مېنىڭ سايلام مۇسابىقىسىدە سۆزلىگەن سۆزۈمنى ئوقۇپ چىقىپ، ماڭا: «گېئورگى، سەن ئۆزۈڭ توغرىسىدا جىق گەپ سېتىپ كېتىپسەنمۇ نېمە؟» دېۋىدى، مەن ئۇنىڭغا، نامزاتلار قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن خەقلەرنىڭ مەن توغرۇلۇق بىلگۈسى كېلىپ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ كاللىسىدىن ئاران ئۆتكۈزدى بولغاي، ماڭا يەنە: «بۇ نۇقتىنىغۇ چۈشىنىمەن، شۇنداقتىمۇ، ھەر ھالدا ئۆزۈڭگە ئىگە بولغىنىڭ ياخشى» دېدى.

ھەتتا مەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئاپامنىڭ پوزىتسىيىسى يەنە شۇنداق بولدى. بىر قېتىم تېلېۋىزوردا زۇڭتۇڭنىڭ مەملىكەت خەلقىغە دۆلەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلىۋاتاتتى، بىر چاغدا ئېكراندا مەن شۇنداق كۆرۈنۈۋىدىم، ئاپام: «قارا، زۇڭتۇڭ سۆزلەۋاتسا، سەن نەلەرگە قاراپ يۈرىسەن، بۇ قىلغىنىڭ توغرا بولماپتۇ» دەپ يۈزۈمدىن – يۈزۈمگە كايىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا زۇڭتۇڭ سۆزلەۋاتقان سۆزنىڭ تېكىستى ئاقساراي باياناتچىسى «گەپدان» ئۈۋنېر بىلەن مېنىڭ قولۇمدىمۇ بىردىن بار ئىدى، بىز شۇنىڭغا قاراپ تۇرغان، دەپ قانچە چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇ گېپىمگە پەرۋا قىلماي، «ئۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساڭلا، زۇڭتۇڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلەيسەن ئەمەسمۇ» دەپ، يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى.

بەزىدە ئۇنىڭ ماڭا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ سۈپىتىدە ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشۇم كېرەكلىكى توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپلىرىدىن ئۇنىڭ تەربىيىدە نەقەدەر ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ماڭا بىر قېتىم تېلېفون بېرىپ: «گېئورگى، مەن رىگان زۇڭتۇڭنىڭ نانسىغا بەكمۇ ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم، ئۇ ئايروپىلانغىمۇ نانسىنىڭ ئالدىدا چىقمايدىكەن، ھەمىشە ئۇنىڭغا يول بېرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئەتراپلىق ئويلايدىكەن» دېدى. بۇ گېپىدىن مەن خېلى جىق نەرسىنى ئاڭقىرىپ قالدىم.

لېكىن ئاپام بالىلىرىغا خۇددى ئادامغا ئوخشاشلا ئىجابىي تەنقىد بېرەتتى، ھەرگىزمۇ بېسىم قىلمايتتى، دادام بىلەن ئاپام بىزنىڭ ئەڭ چوڭ قوللىغۇچىلىرىمىز. بىز موھتاج بولغان جايلاردا ئۇلار ھەمىشە بار. ئۇلار مېھرىبانلىق بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى

ئائىلە تەربىيىسى ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرەتتى. دىنىي تەربىيەمۇ بىزنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن داستىخانغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا دادام ــ ئاپاملار ئالدى بىلەن ئايەت ئوقۇيتتى. بىز ئائىلە بويىچە ئېپىسكوپلار جەمئىيىتىگە كىرگەن. ھەر شەنبە كۈنى گرېنۋىچتىكى پروتېستانت چېركاۋىغا بېرىپ ئىبادەتكە قاتنىشاتتۇق.

ئائىلىمىز ئىنتايىن ئىناق، بەختلىك ئائىلە. بىز ھەر يىلى يازدا ــ بەش بالا، يەنە ئىككى ئىتىمىزمۇ بار، ئاپام رولدا ــ بىر سەپەر ماشىنىسىغا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ مېيىن شتاتىدىكى ۋوكس قولتۇقىغا باراتتۇق. بۇ بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقتىمىز ئىدى. بۇ يەرنىڭ نامىنى بۇ جاينى ئائىلىمىزنىڭ دەم ئېلىش جايى قىلىپ قۇرۇپ چىققان بوۋىلىرىمىز گېئورگى خوبوت ۋوك بىلەن داۋىد قويغانىكەن.

# نېلسون ماندېلا (1918 — )

## تۈرمىمۇ ھەرگىزمۇ ئەتىرگۈللۈك باغ ئەمەس

نېلسون ماندېلا — جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، جەنۇبىي ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ داھىيسى، جەنۇبىي ئافرىقا تامبۇ قەبىلىسى باشلىقىنىڭ ئوغلى، جەنۇبىي ئافرىقا ۋېتۋوتسلاند داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، 1944 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقىلىقلار خەلق مەجلىسى ياشلار بىرلەشمىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى بولغان، 1952 - يىلى ئافرىقىلىقلار خەلق مەجلىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئافرىقىلىقلار خەلق مەجلىسىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، «ئەركىنلىك خىتابنامىسى» نى ماقۇللاتقان، كېيىن نۇرغۇن قېتىم قولغا ئېلىنغان، 1990 - يىلى 11 - فېۋرالدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن، 1991 - يىلى ئىيۇلدا ئافرىقىلىقلار خەلق مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

بۇ ئۇنىڭ كەنجى قىزىغا يازغان خېتى. ئۇ تۈرمىدە قىزىنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتە خېلى ئىلگىرىلەپ قالغانلىقىنى، لېكىن مۇھەببەت ئىشىدا بەزى ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن بۇ خەتنى يازغان.

سىزنىڭ «چىن سۆيگۈ» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ستون يازغۇچىسى بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. ئەمدىلا تېخى 17 ياشقا كىرگەندە، بۇ سەن ئۈچۈن كىچىك نەتىجە ئەمەس. جۇنسېبۇرگنىڭ ساڭا ئاشۇنداق مەيدانغا چۈشۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئوبدان ئىش بوپتۇ. يېزىقچىلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر كەسىپ. ئۇ ئادەمنى ئىززەت تۆرىگە ئولتۇرغۇزالايدۇ. ھالبۇكى، ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن تولىمۇ جاپالىق ئەجىر قىلىشىڭغا، يېڭىچە، ياخشى تېمىلارنى تاللىشىڭغا، سۆز - جۈملىلەرنى لايىقىدا ئىشلىتىپ، ئىخچام، ئېنىق ئىپادە شەكلىنى قوللىنىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈنكى شارائىتتا ماسلىشىش ئۈچۈن، كەيپىياتىڭنى تەڭشەپ، ئىمكان قەدەر ئۆزۈڭنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىۋېتىپسەن. بۇنىڭدىن تولىمۇ تەسىرلەندىم. ئېيتقىنىڭ توغرا، بالام، پولاتتەك ئىرادە بولغاندىلا، بەختسىزلىكنى خەيرلىك ئىشقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ، ئاپاڭ بىچارە پۈچۈلىنىپ كېتىدۇ.

ھېلىقى ئوغۇل دوستۇڭ توغرۇلۇق جىق نەرسىلەرنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ جەھەتتە ساڭا مۇۋاپىق تەكلىپ بېرەلمەيمەن. تۇرمۇشتا مۇكەممەل يارنى تاپماق تەس. ھەرھالدا ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئاندىن كېيىن بىر - بىرىنى چۈشىنىش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىمۇ بار، سەممىي تۇردا ئەمەلىي پىكىرلىشىشمۇ بەزى مۇشكۇلچىلىكلەرنى ئاسان قىلىۋېتەلەيدۇ.

ئەگەر جىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي تۇردا ياخشىلىيالمىساڭ، ئۇنداقتا قىلچە

ئىككىلەنمەي، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىڭنى ئۈز. شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغىنكى، ئۆزۈڭنى ھېچكىمنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىقىڭ كېرەك. مەيلى ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن، مەيلى ئۇنىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ باقسام، مەن ھەرگىزمۇ ئاپاڭنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولمىغان. بىز ھەرقانداق ئىشنى بار مەسلىھەت قىلاتتۇق. سېنى بوزەك قىلىمەن دەيدىغان كىشىنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. بۇ گېپىمدىن كۆڭلۈڭ سەل يېنىكلىشىپ قالامدۇ، قانداق؟

ھازىر سېنىڭ ئوقۇش مەسىلەڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئىش. ئىنگلىزچىدە قانداق بولسىمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىڭ كېرەك. ئاپاڭمۇ، مەنمۇ سەندىن مۇشۇنى كۈتىمىز.

تۇرمۇشتا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىنسانغا خاس ئېسىل سۈپەتلىرىنى يادىدىن چىقىرىپ قويىدىغان، ھەممىلا جاي ياكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا ئۆزلىرىنى شانۇ - شەۋكەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ؛ ئەزەلدىن ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بىردىنلا چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزلىرىدىكى بار قابىلىيەتنى ئەرزىمەس ئادەملەرچىلىكمۇ جارى قىلالمايدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ناھايىتى قابىل، كۈچلۈك ئەركەكمۇ مۈشكۈلچىلىك ئالدىدا بوشىشىپ، تاشپاقىدەك تۈگۈلۈپ قالىدۇ. كىشىلەر تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ئەتىرگۈللۈك باغ ئەمەس، دېگەندە دەل مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان.

# سۇخوملىنسكىي (1918 — 1970)

## بالىلىرىمغا يېزىلغان خەت

سۇخوملىنسكىي — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان مائارىپشۇناسى، ئۇكرائىنانىڭ كىرووگىل دېگەن يېرىدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان، بورتاۋا پېداگوگىكا شۆبىۋەنىنى پۈتتۈرگەن. باپروش ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى، رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. ئاساسلىق ئىلمىي ماقالىلىرىدىن «بارلىقىمنى بالىلارغا بېغىشلايمەن»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى»، «ئوقۇتقۇچىلارغا يۈز تەكلىپ» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ مائارىپقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر تويلىمى نەشر قىلىنغان.

سۇخوملىنسكىي بالىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماھىر، ئۆز بالىلىرىنىمۇ شۇنداق تەربىيىلىگەن. تۆۋەندىكى ئۈچ پارچە خەتتە، ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان قىزى ۋە داشۆگە كىرگەن ئوغلىغا قىلغان چوڭقۇر ۋە ئەمەلىي، جىددىي ۋە سەمىمىي نەسىھەتلىرى بايان قىلىنغان.

## 1

قەدىرلىك قىزىم:

سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز مېنى بەكمۇ هاياجانغا سېلىپ قويدى.

هازىر 14 ياشقا كىردىڭىز، رەسمىي قىزلىق هاياتىڭىزنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇۋاتقان چېغىڭىزدا، مەندىن: «دادا، مۇهەببەت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنى سوراۋاتىسىز.

شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ سۆزلىشىۋاتقىنى بىر كىچىك قىزچاق ئەمەسلىكىنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتىدۇ. سىز بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز. مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن. لېكىن سىز ئەقىللىق ۋە چىۋەر قىز بولۇپ يېتىشىپ چىققان چېغىڭىزدىلا ئاندىن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلەيسىز.

مىليونلىغان قىزلار، بولۇپمۇ ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن قىزلارنىڭ كۆڭلىدە، تۇيۇقسىزلا، مۇهەببەت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇپ قالىدۇ. بۇ تۇغرۇلۇق ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزئالدىغا بىر چۈشەنچىسى بار. ھەربىر ئوغۇل بالىمۇ يىگىت بولۇپ يېتىشكەندە بۇ سوئالنى ئويلىنىدۇ. قەدىرلىك قىزىم. شۇ تاپتا مەن سىزگە بۇرۇنقى خەتلىرىمگە ئوخشىمايدىغان بىر خەت يېزىۋاتىمەن. مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئارزۇيۇم، سىزگە مۇمكىنقەدەر تۇرمۇش تەجرىبىلىرى دەپ ئاتالغان ياشاش يولىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن. دادىڭىزنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر خۇددى كىچىككىنە ئۇرۇقىا ئوخشاش. سىزنىڭ كۆز قاراش ۋە ئەقىدىلىرىڭىزنى بىخلىتىپ چىقسا ئەجەب ئەمەس.

«مۇهەببەت دېگەن نېمە؟» دېگەن بۇ سوئال ئۆز ۋاقتىدا

مېنىمۇ ھاياجانغا سالغان. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم موۋام مارىيە ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئادەملەر ئاپىرىن ئېيتقۇدەك ئايال. مەندىكى ئەقىل - پاراسەتنىمۇ، سەمىمىيلىكنىمۇ، پەزىلەتنىمۇ، ھەممىسىنى شۇ ماڭا ئاتا قىلغان. ئۇ ئۇرۇش ھارپىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ مېنى ئەپسانە، ئانا تىل ۋە ئىنسانىيەت گۈزەللىكى جەھەتلەردە پايانسىز بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەن. كۆز كۈنلىرىنىڭ جىمجىت بىر كەچقۇرۇنىدا ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ئىسسىق ئەللەرگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارغا قاراپ، مەنمۇ ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىزلا: «موما، مۇھەببەت دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدىم.

ئۇ ھەرقانداق مۇرەككەپ سوئالغىمۇ رىۋايەت - ئەپسانىلەر ئارقىلىق جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆككۈچ كۆزلىرىدە چوڭقۇر خىيال ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئەكس ئەتتى. ئۇ ماڭا بۇرۇن مەن بايقىمىغان ئالاھىدە بىر نەزەر بىلەن قاراپ، مۇنداق دېدى:

«مۇھەببەت دېگەن نېمە؟... خۇدا ئالەمنى بىنا قىلغان چاغدا زېمىنغا ھەرخىل جانلىقلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا ئۆز تۈرى بويىچە بىرىكىپ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويغانىكەن. ئۇ ئەر بىلەن ئايالغا يەر كۆرسىتىپ، ئەرگە بىر كەتمەن، ئايالغا بىر سىقىم ئۇرۇق بېرىپتۇ ۋە ئۇلارغا: «مۇشۇ يەردە ياشاپ بالا - چاقىلىق بولۇڭلار. مەن ئەمدىسە ئۆز ئىشىمغا كەتتىم. بىر يىلدىن كېيىن كېلىپ سىلەرنىڭ قانداق ياشاۋاتقىنىڭلارنى كۆرىمەن» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

دەل بىر يىلدىن كېيىن خۇدا بىلەن جەبرائىل ئىككىسى كەپتۇ. بۇ قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تازا سەھەر ۋاقتى ئىكەن. خۇدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ كەپىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئېتىزدا زىرائەتلەرنىڭ پىشىپ كەتكەنلىكىنى، قېشىدىكى بۆشۈكتە بىر بوۋاقنىڭ ئۇخلا-

ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەر بىلەن ئايال تۇرۇپ ئاسمانغا قارىسا، تۇرۇپ بىر - بىرىگە قاراپ قويىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىشقان چاغدا، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر گۈزەللىك ۋە ئالاھىدە سىرلىق كۈچ - قۇدرەتنى بايقاپتۇ. بۇ گۈزەللىك كۆك ئاسمان، قىزىل قۇياشنىڭمۇ، بىپايان زېمىن ۋە ئالتۇن رەڭ ئېكىنزارلىقلارنىڭمۇ، ئىشقىلىپ خۇدا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان جىمى نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. بۇ گۈزەللىكتىن خۇدا لەرزىگە كەپتۇ، ھەيران قاپتۇ.

‹بۇ نېمە؟› دەپ سوراپتۇ خۇدا جەبرائىلدىن.

‹بۇ مۇھەببەت›.

‹مۇھەببەت دېگەن نېمە؟›

جەبرائىل مۇرسىنى قىسىپ، بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىپتۇ. خۇدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى سورىغانىكەن، ئۇلارمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدا كايىپ كېتىپتۇ:

‹ھە، مۇنداق دەڭلار تېخى! ئەمىسە مەن سىلەرنى جازالايمەن. بۈنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئۆلۈش قىسمىتىنى بۇيرۇيمەن. بىر لەھزە ياشىساڭلارمۇ شۇنىڭغا لايىق ياشلىقىڭلارنى، كۈچۈڭلارنى خورىتىمەن! قېنى 50 يىلدىن كېيىن يەنە بىر كېلىپ كۆرۈپ باقاي، كۆزۈڭلاردىن يەنە نېمە چىقىدىكىن، ۋۇ، كاسا پەتلەرەي...››.

«خۇدا نېمىشقا مۇنچىلىك كايىپ كېتىدۇ؟»

«چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدىن بىسوراق ئۇمۇ بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى ئىجاد قىلغان - دە. ئاخىرىنى ئاڭلا. 50 يىلدىن كېيىن خۇدا بىلەن جەبرائىل ئىككىسى يەنە كەپتۇ. خۇدا شۇنداق قارىسا، ھېلىقى كەپىنىڭ يېنىدا يوغان لىملاردىن ياسالغان بىر ياغاچ ئۆي، بۇرۇنقى بوش جايىدا ھۇپپىدە

گۈللەر ئېچىلغان گۈللۈك تۇرغۇدەك. ئېتىزلاردا بۇغدايلار ساپسېرىق پىشىپ كەتكەن، ئوغۇللار بولسا، يەنە يەرگە ئىشلەۋاتقان، قىزلار ئورما قىلىۋاتقان، نەۋرىلەر بولسا چىمەنلىكتە ئوينىۋاتقانىكەن. بوۋاي بىلەن موماي ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىدا بىردەم يىراقتىكى قىپقىزىل شەپەقە قارىسا، بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدىكەن. خۇدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىدىنمۇ زور گۈزەللىكنى، بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك قۇدرەتنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يېڭىچە بىر-نېمىنى بايقاپتۇ.

«بۇ ئەمدى نېمىدۇ؟» خۇدا جەبرائىلدىن سوراپتۇ.

«ساداقەت» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جەبرائىل. لېكىن ئۇنىڭمۇ زادى نېمىلىكىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ:

«ھەي، ئادەملەر، سىلەرنى قېرىتقىنىممۇ يەتمىدىمۇ؟ ساناقلىق ئۆمرۈڭلار قالدى. قېنى، شۇ چاغدا بۇ مۇھەببەت دېگىنىڭلارنىڭ نېمىگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرىمەن.»

ئۈچ يىلدىن كېيىن خۇدا بىلەن جەبرائىل ئىككىسى يەنە كەپتۇ. خۇدا بىر ئەر كىشىنىڭ بىر توپا دۆۋىسى ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت يېغىپ تۇرغۇدەك. لېكىن ئۇ ھەسرەتكە ھېلىقى ئاجايىپ گۈزەللىك ۋە پەۋقۇلئاددە سىرلىق كۈچ ئارىلىشىپ كەتكەنىكەن، بۇنىڭدا مۇھەببەت بىلەن ساداقەتتىن باشقا يەنە بىر يېڭى نەرسە بار ئىكەن.

«بۇ يەنە نېمىسىدۇ ئەمدى؟» خۇدا جەبرائىلدىن سوراپتۇ.

«سېغىنىش».

خۇدا ساقىلىنى تۇتۇپ، ھېلىقى زومچەك يەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بوۋاينىڭ قېشىدىن نېرى كېتىپتۇ ۋە بۇغدايلىقلارغا

قاراپ، ئالتۇن رەڭ ئېتىزلىقلاردا بىرمۇنچە ياش ئەر - ئاياللارنىڭ گاھىدا ئاسمان ئېتىكىدىكى شەپەققە قارىسا، گاھىدا بىر - بىرىگە بېقىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ... خۇدا ئۇلارغا قاراپ - قاراپ، ئاخىر چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىنسان زېمىننىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانىكەن.

مانا، ئۇماق نەۋرەم، مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ. مۇھەببەت ئىلاھتىنمۇ يۈكسەك. مۇھەببەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەسىرلەر بويى يوقاتمايدىغان گۈزەللىكى ۋە كۈچ - قۇدرىتى. ئىنسانىيەت ئۆز نەسلىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەممىمىز ئۆلۈپ بىر كۈنى بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىمىز، لېكىن مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتنى كۈچى بىلەن مەڭگۈ قېرىماي، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ!»

مانا، قەدىرلىك قىزىم، مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق نەرسە. تۇمەنمىڭ مەخلۇقات - مەۋجۇداتلار ياشاپ، كۆپىيىپ، ئۆز نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن مۇھەببەت پەقەت ئىنسانغىلا نېسىپ قىلىنغان نەرسە. مۇھەببەتنى بىلمىگەن ئادەم ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم بولۇپ تۇرۇقلۇق، مۇھەببەتنى بىلمىگەنىكەن، پەقەت مەخلۇق سۈپىتى بىلەن قالىدۇ، خالاس.

## 2

قەدىرلىك قىزىم:

شۇ تاپتا ئىككىمىز خۇددى چوڭ ئادەملەردەك سۆزلىشىۋاتىمىز. بۇ نېمىدېگەن ئوبدان! سىز شۇ تاپتا ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر سەھىپىسىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىۋاتىسىز. بۇ مەندەك ئاتا بولغۇچىنى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ بارلىق

ياشلىرىمىز، يىگىتلىرىمىز، قىزلىرىمىز، ھەممىسى ئاشۇ سەھىپىنى ئۈزۈل ـ كېسىل چۈشىنەلىگەن بولسا، بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىز روناق تېپىپ، بەخت ـ سائادەت ھەربىر ئادەمنىڭ يۆلەنچۈكىگە، ئۆمۈرلۈك بايلىقىغا ئايلانغان بولاتتى.

ياشلىرىمىز مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنىڭ گۈزەللىكى، ئەخلاقىي ۋە خاتىرجەملىكىمۇ مۇشۇنىڭغا باغلىق. روشەنكى، بۇ يەردە تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر تەرىپىنىلا تەكىتلەۋاتىمەن، بۇنىڭلىق بىلەن باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەم زور ـ زور ئىشلارنى، مەسىلەن، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە ئوردا ـ قەسىرلەرنى، ئالەم كېمىسى ۋە سۇ ئاستى يادرو پاراخوتلىرىنى ياساشنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ مۇھەببەتنى بىلەلمىسە، يەنە شۇ بۇرۇنقى ياۋايىلىقىدا قېلىۋېرىدۇ. ۋەھالەنكى، بىلىملىك ياۋايى ئادەم بىلىمسىز ياۋايى ئادەمدىن نەچچە يۈز ھەسسە خەتەرلىك بولىدۇ.

تۇرمۇشىمىز مۇنداق ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرى، ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى ۋە ھەربىر پۇقرادا بولۇشقا تېگىشلىك ئىجادچانلىق، خەلق ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت؛ يەنە بىر تەرىپى روھىي ۋە ئەخلاقىي مۇناسىۋەت ساھەسى، ئائىلە، پەرزەنت، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى. بۇ ساھەدە ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كىشىلەر كۆپىنچە بىلىمسىز، قول مىجەز ياكى رەزىل كېلىدۇ.

روھىي ـ پسىخىك جەھەتتە، ئەخلاقىي جەھەتتە مۇكەممەل بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ھەقىقىي گراژدان، ھەقىقىي ئىجادكار،

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر بولالمايدۇ. خاراكتېرنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ، تەرەققىيات ئېھتىماللىقى ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن چەكسىز ئۆزگىرىشچان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىر نۇقتىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ: يەنى مەلۇم جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ياكى كەمچىلىك چوقۇم باشقا جەھەتلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى بارلىق ئىچكى باغلىنىش، بارلىق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەر ئىنساندا ئەسلى بار نەرسىلەر.

سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى ۋە سىزدىن چوڭراق قىزلاردىن ماڭا نۇرغۇن خەتلەر كېلىپ تۇرىدۇ، نەچچە مىڭ پارچە دېسەممۇ بولىدۇ، ئۆيگە قايتقاندا ئۆزىڭىز ئوقۇپ باقارسىز. بۇ خەتلەردە ئىنساننىڭ ھەقىقىي ساداسىمۇ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويىدىغان پىكىرلەرمۇ بار. راست، ئىنسان مۇھەببىتى ئىجاد ۋە پەرۋىشكە موھتاج. ئۇ ئىرسىيەتتىن قالىدىغان نەرسە ئەمەس، تەييار مىراس بولۇپمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇددى ئادەملەرنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئوخشاش، تەبىئىيلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

17 ياشلىق بىر قىز (ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) نىڭ خېتىدە مۇنداق بىر ئەھۋال يېزىلغان: ئۇ بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ مۇھەببەتلىشىپتۇ. دەسلەپتە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، كېيىن قارىسا، يىگىت ھە دېسىلا ھاراق ئىچىپ، ئۇنىڭغا قوپال تەگكىلى تۇرۇپتۇ. قىز يىغلاپ بېقىپتۇ، ئاچچىقلىنىپتۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ تاپتىن چىققان قىلىقلىرىنى كەچۈرۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يىگىتنىڭ ئەڭ پەسكەش قىلىقلىرىنىمۇ كەچۈرگەنىكەن. ئۇ قىز «بەرىبىر مەن ئۇنى سۆيىمەنغۇ» دەپ ئويلىغانىكەن. ئاخىر بولىدىغان ئىش بولۇپ قىزنىڭ بويىدا قاپتۇ. قىز ئۇنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن قورققانلىقى،

ئۇنى ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىر قىزنى تېپىۋالارمىكىن، دەپ قورققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن. قىز ئۇ يىگىتكە: «ئەمدى بىزنىڭ بالىمىز بار بولىدىغان بولدى» دېگەندە، يىگىت چۆچۈگەن هالدا: «بىزنىڭ دەيسەنغۇ، ئۇ بالا ئۆزۈڭنىڭ» دەپتۇ ۋە قىزنى تاشلىۋېتىپتۇ. قىز ئاخىر ئەلەمگە چىدىماي، ئوقۇشىنىمۇ تاشلاپ باشقا بىر شەهەرگە كېتىپتۇ. ئۇ قىز شۇنداق بولۇپ ئاخىر ۋەيران بولغانىكەن.

ماڭا يېزىلغان خەتلەرنىڭ هەربىر سەهىپىسىدىن ئىشق پىراقىنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق ئۈمىدسىز ۋە ۋەهىمىلىك نالىلەرمۇ بار: ئۇ مېنى سۆيىدۇ، لېكىن هۆرمەت قىلمايدۇ، ئۇنى مېنى هەم سۆيىدىغان، هەم هۆرمەتلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، نېمە قىلىشىم كېرەك؟

مانا قاراڭ، جېنىم قىزىم، سىزگە مومىڭىزنىڭ هېكمەتلىك چۆچىكىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ مۇهەببەت هەققىدىكى كۆز قاراش- لىرىمنى بىكاردىن - بىكار سۆزلىمىگەنلىكىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز. مەن سىزنى نۇرغۇن قىزلارنى قىممەتلىك بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان خاتالىقتىن ساقلاپ قالماقچى. بەزى قىزلار مۇشۇ خاتالىق تۈپەيلى بەختىنى، خۇشاللىقىنى، سالامەتلىكىنى، هەتتا جېنىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ. مۇهەببەت گۈزەللىك، ساداقەت ۋە ئىشەنچ بىلەنلا يۇغۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئاقىلانىلىكمۇ ئېهتىياتچانلىقمۇ، هوشيارلىقمۇ، ئاق - قارىنى ئايرىش سەزگۈسىمۇ بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ خۇشاللىق ۋە بەخت ئەكىلەلەيدۇ. شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن، قىزىم، چوقۇم ئېسىڭىزدە بولسۇن: تۇرمۇشتا گۈزەل ۋە ئېسىل نەرسىلەرلا بولۇپ قالماستىن، رەزىللىكمۇ، كاززاپلىقمۇ ۋە پەسكەشلىكمۇ بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان يېرى مۇشۇ يەردە. شۇڭا سىزدە سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈكلا بولسا، كۇپايە قىلمايدۇ، هوشيارلىقمۇ، قەتئىي-

لىكمۇ، قارا توغرىلىقمۇ بولۇشى كېرەك.

3

قەدىرلىك ئوغلۇم: ياخشىمۇسەن؟

ئوغلۇم، مەندىن قانداق قىلغاندا ۋاقىتتىن تېجەشلىك، مۇۋاپىق (مۇۋاپىق دېگىنىڭ ئىنتايىن توغرا) پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپسەن. خېتىڭدە: «ئىش دېگەن كەينى - كەينىدىن بېسىۋالدى. كۈنلەرنىڭ بەرىكىتى يوق. قىلىمەن دېگەن ئىشلىرىمنى قىلىپ تۈگىتەلمەيۋاتىمەن». دەپ يېزىپسەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەن بىر دۆۋە كىتابلار ئاستىدا بېسىلىپ قالغان، ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلىرىڭنى ئوقۇپ تۈگىتەلمەيۋاتقان ئوخشايسەن.

ئۆز تەجرىبىلىرىمگە ئاساسلىنىپ، ساڭا تۆۋەندىكىچە تەكلىپ بەرمەكچىمەن:

1. بىرىنچىسى، ئەڭ مۇھىمى (بۇ ھەقتە بۇلتۇرلا مەن ساڭا خېتىمدە يازغان)، ۋاقىتنى تېجەش ۋە چىڭ تۇتۇشنى سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقان چاغدىلا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىغاندا، كېيىنچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئەقلىي ئەمگىكىدە «جىددىي سەپەرۋەرلىك» يۈرگۈزمىسە بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار سىناققا (ياكى ئىمتىھانغا) بىرنەچچە كۈن قالغاندا بېشىنى كۆتۈرمەي جاپالىق دەرس تەييارلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا كېچىلەپ كىتابقا قاراپ تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى تەييارلاپ تۈگىتىشكە تېگىشلىك دەرسلەرنى مۇشۇ «جىددىي كۈنلەر» گە يىغىۋالغان. مېنىڭ ھېسابلىشىمچە، مۇشۇنداق «جىددىي كۈنلەر»، «جىددىي سەپەرۋەرلىك» كۈنلىرى بىر يىل ئىچىدە 50 كۈندىن كەم بولمايدۇ، پۈتۈن بىر

يىللىق ئوقۇشنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، دېسەكمۇ بولىدۇ. ۋاقىت ئالدىراش بولۇپ كەتتى، دېيىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ. كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي، مۇنداق «ئالدىراش»، جاپالىق دەرس تەييارلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم دەرسنى ئۆتۈۋاتقان چاغدىلا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنى، ھەر كۈنى، ھېچبولمىغاندا ئىككى سائەت بولسىمۇ تەكرار قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. لېكسىيىنى مۇنداق ئىككى تۈر بويىچە يازغىنىڭ ياخشى، بىرى دەرسنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى؛ ئىككىنچىسى، پىكىر يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر. بۇنىڭدا چوقۇم مەركىزىي نۇقتىنى، مۇھىمىنىڭ مۇھىمىنى يېزىۋېلىش كېرەك. بۇ ئاساسىي جاھاز، بىر دەرستە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك پۈتۈن مەزمۇن مۇشۇ جاھازغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىز ئاساسىي جاھازنى دەپ قاراۋاتقان نۇقتىدا ھەر كۈنى پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، مەن بۇرۇن ساڭا ئېيتقاندەك، ھەر كۈنى كىتاب كۆرۈشۈڭ كېرەك. ئەگەر دەرسكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلالىساڭ، «جىددىي سەپەرۋەرلىك» كە ئاتلىنىشىمۇ يۈرمەيسەن، سىناق - ئىمتىھان ئېلىنىدىغان چاغلاردا ھېلىقىدەك جاپالارنىمۇ تارتمايسەن. مەلۇم پەندىكى ئاساسىي جاھاز مۇستەقىل بىر تۇتقا، مۇشۇنى تۇتقان ئاساستىلا شۇ پەننىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئەستە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

2. ئەگەر ۋاقىتقا ئالدىراپ قالماي دېسەڭ، ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ تۇر. ئوقۇغاندىمۇ، ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بەتلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئوقۇ، كۆڭۈل قويۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئوقۇ. ئوقۇغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بىلىم ئاساسىڭنى پۇختىلايدۇ. ئاساسىڭ پۇختا بولسا، ئۆگىنىشىڭمۇ ئوڭايغا توختايدۇ. ھەر كۈنى ئوقۇغان نەرسەڭ كۆپەيگەنسېرى، ۋاقىت زاپىسىڭمۇ ئېشىپ بارىدۇ. چۈنكى سېنىڭ

ئوقۇغان نەرسىلىرىڭ ئىچىدە سىنىپتا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە چېتىشلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار بار. مەن بۇ چېتىشلىق مەزمۇنلارنى ئەستە ساقلاشنىڭ ياكورى دەپ قارايمەن. سەندە بولۇشقا تېگىشلىك بىلىمنى بىر پاراخوتقا ئوخشاتسا، بۇ ياكور سېنى ئىنسانىيەت بىلىم دېڭىزى بىلەن چېتىپ تۇرالايدۇ. ئۆزىنى ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ تۇرۇشقا مەجبۇرلاش، بۈگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويماسلىق كېرەك. بۈگۈن قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتنى ئەتىسى ھەرگىزمۇ تولۇقلىغىلى بولمايدۇ.

3. ھەر كۈنلۈك ئىشىڭنى ئەتىگىنى ئالتىلەردىن باشلىشىڭ كېرەك. سائەت بەش يېرىمدا ئورنۇڭدىن تۇر، گىمناستىكاڭنى ئوينا، بىر ئىستاكان سۈت ئىچىۋەت (ھە دېگەندىلا چايغا ئادەتلىنىۋالما، چاينى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىچسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن)، بولكىدىن بىرنى يە، ئىشىڭنى باشلا. ئەگەر ئىشنى ئالتىدىن باشلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولساڭ، ئىمكان قەدەر بۇ ۋاقىتنى 15 — 20 مىنۇت ئالدىغا سۈرۈشكە تىرىشقىن. بۇنداقتا پۈتۈن بىر كۈنلۈك ئىشىڭنى تېخىمۇ ئوبدان ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ.

ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرۇپ، دەرسكە كىردىشتىن ئاۋۋال بىرەر يېرىم سائەت تەكرار قىلىۋېتىش بەك ياخشى ئىش. سەھەر دېگەن ئالتۇن ۋاقىت. مەن ئەتىگەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى چوقۇم قىلىپ تۈگىتىۋەتمەي قويمايمەن. 30 يىلدىن بۇيان، ئىشلىرىمنى ئەتىگەن سائەت بەشتىن باشلاپ، سەككىزگىچە داۋاملاشتۇرىمەن. مائارىپچىلىققا دائىر 30 پارچە كىتابىمنى، 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالەمنى ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى بەشتىن سەككىزگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ چىققان. مەن ئەقلىي ئەمگەكنى بىر رىتىمغا سېلىۋالغان. ئەتىگەندە ئۇخلاپ باقاي دېسەممۇ ئۇخلىيالمايمەن. بۇ ۋاقىت مەن ئۈچۈن خۇددى ئەقلىي ئەمگەك قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان.

ساۋاتى بىرىدىغان تەكلىپىمىز شۇ، ئەتىگەندىكى بىر ـ ئىككى سائەت ۋاقىتىڭنى چوقۇم ئەڭ مۇرەككەپ، ئىجادىي، ئەقلىي ئەمگەككە سەرپ قىل. مۇشۇنىداق چاغدا نەزەرىيەۋى جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈز، ئىلمىي ماقالىلەرنى مۇھاكىمە قىل. مەخسۇس تېمىدا ماقالە ياز. تەتقىقات يۈرگۈزىدىغانلا ئىشىڭ بولسا، ئاشۇ ئەتىگەنلىك ۋاقىتتىن پايدىلان.

ھەرگىز ئىشلىرىڭنى يېرىم كېچىگە قويما. ھېچبولمىغاندا سائەت 10، 10 يېرىمغىچە ئۇخلاپ بول. بۇ ساۋاتى مەشغۇلات تۈزۈمى بولۇپ قالسۇن. بۇنىڭدا ھارغىنلىقنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

4. ئەقلىي ئەمگەكتە بىر تەرتىپ تۈرغۈزۈۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ كۆپ جەھەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدا مەن تېمىنىڭ بىرىنچى، تېمىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ سۆزلەۋاتىمەن. ئەڭ مۇھىمىنى ھەرگىز ئىككىنچى ئورۇندا قويۇپ قويماسلىق، ئۆز ۋاقتىدا قىلىش كېرەك. ئاۋۋال ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم قايسى، بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەسىلەن، ئىنژېنېر بولاي دېسەڭ، شۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالمىساڭ بولمايدۇ. بىر قاتار نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە چېتىشلىق ھەم نۇرغۇن ئىلىملارغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەڭ مۇھىمنى چوقۇم ئەتىگەندىكى ئەقلىي ئەمگىكىڭدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئۆگىنىشنى ئۇنتۇما. ئۆزۈڭ مۇھىم دەپ قارىغان ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم كىتابلارنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى جايىدا تاللاپ، ئۇلاپ ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل كۆرۈشكە ماھىر بول.

5. ئۆزىدە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل (ئاگېنت) نى يارىتىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئەقلىي ئەمگەكتە ھەممىلا

نەرسە قىزىقارلىق ۋە ھەممىلا ئادەم قىلىشنى خالايدىغان بولۇشى ناتايىن. دائىملىق، بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل ئېھتىياج. ئەقلىي ئەمگەك دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. پېكىرنى نەزەرىيىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا، يەنە كېلىپ، مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەدرىجىي ئاساستا «ئېھتىياج» نى «زۆرۈرىيەت» كە ئايلاندۇرۇش، ئەڭ قىزىقارلىقىنى ئىشنىڭ ئاخىرىدا ئورۇنداش كېرەك.

6. سەن كىتاب – ژۇرناللار دېڭىزى ئىچىدە تۇرۇۋاتىسەن. داشۆدىكى مەزگىلدە ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى چوقۇم قاتتىق تاللاش كېرەك. بىلىم ئېلىشقا بەك قىزىقىدىغان باللارنىڭ ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. قەرەللىك ئوقۇش دائىرىسىنى بېكىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ دائىرىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەقلىي ئەمگەك نورمىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، سەن بۇرۇن پىلانىغا كىرگۈزمىگەن، ئوقۇشقا تېگىشلىك يېڭى كىتابلار چىقىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا زاپاس ۋاقىت بولۇشى كېرەك. خۇددى مەن ساڭا دېگەندەك بۇ زاپاس ۋاقىتنى سىنىپتا كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆگەنگەندە، لېكسىيە قالدۇرۇشقا ماھىر بولغاندا، «جىددىي سەپەرۋەرلىك» تىن ساقلانغاندا ئاندىن چىقارغىلى بولىدۇ.

7. نۇرغۇن ئىش – ھەرىكەتلەرنىڭ سېنى قورشاپ تۇرغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما. ئىلىم – پەن كۇرۇژوكى، ئەدەبىيات – سەنئەت پائالىيەتلىرى گۇرۇپپىسى، تەنھەرىكەت كوماندىلىرى، كەچكى تانسا سورۇنلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان كۇلۇبلارغا ۋاقىت بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ئىشلاردا قەتئىيلىك بىلەن تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھەرخىل پائالىيەتلەرنىڭ قىزىقتۇرۇش كۈچى زور، سەللا دىققەت قىلمىساڭ، ساڭا زىيان ئەكىلىشى مۇمكىن. كۆڭۈل ئېچىشمۇ، دەم

ئېلىشمۇ زۆرۈر، لېكىن مۇھىم بىر نۇقتىنى، يەنى ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىي ئەمگەكچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك. دۆلەت ساڭا نۇرغۇن پۇل خەجلەۋاتىدۇ. شۇڭا سەن ئۇچۇن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى تانسا بولماستىن، بەلكى ئەقلىي ئەمگەك بولۇشى كېرەك. دەم ئالاي دېسەڭ، شاھمات ئوينا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرگىن. جىمجىت مۇھىتتا شاھمات ئويناش نېرۋا سىستېمىسىنى تەڭشەپ، پىكىر قىلىشنى تەرتىپكە سېلىشتا ئەڭ ئوبدان چارە.

8. ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمە. بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ سېلىپ، ۋاقىتنى بىكاردىن - بىكار زايە قىلىۋېتىشنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. بىرنەچچەيلەن ئىشخانىغا يىغىلىۋېلىپ، تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىپ سائەتلەپ، ھەتتا نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئىشلارمۇ جىق. يا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، دېيىلىۋاتقان گەپلەردە يا بىرەر يېڭى پىكىرمۇ يوق، لېكىن ۋاقىت دېگەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان. ھەرھالدا يولداشلىرىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئۆزۈڭنىڭ مەنىۋى دۇنيايىڭنى سۇغىرىدىغان بۇلاققا ئايلاندۇرۇشقا دىققەت قىل.

9. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەقلىي ئەمگىكىڭنى يېنىكلىتىشنى ئۆگىنىۋال. بۇ يەردە كەلگۈسىدىكى ۋاقىت زاپىسىنى جۇغلاشنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈڭدە سىستېمىلىق خاتىرە قالدۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈر. ھازىر مېنىڭ يېزىپ قالدۇرغان 40 پارچە خاتىرەم بار. ھەربىر خاتىرىگە مائارىپشۇناسلىققا دائىر كاللامغا ئېنىق ياكى ياللىدە كەچكەن (بۇنداق پىكىرلەر كاللىغا بىر قېتىملا كېچىدۇ، كېيىن يەنە كېلىشى يوق) پىكىرلەر يېزىلغان. مەن خاتىرىگە يەنە ئوقۇغان كىتابلاردىن ئۆزۈم ئويلاۋاتقان مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ئەڭ قىزىقارلىق، ئېسىل پىكىرلەرنىمۇ يېزىپ قويىمەن. بۇنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدە لازىم بولىدۇ. ھەم ئەقلىي ئەمگەكنى ناھايىتى

ئوبدان يېنىكلىتەلەيدۇ.

10. ھەرقانداق ئىشتا ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تېپىۋال، ھە دېسىلا فورمۇلىغا، كونا قېلىپقا سېلىشتىن ساقلان. ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتلىك پاكىت، ھادىسە ۋە قانۇنىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە پىكىر يۈرگۈزۈشتە ۋاقىتنى ئايىماي سەرپ قىل. مەسىلىنى قانچە چوڭقۇر ئويلىغانسېرى، ئەستە ساقلاش شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنى ئەستە ساقلايمەن دېمە. بۇ بىكار ۋاقىت زايە قىلغانلىق. بىر قاراشتىلا بىلىدىغان نەرسىگە بەكمۇ ئىنچىكىلەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىر قۇر كۆرۈپ قويساڭ كۇپايە. لېكىن قىيىندا چۈشەنگىلى بولىدىغانلىرىغا قارىتا ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك ئانچە - مۇنچە قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئانچە - مۇنچە قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، تېگى - تەكتىگە يېتىشنى كۆزلىمەسلىك ھامان سېنى بەزى پاكىت، ھادىسە ۋە قانۇنىيەتلەرگە قارىتا قايتا - قايتا، يېڭىباشتىن تونۇش ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

11. بىر ياتاقتىكى ئادەملەر ئۈچۈن بار مەسلىھەت بېكىتىلگەن، ھەممەيلەن ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان تەرتىپ - قائىدە بولمىسا، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئەقلىي ئەمگىكى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شۇڭا ئاۋۋال قاتتىق بىر بەلگىلىمە بولۇش، كېلىشكەن ۋاقىتتا ھېچكىم گەپ - سۆز، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماسلىقى، تىنچلىقنى بۇزماسلىقى كېرەك، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغان ۋاقىتتا، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇش كېرەك.

12. ئەقلىي ئەمگەك لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىلىم - پەن ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت كىتابلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ تۇرۇش كېرەك.

13. بەزى يامان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك. مەسىلەن، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن 15 — 20 مىنۇت بىكار ئولتۇرۇپ كېتىش؛ زۆرۈرىيىتى يوق كىتابلارنى بىكاردىن ـ بىكار ۋاراقلاش، ئويغانغاندىن كېيىن يوتقاندىن چىقماي، يەنە 10 — 15 مىنۇت يېتىش، دېگەندەك.

14. ھەرقانداق ئىشتا، ئەتىمۇ بارغۇ، دەپ قاراش ئەمگەكچانلىقنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى. ھەرقانداق چاغدا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق، بەلكى ئەتىكى ئىشنىڭ بىر قىسمىنى بۈگۈن ئورۇندىۋېتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇ بىر خىل گۈزەل، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل بولۇپ، پۈتكۈل ئەتىسنى ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

15. ھەرقانداق چاغدا ھەتتا بىر كۈنمۇ ئەقلىي ئەمگەكنى توختىتىپ قويماسلىق، كىتاب ئوقۇشنى بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويماسلىق كېرەك. ھەر كۈنى بىلىم جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆزىنى بېيىتىش ئەقلىي ئەمگەكتە زۆرۈر بولغان ۋاقىت مەنبەسىنىڭ بىرى.

مانا بۇ 15 نەسىھەت. مېنىڭچە، بۇ 15 نەسىھەتكە ھەرقانداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەل قىلسا بولىدۇ.

تېنىڭگە سالامەتلىك، روھىڭغا شادلىق تىلەيمەن.
داداڭ.

## گەندى خانىم (1917 — 1984)

## ئانا بولۇش ئەڭ ئالىي ۋەزىپە

گەندى خانىم — ھىندىستاننىڭ بۇرۇنقى زۇڭلىسى، شىمالىي شتاتىنىڭ ئاللاخاباد شەھىرىدە تۇغۇلغان، نېھرونىڭ يالغۇز قىزى، ئاۋۋال تاگور ئاچقان خەلقئارا داشۆدە، كېيىن ئوكسفورد داشۆسىدە سىياسىي، تارىخ ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنى ئوقۇغان، 12 يېشىدا خەلق كونگرېسى پارتىيىسىنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى سىياسىي پائالىيىتىگە قاتناشقان، ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن دادىسى نېھرو زۇڭلىنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى بولغان، 1959 - يىلى خەلق كونگرېسى پارتىيىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان، 1964 - يىلى نېھرو ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىچكى كابىنېتقا قاتنىشىپ، ئاخبارات - رادىئو مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان، 1966 - يىلى يانۋاردا خەلق كونگرېسى پارتىيىسى، كېڭەش پارتىيىلىرىنىڭ داھىيسى، ھۆكۈمەت زۇڭلىسى بولۇپ سايلانغان، 1967 -، 1971 -، 1980 - يىللىرى ئۈچ قېتىم زۇڭلىلىققا تەيىنلەنگەن، 1983 - يىلى ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ يەتتىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى بولغان، 1984 - يىلى 31 - ئۆكتەبىردە قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

راجىپ تۇغۇلغاندا سەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك پەيتلەرنىڭ بىرى بولغان. تاگور توغرا ئېيتقان: «ھەربىر بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، خۇدانىڭ ئىنسانىيەتتىن تېخى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كېلىدۇ.»

ئايال كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانا بولۇش ئەڭ ئالىي ۋەزىپە. يېڭى بىر ھايات ئىگىسىنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇش، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئىشلارنى كۈتۈش ئانىنى نەقەدەر سۆيۈندۈرىدىغان ئىش - ھە! ئانا بۇنىڭدىن ھامان يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ ھەم ھاياجانلىنىدۇ.

سىياسىي كۈرەشلەر تۈپەيلى، مەن بالىلىق چېغىمدا بالىدەك ئۆتمىگەن، بەلكى تەنھالىق ۋە تەشۋىش ئىچىدە ياشىغانىدىم. شۇڭا بالىلىرىمغا قاراشقا تولۇق ۋاقىت چىقىرىمەن، دېگەن نىيەتكە مەن بۇرۇنلا كەلگەن. يۇمران مايسىلار قۇياش ۋە يامغۇر - يېشىنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا موھتاج بولغاندەك، بالىلارمۇ ئانىنىڭ بېقىشىغا موھتاج بولىدۇ. ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بالىلار ئانىغا پەۋقۇلئاددە بېقىندى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، مەن ئۈچۈنمۇ ئۆزۈم مەسئۇل بولغان ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ئائىلە ۋە بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمنى ئۆزئارا توقۇنۇشتۇرماي بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولغانىدى.

راجىپ بىلەن سانجاي ئىككىسى بوۋاق ۋاقىتلىرىدا، مەن ئۇلارنى خەققە باقتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپمىغان، ئىمكان قەدەر ئۆزۈم بېقىشقا تىرىشقان. ئۇلار ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، خەقلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشلىرىمنى ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن قايتمىغان چېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بالىلار ئۆيگە كەلگەندە ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانغا ئىمكانىيەت قويۇپ قوياتتىم.

سانجاينىڭ ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يەسلىدىن ئۆزىنىڭ بىر كىچىك دوستى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە كەلدى. ئۇ ئايال كاتتا بىر باينىڭ خوتۇنى ئىكەن. ئۇ مېنى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىلىرىڭىز بىلەن بىللە بولۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان ئوخشايسىز، دېگەندەك بىر گەپ قىلدى. بۇ گەپ سانجاينىڭ كۆڭلىگە كەپتۇ. مەن تېخى گېپىمنى تېپىپ دەپ بولغۇچە، ئۇ دەرھال مېنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ: «ئانامنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغۇ بەك جىق، شۇنداقتىمۇ، سىز بالىلىرىڭىز بىلەن بىر قېتىم بىللە بولسىڭىز، ئۇ بىز بىلەن ئون قېتىم بىللە بولۇپ ئولگۇرىدۇ» دەپ سالدى.

قارىغاندا ئۇنىڭ دوستى ئانىسىنىڭ ھە دېسىلا بىردىڭ ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا قاقشاپ بەرگەن بولسا كېرەك.

ھالبۇكى، ئاساسلىق مەسىلە بالىلارغا ۋاقىتنى قانچىلىك ئاجرىتىشتا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ۋاقىت ئاجرىتىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشتا. ئادەمنىڭ ۋاقتى بەك قىس بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتنى ھامان ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا ئىشلىتىدۇ. مەيلى مەن قانچە ئالدىراش، قانچە ھارغىن، قانچە ساقسىز بولاي، بالىلىرىم بىلەن بىللە ئويناشقا، بىللە كىتاب ئوقۇشقا ھامان ۋاقىت چىقىراتتىم.

جاھاندا ئۆزى ئۇلگە بولۇشتىن ياخشى تەربىيە يوق. بالىلار يالغانچىلىقتا، ساختىپەزلىكتە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن سەزگۈر ۋە ھوشيار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىزنى ھۆرمەتلىسە، ئىشەنسە، مەيلى ئۇلار كىچىك بولسىمۇ، سىزگە ھەمكارلىشىدۇ. چوڭ ئوغلۇم راجىپ شوخ، خۇشخۇي بالا ئىدى. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۇكىسى تۇغۇلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئۆزىمىز كۆنگەن ئاللاخاباد شەھىرىدىن كۆچۈپ كەتتۇق. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇنى خاپا قىلىپ قويىدى. ئۇ ئۆزۈمنىڭمۇ تازا مىجەزىم

يوق چاغلار ئىدى. قارىسام، ئۇ بەك سەپرا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى تىللاي دېسەم تېخى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىلاجى بار چىرايلىق گەپ قىلىپ، ئۇنى بۇزۇنقىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، لېكىن ئۇنىڭ يىغلاڭغۇلۇق قىلىپ بەك جېنىمغا تېگىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

ئۇ: «ماڭا نېمە ئامال؟ ئۆزۈمنىڭمۇ يىغلىغۇم يوق ئىدى، لېكىن چىدىمىسام» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: «باغدىكى فونتانىمىز بەك چىرايلىق، يىغلىغۇڭ كەلسە، شۇ فونتاننىڭ قېشىغا بېرىپ يىغلىغىن» دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يىغلاي دېسىلا، مەن ئاستا «فونتان» دەپ قويىمەن، ئۇ كېتىپ قالىدۇ. باغدا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەرسىلەر كۆپ، شۇڭا ئۇ يەردە خاپىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولدى. بالىلار ئۆيدە يوق چاغلاردا مەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا باراتتىم، پەقەت دەم ئېلىش كۈنلىرىدىلا ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتىم. بالىلىرىمدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلىرىمدا، ئۇلارغا ھەپتىدە بىر ياكى ئۇنىڭدىن جىق خەت يېزىپ تۇراتتىم ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى سېغىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرەتتىم.

تۇرمۇشتا خۇشاللىقمۇ، غەم ـ قايغۇمۇ بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەربىيە ئارقىلىق بالىلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تاۋلاپ، ئۇلاردا ساغلام خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا مەكتەپتىن، دەرسلىك كىتابلاردىن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت ئانىنىڭ زىممىسىدە. ئانا بالىلىرىنىڭ ئۆز ـ

ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشى، ئۇلارغا بولغان مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەقىقىي مېھرىبانلىق ھەرگىزمۇ بالىلارغا مادارا قىلىش، ئۇلار نېمە قىلسىمۇ كارى بولماسلىق، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا گېپى كەلگەندە چەكلىمە قويۇش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش، دېگەنلىكتۇر.

راجىپ تېخى 12 ياشقا كىرمەيلا، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلىپ قالدى. دوختۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوپېراتسىيە قىلسا ئاغرىمايدۇ، دېدى. مەن ئەقلىنى تېپىپ قالغان بالىغا راست گەپ قىلمىسا بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، دوختۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپلا، ئۇنىڭغا، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن بىرنەچچە كۈن خېلى ئاغرىيدۇ، دېدىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىشىپ بەرگىلى بولغان بولسا، چوقۇم تارتىشىپ بېرەتتىم، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئاغرىق ئازابىغا چىداشقا تەييارلىق قىلىشى، مېنىڭ ۋارقىراپ يىغلىغان بىلەنمۇ ئاغرىقنى يەڭگىللەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى باش ئاغرىقى تېپىۋالىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى لازىم ئىدى. نەتىجىدە راجىپ بىر قېتىممۇ يىغلىمىدى، قاقشىمىدى، ھەممىگە كۆلۈپ تۇرۇپ بەرداشلىق بەردى. دوختۇر ئاخىر، چوڭلارنىڭ ئىچىدىمۇ مۇنداق چىدامىلىق بىمارنى كۆرمىگەنىدىم، دېدى.

بەزىدە مەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بالىلىرىمنى تاشلاپ قويىمەن، لېكىن بالىلىرىم بۇنى توغرا ھېسابلايدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ ھىندىستان بالىلىرىنىڭ تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆزلۈك خاراكتېرىنى ۋە ئالاھىدە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىشى خېلى ئىلغار دۆلەتلەردىمۇ تېخى يېقىندىن بېرى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ ئۆزۈن مۇددەت ئىزدىنىش

ۋە مەغلۇبىيەت ئارقىلىق ئىپتىراپ قىلىنغان. بۇ ئىپتىراپ قىلىنمىسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ زۆرۈر ھەرىكەتلەر قوللىنىلمىسا، ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كىشىلەر ھېس قىلدى.

سانائەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بۇيان، بىزنىڭ تۇرمۇش رىتىممىز شەپقەتسىز تېزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ياشاش، تىرىكچىلىك ۋە خەقلەر ئېيتقان ئۇزۇپ چىقمىشقا ئوخشاش بىر قاتار ئىشلاردا بولۇۋاتقان كۈرەش كىشىلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاتماقتا.

ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن كىشىلەر ئەتراپتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ياشتا چوڭ ئادەملەر بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە، تەبىئىيكى، ئاسان ماسلىشالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر قىلىش جەھەتتىن كۆڭۈلسىزى يوغىنايدىغان چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولىدۇ.

ئاتاقلىق شائىر، پەيلاسوپ خەلىل جىبران پەرزەنتلەرگە مېھرىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازغان:

بالىلارنىڭ بالىچە بولىدۇ ئەقلى،
ئاسرايلى ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك.
بىز دېگەن يولغا ماڭ دەيمىزۇ لېكىن،
ئۇلارنىڭ ماڭارغا يولى بار بۆلەك.

گويا بىر قۇش بولۇپ بالىلار قەلبى،
كەلگۈسى دۇنياغا قانات قاقىدۇ.
جىسمى گەر بەند بولسا تۆمۈر قەپەسكە،
روھى كەڭ ئالەمگە باغرىنى ياقىدۇ.

گەلگۈسى، ئەي، دۇنيا! نەدىسەن نەدە،
ئاھ، سېنى ئىزدەيمەن ھەتتا چۈشۈمدە.

پىكىر قىلىش جەھەتتىكى بۇ پەرقنى قانچىلىك ئاتا ـ ئانا ھېس قىلىپ يەتكەندۇ؟ تالاي كىشلەر ھېلىھەم بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ داۋامى ھېسابلاپ، يېتەلمىگەن ئارزۇلىرىنى ئۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ياشلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى سۆيگەنلىكى ۋە ھۆرمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى چەكلەپ، ئۆزلىرى تاللىغان، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتى بولغان ساھەلەردىن ۋاز كېچىپ، ئاتا ـ ئانا ياكى ھامىيلىرىنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنۇۋاتىدۇ.

بۇنداق ئازابلىق تاللاش كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە تۇرمۇشقا بولغان ھەۋەس ـ ئىنتىلىشلىرىنى بوغىدۇ. بۇ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن مەقسەت بىلەن خىزمەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىيەتكە بەخت يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان جۇشقۇن كۈچنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ توختام سۈدەك كېتىۋاتقان تۇرمۇشىغا بىر پاسسىپ ئامىلنى كۆپەيتىدۇ، خالاس.

قايسىبىر ئاتا ـ ئانا، ئەگەر قولىدىن كەلسە، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق جاپانى تەڭ تارتىشىپ بېرىشنى خالىمايدۇ؟ لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى، مۇنداق گەپلەر ھېلىھەم يادىمىزدا: «ئاخىرقى ھېسابتا بىز ئاتىمۇ ئەمەس، ئانىمۇ ئەمەس، ئەرمۇ ئەمەس، خوتۇنمۇ ئەمەس، بالىمۇ ئەمەس، پەقەت مەن دىگەن تەنھا بىر شەخس. بىز ئۆز ئۇسۇلىمىز ۋە مىجەزىمىز بويىچە ياشىشىمىز كېرەك».

لېكىن ئاتا ـ ئانا بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگۈچى بولۇۋالماسلىقى، بالىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىشقا مەيلى دەپ، ئۇلارغا نەسىھەتمۇ قىلماي، ئەقىلمۇ كۆرسەتمەي تۇرۇۋېلىشى كېرەكمۇ؟ ياق، تۇرمۇش ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەس. بىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلەشتەك مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالغان. شۇنداقتىمۇ بالىلارنى ئۆز مىجەزىمىزگە سېلىشقا، ئۆز ئارزۇيىمىزنى ئۇلارغا تېڭىشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز كېرەك.

بىز پەرزەنتلىرىمىزگە غەيرەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. خۇددى ئوكسفورد داشۆسى بالىيۇر شۆبىۋەنىنىڭ باشلىقى شىمس ئەنگلىيە باش مىنىستىرىغا 1919 ـ يىلى يازغان خېتىدە ئېيتقانىدەك، «ئېسىل تەبىئەتلىك، ئۆتكۈر نەزەرلىك، ھەقىقەت سۆيەر بولغانىدىلا، ئۇششۇقلۇقتىن، لېرىك ئېتىقادتىن، قۇرۇق گەپ قىلىپ كىشىلەرنى ئاغزىغا قارىتىشتىن، كاززاپلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ».

مۇشۇ مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا پەرزەنتلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا پۇختا ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم. ھالبۇكى، بۇ ئۇلارنى مۇۋاپىق بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس.

# كىچىك توماس ۋاتسون (1914 — )

## ئاتا. بالا. شىركەت

كىچىك توماس ۋاتسون — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر كارخانىچىسى، ئوھىئو شتاتىنىڭ دالتون دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، بوراند داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، كېيىن ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇچقۇچى بولغان، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئاتىسىنىڭ شىركەتتىكى ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1956 - يىلى ئاتىسىنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقئارا سودا ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى (IBM) نىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭ جاپالىق باشقۇرۇشى نەتىجىسىدە IBM دۇنيا ھېسابلاش ماشىنىسى كەسپىدە بىردىنبىر يېتەكچى خاراكتېرلىك چوڭ شىركەتكە ئايلىنىپ، بىر سەكرەپلا دۇنيا بويىچە بەشىنچى چوڭ سانائەت كارخانىسىغا ئايلانغان.

1991 - يىلى «ئاتا. بالا. شىركەت» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئاتىسى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى، ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى شىركەتنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزۇش ئۈچۈن قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى بايان قىلغان.

1956 - يىلى مەن IBM شىركىتىنىڭ ھوقۇقىنى ئاتامنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئالتە ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئاتام ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئۇن يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆز كەسپىنى ماڭا تۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىق ئەجىر سىڭدۈرگەن، مەنمۇ ئۆز قابىلىيىتىمنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جىق تىرىشقانىدىم.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپ راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدا چوڭ بولغان. خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپتىمەن، دۇنيانىمۇ ساياھەت قىپتىمەن، مەرتىۋەممۇ چوڭ، ئائىلەممۇ باي، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى سەللا دىققەت قىلمىسام، ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلىۋېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

باللىق دەۋرىمدە مەن ئانچە تىرىشچان ئەمەس ئىدىم. داشۆگە چىققاندىن كېيىن مەندە ئايروپىلان ھەيدەش ئىشتىياقى تۇغۇلدى. داشۆنىمۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئاران پۈتتۈرۈۋالدىم. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنۇم ئايروپىلان ھەيدەش بولغاچقا، كەسپىي جەھەتتىكى مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ئۇچقۇچى بولدۇم. بىرنەچچە يىللىق ھەربىي تۇرمۇش خاراكتېرىمنى، ئىقتىدارىمنى تاۋلىدى. 1943 - يىلى ھاۋا ئارمىيە لېيتېنانتى بولدۇم. ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ IBM شىركىتىنىڭ ئىشلىرىنى ئېلىپ كەتكۈدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىمنى تۇنجى قېتىم، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن ھېس قىلدىم. ھالبۇكى، ئۇرۇشتىن بۇرۇن مەن ئاتامنىڭ نەزىرىدە قابىلىيىتى ئادەتتىكىدەك بىر بالا ئىدىم. مېنىڭ بۇرۇنقىدىن جىق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىمگە، ئۇنىڭ ئىشىنى مېنىڭ ئېلىپ كېتەلىگۈدەك

ئىقتىدارىمىنىڭ بارلىقىغا ئۇنىڭ دېگەندەك ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە مەن ئاتامغا ياردەملىشىپ شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىشلىشىپ بەردىم. ئۇ ئاشكارا سورۇنلاردا مېنىڭ ئىقتىدارلىقىمنى، چاققانلىقىمنى ماختاپ قوياتتى. لېكىن خالىي يەرلەردە چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئىككىمىزلا ئۆز كۆز قارىشىمىزدا چىڭ تۇراتتۇق، بىر - بىرىمىزگە پەقەت يول قويمايتتۇق. 1950 - يىلى مەن ھېسابلاش ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى تېخىمۇ تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىڭ ئىنژېنېر، تېخنىكلارنى كۆپەيتىشكە، نەچچە ئون مىليون دوللار خەجلەپ زاۋۇت ۋە تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئاتام ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇنداقتىمۇ بىز ئاخىر ھېچكىمنىڭكىگە تەگلەشتۈرگىلى بولمايدىغان سۈرئەت ۋە پۈتۈن كۈچ بىلەن كەڭ - كۆلەمدە ھېسابلاش ماشىنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قارارىنى بېكىتتۇق. نەتىجىدە، شىركىتىمىز بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا 20 نەچچە مىڭدىن ئۇشۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار شىركەتكە ئايلاندى.

ئاتام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇ باشلىغان ئىشنى بىر باشقا ئاچقىش جەريانىمىز ھەم تولۇپ - تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن، ھەم ئوخشاشمىغان پىكىر جەھەتتىكى سان - ساناقسىز تالاش - تارتىش بىلەن تولغان. ئۇ ماڭا ھوقۇقىنى قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتكەن. مەن ئۇنىڭدىن يەنە بالا تەربىيىلەشكە دائىر ئاتىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنىمۇ ئۆگەنگەن. باللار مەندىن، ئاتا كەسپىگە چوقۇم ۋارىسلىق قىلىش كېرەكمۇ، دەپ سورىغاندا، مەن، قولۇمدىن

كەلسىلا ۋارىسلىق قىل، دەپ جاۋاب بېرىمەن.

ئاتام، مېنىڭ ئىشىمغا ۋارىسلىق قىل، دېگەن گەپنى ھەرگىز ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغان، لېكىن ئۇنىڭ مېنى شىركىتىگە قاتناشتۇرۇپ، ئاخىر شىركەتنىڭ IBM پۈتۈن ئىشىنى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇش ئارزۇسى بارلىقىنى مەن كىچىكىمدىلا ھېس قىلغان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بەش ياش چېغىمدا ئاتام مېنى شىركەت قارىمىقىدىكى بىر زاۋۇتقا ئاپارغان. قاچىلاش سېخىدىكى مېتاللارنىڭ دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان پۇراقلىرى، قۇيمىچىلىق سېخىدا پۇرقىراپ تۇرغان ئىس - تۈتەكلەر، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازلىرى تاكى بۈگۈنگىچە خىيالىمدىن چىقمايدۇ.

ئاتام ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن ھەم مېنى تەربىيىلىگەن. شۇڭا مەن ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلەردە چوڭ سۈپەت ئادەم بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىشتا چوڭ سۈپەت بولۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ مېنى سەپەرگە ئاچىقىشقا ئامراق ئىدى، سەپەردە ھامماللارغا تاپان ھەققى بېرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى. بىر كۈنى چىكاگوغا بارغاندا، ئۇ بىر ھامماللغا ئون دوللار بەردى. شۇ چاغدا ئۇ خېلى چوڭ پۇل ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا بۇنداق قىلىشتا ئىككى مەقسىتى بارلىقىنى ئېيتقان: بىرى، ھامماللارنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەيدىغان بۇنداق جاپالىق ئەمگىكىگە ئىچ ئاغرىتماي بولمايدۇ؛ يەنە بىرى، خەققە مۇلازىمەت قىلىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلمىسا، ئۇلار سېنىڭ يۈزۈڭنى چۈشۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

سەپەردە ئاتام بىلەن ئىككىمىز بەك يېقىن بولۇپ كېتەتتۇق، لېكىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئۇ مۇز ساندۇقىدەك سوغۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. بەلكىم ئۇ يا-

شانغان ھەم خىزمىتى ئالدىراش ئادەم بولغاچقا، مەندەك ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغاندۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، 13 يېشىمدا ئېغىر خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، كۈنبويى ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمەيدىغان، تاماقنىمۇ زورلىمىسا يېمەيدىغان، دېمىسە، ھەتتا مۇنچىغىمۇ چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدىم. 19 ياشتا، داشۆگە كىرىشتىن ئاۋۋال بۇ كېسىلىم يىلىغا ئىككى قېتىم قوزغىلاتتى، ئېغىر تۇتۇپ كەتكەن چاغدا ھەتتا ئۆلۈۋالغۇممۇ كېلەتتى.

داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن IBM شىركىتىنىڭ ساتقۇچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇپ، كېيىنچە مەھسۇلات سېتىش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم. مەن مەھسۇلات سېتىشقا بىرىنچى قېتىم چىقىپلا مىخقا ئۇسۇۋالغان. بىر كۈنى مارتىنو شىركىتىگە كېلىپ مالىيەگە مەسئۇل ئادەمنى ئاران تاپتىم. ئۇ مېنىڭ IBM شىركىتىنىڭ خوجايىنى توماس ۋاتسوننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ، قانداقتۇر بىر شىركەت خوجايىنىنىڭ ئوغلى ھەققىدە گەپ سېتىپ، ئۇنى بىكار تەلەپ، بەتخەج، ياخشى ئىشلىمەي، ئاخىر ھاراقكەش بولۇپ كېتىپ، دادىسى ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كەتتى، لېكىن مېنىڭ ساتماقچى بولغان تۆشۈكلۈك كارتوچكا ئارقىلىق بوغالتىرلىق قىلىش ماشىنىسىغا قىزىقىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىچە ماڭا نەسىھەتگۈيلۇق قىلىپ كەتكىنىگە قاراپ غۇرۇرىدە جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، ھەتتا IBM شىركىتىنىڭ ئىشىنى قىلمىسام بوپتىكەن، دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم.

مەھسۇلات سېتىشتا بىرنەچچە يىللىق ئەگرى - توقاي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاتام مېنى IBM شىركىتىنىڭ يېڭى مانخاتتان باش ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز كەسپىمنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باشلىدىم.

ئاتام ئادەتتە مېنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىمنى كۆزى-

تىپ تۇراتتى، نۇتۇق سۆزلەشنى تىگىشىغۇچىلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. مەن بىر خەيرىيەت ئورگىنىغا قاتناشقان چاغدىمۇ، ئۇ گېزىتتىكى ماڭا ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئوقۇپ تۇرغان. ئۇ مېنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈمنىڭ بىر پىكىرگە كېلىشىگە يول قوياتتى.

1950 - يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلاپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش، مەخپىي شىفىرلارنى يېشىش ۋە ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە ئوخشاش ھەربىي كەسپلەردە ھېسابلاش ماشىنىسىغا بولغان ئېھتىياج كۆپىيىپ كەتتى. بىز دەرھال «دۆلەت مۇداپىئە ھېسابلاش ماشىنىسى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ، IBM شىركىتىنى رىقابەت سەھنىسىگە ئاچىقتۇق. بۇ ماشىنىنىڭ ياسىلىشى ئاتام ماڭا بىرىنچى قېتىم يول قويغان زور تەۋەككۈلچىلىك ئىدى.

«دۆلەت مۇداپىئە ھېسابلاش ماشىنىسى» تەتقىق قىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئاتام بارلىق مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئەۋرىشكە ماشىنىنى كۆردى. ئاتامنى مېنى بىر ماختىۋېتەمدىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاياغ قىچە بىر ئېغىز ئۈندىمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى باشقا ئاچىقىشنى ئۆزۈمگىلا تاشلاپ بەرگەندەك قىلاتتى.

جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەيدىغان، ئوقۇشتىمۇ ئىلگىرى كېلەلمىگەن بالا چاغلىرىمدا ئاتام ماڭا مېھىر - مۇھەببەت، ئىلھام - مەدەت بېغىشلىغانىدى؛ مەن ساتقۇچى بولغان چاغدا ئۇ خىزمىتىمگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەردى؛ لېكىن مەن نەچچە ئون مىڭ خىزمەتچىسى بار كارخانىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا ئالغان چېغىمدا، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مېنى ھەرقانداق چوڭ مەسىلىدە ئۆزى بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە

مەجبۇر قىلدى.

1948 - يىلى، ئاتام 75 ياشقا كىرىشكە ئاز قالغان چاغدا IBM شىركىتىنىڭ يېرىم ھوقۇقىنى ئۇكام دېكنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ئالدىرىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇكام چوڭ بولسا، مەن بىر چەتتە تاشلىنىپ قالارمەنمىكىن، دېگەن ئەندىشەم بار ئىدى. ئۇ مەندىن بەش ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مۇناسىۋەتكە ئۇستا ئىدى، خەقلەرگە ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلاتتى. خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭمۇ تۇتمايتتى، تۆۋەنمۇ تۇتمايتتى، سالاپەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى خېلى تۆۋەن چاغلايتتىم.

ئاتام مېنى IBM شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قىسمىغا مەسئۇل قىلماقچى بولدى. بۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئامېرىكىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئىنىمنىڭ باشقۇرىدىغىنى IBM شىركىتىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى قىسمى بولۇپ، IBM نىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى ۋە زاۋۇتلىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان بۇ بالا شىركەت IBM ئالەم سودا شىركىتى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ ئاتامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جاپالىق تىجارەت ئارقىلىق بەرپا قىلغان ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەيران قالارلىق مۆۋەپپەقىيىتى ئىدى. مەن ئاتامنىڭ ئۇ پىكرىگە دەررۇ قارشى چىقىپ، ئالەم سودا شىركىتىنى قۇرۇش بەلكىم بيۇروكراتلىقنى كۈچەيتىۋېتىشى، چىقىمنى كۆپەيتىۋېتىشى، پۈتۈن IBM نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى كېمەيتىۋېتىشى مۇمكىن، كانادادىكى ئىگىلىكىمىزنى ئالەم سودا شىركىتىگە قارىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدىم. بۇ چاغدا ئاتام غەزىپىنى باسالماي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «ئۇكاڭغا كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش پۇرسىتى بەرگۈڭ كەلمەمدۇ!؟ زادى سېنىڭ خىيالىڭ نېمە؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئاتامنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنى بىر - بىرىمىزگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەڭلىكتە قالدىم. ئاخىرىدا ئاتام: «ئېسىڭلاردا بولسۇن بالىلىرىم، ھەرقاچان ئىناق، ئۆم ئۆتۈڭلار!» دېۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتتى.

مەن ئاتام بىلەن كېلىشىپ ئۆتۈشنى، خالىغاندا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، پۇتلىرىمنى ئۈستەلگە ئېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن IBM نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈستىدە سۆزلىششنى خالايتتىم. 1950 - يىلى مەن كەسپىي جەھەتتە خېلى پىشىپ يېتىلگەن بولسامۇ، تېخىچىلا مۇئاۋىن ئىجرائىيە باشلىقى ئىدىم. ئاتام بۇنىڭغا نارازى ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ، ئەگەر تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق تۇتۇش ئويۇك بولسا، ھەربىر مەسىلىدە مەن بىلەن داۋاملىق تالاش - تارتىش قىلىشىڭ كېرەك، دېدى. مەن ئۇنىڭ قوپاللىقىدىن رەنجىگەنىدىم، ئۇ: «سەن بىلەن كاپىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق. مېنىڭ ساڭا ئىشلەشنى ئۆگىتىدىغان بىردىنبىر چارەم شۇ.» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ مېنى تەربىيىلەيدىغان، چېنىقتۇرىدىغان، يېتىشتۈرىدىغان چارىسى شۇ ئىكەن.

بىزنىڭ ئەڭ كەسكىن تالاش - تارتىشىمىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئەمەس، بەلكى شەرقىي كوچا 75 - بىنادىكى ئۇنىڭ بىلەن ئانام ئولتۇرىدىغان ئۆيدە بولغانىدى. بىر كۈنى مەن مۇھىم بىر ئىش تۈپەيلى ئۆيۈمگە قايتىماي، چوڭ ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ئاتام بىلەن ئانام ئىككىسى بىر مەرىكىگە كېتىپ قالغان، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە مەن خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىكەنمەن. ئاتام ماڭا خەيرلىك كەچ تىلەشنى باھانە قىلىپ قەستەن مېنى ئويغىتىۋەتتى ۋە كاردۋاتنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىرئاز چاقچاق

پاراك سالغاندىن كېيىن، مەن بىلەن غەربىي رايوندا تىجارەت كەسپىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

بۇ مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئويلىنىپ تېخى يېڭىلا ھەل قىلغان مەسىلە ئىدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ ھەل قىلىش چارەمدىن رازى بولماي، مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە پۈتتۈرگەن ئىشىمنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇيقۇمۇ قېچىپ كەتتى، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم. ئاتامنىڭمۇ ئېڭەكلىرى تىترەپ، چىرايى كۆكىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا يېرىم كېچە سائەت بىر يېرىم بولغانىدى. بىزنىڭ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقان ۋارقىراشلىرىمىزنى ئاڭلاپ، ئانام كېچىلىك خالىتى بىلەنلا، چاچلىرى چۇۋۇق ھالدا ئىشىككە كەلدى ۋە ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايلا: «بولدى، ۋارقىراشماڭلار، دەرھال چىقىپ ئۇخلىغىن، بودەك ساقال» دېدى.

جېدەللىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ خورسىنىپ يىغلاش بىلەن ئاياغلاشتى. ئۆزئارا قۇچاقلاشتۇق، ئاداۋەت ساقلىماسلىققا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇرۇشماسلىققا قەسەم قىلىشتۇق، لېكىن ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئارىمىزدا يېڭىدىن پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ، يەنە جېدەل - تالاش بىلەن ئۆينى باشقا كىيدۇق. شۇ چاغلاردا دۇنيادا بىزگە ئوخشاش بىر - بىرىنى ئارام بەرمەي قىينايدىغان ئاتا - بالىدىن يەنە بىرىمۇ بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

«دۆلەت مۇداپىئە ھېسابلاش ماشىنىسى» نىڭ تەتقىق قىلىپ ياسىلىشى IBM شىركىتىنىڭ سودىسىنى تېز روناق تاپتۇرۇپ، 1952 - يىلىغا كەلگەندە 250 مىليون دوللارلىق ئۆتكەلنى بۇزۇپ تاشلىدى. لېكىن مۇشۇ چاغدىمۇ ئاتام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆمۈرۋايەت يادىمىزدىن چىقمايدىغان بىر جېدەل بولدى.

شىركىتىمىزگە قاراشلىق باسما ماشىنىسى باشقارمىسىنىڭ دىرېكتورى ۋاپات بولغانىكەن. مەن ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كالىفورنىيە شىتاتىغا بارماقچى بولدۇم. ئايرودرومغا ماڭاي دەپ تۇرسام ئاتام مېنى چاقىرتتى. باشقا بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋېتىپ، يەنە بىر ـ بىرىمىزگە يول بەرمەيدىغان جېدەل ـ تالاشقا چۈشۈپ كەتتۇق. كېيىن ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمەي قالماي دەپ، گەپنى توختىتىپلا، ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئايرودرومغا مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولۇشىنى نەدىن بىلەي، ئۇ ئۇنىڭ تازا قېرىلىق يەتكەن 78 ياشلىق ۋاقتى ئىدى. قارىسام، ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى سايە بىر يەردىن ئالدىمغا پۈتىنى سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كۆپكۆك تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان قوللىرى بىلەن كاپ قىلىپ ماڭا ئېسىلىۋىدى، ئۇقمايمەن، نەدىن كەلگەن ئاچچىقكىن بۇ ماڭا: «ۋاي، نېرى تۇرغىنا، قېرى، نېمانچە رودۇپايدەك چاپلىشىۋالىسەن!» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە. ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، ئايروپىلان بار يەرگە كېتىپ قاپتىمەن.

بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئەڭ ئۇزۇن ئۈچقان، يەنى ئۇدا توققۇز سائەت ئۈچقان ۋاقتىم ئىدى. ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. ئاتام بۇ قىلغىنىم ئېغىر كېلىپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسە، بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالارمەنمۇ، دەيتتىم. ئايروپىلان يەرگە قونۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا دەرھال تېلېفون بېرىپ، شۇ كۈندىكى قىلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن بالا ـ چاقىلىرىمنى ئېلىپ شەرقىي دېڭىز ساھىلىنىڭ جەنۇبىدىكى چىساپىك قولتۇقىغا دەم ئېلىشقا باردىم. سەپەردىمۇ ئىچىمدىكى ئېغىرچىلىق كۆتۈرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇشايمان ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئاتامغا تۆۋەندىكى خەتنى يازدىم.

قەدىرلىك ئاتا:

پاراخوتتا چېساپىك قولتۇقىغا كېتىۋېتىپ ساڭا خەت يازغۇم كېلىپ قالدى. ئۆزۈم كۆپكۆك دېڭىز ۋە ئاسمانغا قارىغىنىم بىلەن، 38 يىل مابەينىدىكى ئىشلار كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيۋاتىدۇ. ئوغۇللىرىڭغا شۇ قەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىڭنى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىڭنى، ئاسرايدىغانلىقىڭنى، ھالىغا يېتىدىغانلىقىڭنى مەن بۇرۇن جىق ھېس قىلغان، لېكىن بۇنى ئۆزۈم ئوغۇللۇق بولغاندىن كېيىنلا ھەقىقىي چۈشەندىم، دېسەم بولىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇممۇ مەن سەن بىلەن ئۇرۇشقاندەك، مەن بىلەن ئۇرۇشمىغاي ئىلاھىم. چۈنكى بۇنداق ئىش ئاتىغا بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلىدىكەن.

بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەل - تالاشلار بەك جىق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئونىنىڭ توققۇزىدا سەن ھەقلىق. بىرەر قېتىمدا مەن ھەقلىق دېگەندىمۇ، ئەگەر مەن ھالىڭغا يېتىدىغان ئوغۇل بولسام، يەنىلا ساڭا يول قويۇشۇم كېرەك ئىدى. ئانام بىلەن ئىككىڭلارنى ھاياتلىقىنىڭ ئۆلگىسى دېسەك بولىدۇ. سىلەرنى دوراپ باقاي، سىلەر پەخىرلەنگۈدەك ئادەم بولۇشقا تىرىشىپ باقاي، دەپ ھەرقانچە قىلساممۇ، نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆڭۈلدىكىدەك بولالمىدىم.

مەن سېنى يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، ھۆرمەتلەيمەن، پۇرسەت كەلگەندە كۆڭلۈمدىكى ئىزگۈ نىيەتلىرىمنى ھەم دەۋالارمەن. شىركەت سېنىڭ كەسپىڭنىڭ ۋە سالامەتلىكىڭنىڭ ئاساسى. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كەسپىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيمەن. مەن ئەزەلدىن ھازىرقىدەك سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭگە، ياردىمىڭگە موھتاج بولغان ئەمەسمەن، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سەن بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، سېنىڭ ئوغلۇڭ دېيىشكە مۇناسىپ ئادەم بولىمەن.

كۆڭلۈمدە جىق گەپلىرىم بار، لېكىن قەغەز يۈزىدە ئىزهار قىلالمىدىم.

### ئوغلۇڭ تام

خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتام بۇنىڭدىن ئاز - تولا بولسىمۇ تەسەللىي تاپار، دېگەن ئۈمىدتە، خۇددى ئۇستۈمدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالدىم. گەرچە بىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا جېدەل - تالاشتىن يەنىلا خالىي بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۆز پىكرىمىزدە بۇرۇنقىدەك جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالمايدىغان بولدۇق.

IBM شىركىتىنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى. 1955 - يىلى شىركىتىمىزنىڭ سودىسى 500 مىليونلۇق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. سودىمىز يىلىغا 20% كۆپىيىپ، 1 مىليارد دوللار پۇل تېپىش نىشانىغا يېقىنلىشىپ قالدۇق.

ئۇكامىنىڭ سودىسىمۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇ كونىۋيى ئالدىراش ئىشلەپ، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىشلارنى جايى - جايىدا بىر تەرەپ قىلدى. 1954 - يىلى ئالەم سودا شىركىتىنىڭ تىجارەت سوممىسى 100 مىليون دوللاردىن ئېشىپ، تىجارەت دائىرىسى دۇنيادىكى 76 دۆلەتكە كېڭىيىپ، كۆلەم جەھەتتە تەڭداشسىز شىركەتكە ئايلاندى.

1956 - يىلى مايدا ئاتام IBM شىركىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ماڭا، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئالەم سودا شىركىتىنى ئۇكامغا رەسمىي تاپشۇردى. مەن ئۇنى يەنە شىركەتتە قېلىپ بىزگە مەسلىھەتچى بولۇپ بېرەر، دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۇنى ئەجەل مارىلاپ تۇرغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەن. ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە يامانلاپ، ئېغىر

ئاشقازان يارىسى ئۇنى تاماق يېيەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. دوختۇرلار، ئاشقازانىنىڭ چىقىش ئېغىزى تاتۇق بولۇپ توسۇلۇپ قالغان، دەپ دىئاگنوز قويدى. ئۇ چاغدا ئاددىي بىر ئوپېراتسىيە بىلەنلا ئۇنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولاتتى، لېكىن ئۇ تېنىمگە پىچاق تەگكۈزمەيمەن دەپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھەزىم قىلىشى تېخىمۇ يامانلاپ كەتتى. ئۇنى ھەتتا ئاچارچىلىق ئازابىدا جان تالاشتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆزىنى روھلۇق تۇتتى. مارت ئېيىدا 500 ئادەمنى ۋاشىنگتوندىكى بىر رېستورانغا يىغىپ تىجارەت يىغىنى ئاچتۇق. ئاتام كېچىكىپرەك كېلىپ كەينى بىر يەردە تۇرۇپ قالغانىكەن، يىغىن رىياسەتچىسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، مۇنبەرگە چىقىپ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ چاغدا ئاتام 82 ياشقا كىرگەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاستا رۇسلاپ، پەم بىلەن دەسسىگىنىچە مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشتى، ئۇنىڭ قەددى ئوبدانلا رۇسلىنىپ، قەدەم ئېلىشلىرىمۇ يېنىكلەشتى، ھەتتا پەلەمپەيگە كەلگەندە ئىككى پەلەمپەينى بىرلا ئاتلاپ مۇنبەرگە چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن سورۇندىكىلەر قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ ھەممەيلەننى ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، IBM نىڭ ئىشلىرىنى مەڭگۈ راۋاج تاپتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئاتامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەھۋاللىرى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كېسەلخانىنىڭ چىرىغى يوپيورۇق. ئانام ھەم بىز بەش بالا ئاتامنىڭ بېشىدا چۆرىدەپ تۇراتتۇق. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇق، بېشى سەل ئالدىغا كۆتۈرۈلگەن ھالدا

جىمجىت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەربىر نەپەس ئېلىشى ئالدىنقىسىدىن تەس ھەم ئارىلىقى ئۇزۇنراق ئىدى. ئاخىر ئۇ ئالدىرىماي، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، خۇددى: «ئاھ، دۇنيانىڭ قايغۇ ــ ئەلەملىرى ئەمدى قالدىغۇ» دېگەندەك قىلىپ، نەپەسنى ئاستا چىقىرىۋەتتى ۋە مەڭگۈ نەپەستىن قالدى.

# رىگان (1911 — )

## ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا

رىگان — ئامېرىكىنىڭ 40 - زۇڭتۇڭى (1980 — 1988)، بۇرۇن كىنو ئارتىسلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 50 كىنودا رولغا چىققان، 1962 - يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىگە كىرگەن، 1966 - يىلى كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شتات باشلىقى بولغان، 1970 - يىلى يەنە قايتا سايلانغان، 1980 - يىلى ئامېرىكىنىڭ 40 - زۇڭتۇڭى بولغان، 1984 - يىلى يەنە قايتا سايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن.

1983 - يىلى 4 - مارتتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رىگان خانىمى نانسى بىلەن ئاقسارايدا ئۆزلىرىنىڭ توي قىلغانلىقىنىڭ 35 يىللىق خاتىرە كۈنىنى ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن ئامېرىكا «ياخشى ئائىلە ژۇرنىلى» رىگان زۇڭتۇڭنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن خوتۇن - بالىلىرى ۋە ئامېرىكا ئائىلىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا سوئال سورىغان. تۆۋەندە بېرىلگىنى شۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ قىسقارتىلمىسى.

مۇخبىر: تۇنجى قىزىڭلار پادى تۇغۇلغاندىن كېيىن خانىمىڭىز ئۆزىنىڭ ئارتىسلىق كەسپىدىن ۋاز كەچتى. بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن ئاياللىرى دەل مۇشۇنداق تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. سىلەر ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەنمىدىڭلار؟

رىگان: ياق، مەسلىھەتلەشمىگەن. بۇ پۈتۈنلەي نانسىنىڭ ئۆزىنىڭ قارارى. كۆپچىلىككە ئايان، مەن نانسى بىلەن توي قىلغان چاغدا ئۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئارتىس ئىدى. مەن ئۇنى تالانتلىق ھېسابلايمەن، ئۇ رول ئالغان 12 فىلىمنىڭ مۇدىرىمۇ شۇنداق قارايدۇ. بىز توي قىلىشتىن بۇرۇن بىر فىلىمدا تەڭ رولغا چىققان، كېيىن بىر نەچچە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىغا ھەم بىر كىنوغا بىللە قاتناشتۇق.

نانسىنىڭ ئاپىسىمۇ ئارتىس. ئۇ: «سەن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى ئىشنى تەڭ قىلىمەن، يەنى ئارتىسلىقىمۇ قىلىمەن، بالىمۇ باقىمەن، دېسەڭ، چوقۇم بىر ئىشنى چاتاق قىلىسەن.» دېگەن. شۇڭا نانسى ئارتىسلىقنى تاشلاپ، پۈتۈن ئۆيىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئائىلە ئايالى بولۇش يولىنى تاللىۋالدى. مەن نانسىغا شۇنداق باھا بېرىمەنكى، ئۇ ئارتىسلىقنىمۇ، ئائىلە ئاياللىق ۋەزىپىسىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالىدى.

مۇخبىر: بەزى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، نانسى بىلەن ئىككىڭلار ھېچكىمنى ئاراڭلارغا سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە يېقىن ئىكەنسىلەر. بۇ بالىلىرىڭلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ ئاشۇنداق قاراشقا قوشۇلامسىز؟ ئەگەر سىزگە تۇرمۇشنى يېڭىباشتىن باشلاش توغرا كەلسە، بالىلىرىڭىزنى بۇرۇنقىدەك ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەمتىڭىز؟

رىگان: مەن ئۇ قاراشقا قوشۇلمايمەن. نانسى بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىزنى بالىلار بىلەن بەك يېقىن ھېس قىلىمىز.

بۇ بىرنىڭ ئۆزۈنىدىن بۇيانقى ھېسسىياتىمىز. نانسى مېنى باللىرىغا كۆيۈنىدىغان مېھرىبان ئاتا، دەپ قارايدۇ.

مەنمۇ ئۆزۈمنى ياخشى ئاتا، دەپ ھېسابلايمەن. بۇرۇن فىلىمغا قاتناشقان چاغلىرىمدىمۇ، ھەر بىر كىنونى ئىشلەپ بولۇپلا، بىر ۋاقىت چىقىرىپ، باللىرىم بىلەن بىللە تاماشا قىلاتتىم. ئىشەنچىم كامىلكى، ئەگەر ماڭا تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاش توغرا كەلسە، باللىرىمنى داۋاملىق يەنە شۇ بۇرۇنقى ئۇسۇلۇم بىلەن تەربىيىلەيتتىم.

**مۇخبىر:** سىزچە بۈگۈنكى ئامېرىكىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقى قايسى؟

**رىگان:** ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى ئامېرىكىدىكى ئاتا - ئانىلارمۇ ئىلگىرىكى ئاتا - ئانىلارغا ئوخشاش ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، باللارغا كۆيۈنۈش، باللارنى يېتەكلەش ۋە باللار ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە، باللار بىلەن پەخىرلىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، باللار ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن، باللار ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىش، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش، ئۇلار بىلەن بىللە تەنھەرىكەت قىلىش، بىللە تاماق يېيىش ئۇلارغا داستىخان ئۈستىدىكى ئەدەپ، قائىدىنى ئۆگىتىش ۋەھاكازالار. تۇرمۇشتىكى بۇ ئوخشاش - چۈششەك ئىشلار خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ھالقىدەك ئاتا - ئانا بىلەن باللارنى بىر - بىرىگە چاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى توق قىلىدۇ.

ئوغلىمىز 15 ياشقا كىرگەندە بىر قېتىم بىزدىن، مېنى دالىغا ئاچىقىپ قوندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالامسىلەر، دەپ سورىدى. بىز ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۆت كۈنلۈك دالا پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردۇق. كۈندۈزى بالىمىز بىلەن جىلغىدا ئات چاپتۇردۇق، كېچىدە گۈلخان ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىقتا

خالتىغا كىرىپ ئۇخلىدۇق، ئەتىسىگەنىدە دەرياغا بېرىپ بېلىق تۇتتۇق، ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇ قېتىمقى دالا پائالىيىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى چۈشتە 3000 فۇت ئېگىزلىكتىكى بىر تاغقا ياماشتۇق. نانىسىنىڭ ئېگىز تاغقا چىقسا بېشى ئايلىنىدىغان كېسىلى بار ئىدى، لېكىن ئۇ بالىنى ۋە بۇ قېتىمقى دالا پائالىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى كۆزلەپ، چىشىنى چىشلەپ، تاغقا بىزگە ئوخشاشلا يامىشىپ چىقتى.

مەن ھەممىلا ئائىلە ئاتلىق تاغقا چىقىدىغان، دالىدا ياتىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسۇن، دېمەكچى ئەمەسمەن. ھەر ھالدا ئائىلە ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىلارنى ھەمنەپەس قىلالايدىغان باشقا نۇرغۇن ئىشلارمۇ بار.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى ئامېرىكىدىكى بەزى ئاتا ـ ئانىلار سادىر قىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇلار بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشقا، ئۇلارغا ئۆز قىممىتىنى تونۇتۇشقا سەل قاراۋاتىدۇ. ئادەتتە، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قوللىشى يېتەرسىز بولغان بالىلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى تونۇش تۇيغۇسى تۆۋەنرەك بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىگە، چوڭراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل. بۇ بالىلار ئۆزىگە ۋە ئائىلىگىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتكىمۇ پايدىسىز.

**مۇخبىر:** بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئاتا ـ ئانىلار جاۋابكار، دەپ قارامسىز؟

**رېگان:** ھەر بىر ئادەم مەغلۇبىيىتىگە ئۆزى جاۋابكار بولۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا ئائىلە، دىنىي جەمئىيەت، مەكتەپ، قولۇم ـ قوشنا، ھۆكۈمەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى دېگەندەكلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئامىللار ئىچىدە

دوراش، تەقلىد قىلىش ئاملى بولىدۇ. ھەممىدىن جىقراق دورىلىدىغان ۋە تەقلىد قىلىنىدىغانلار، ئەلۋەتتە، ئاتا - ئانىلار.

1986 - يىلى مەن ئاقساراي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئامېرىكىدىكى ئائىلىلەر ئۈستىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈشنى بۇيرۇدۇم. تەكشۈرۈشتە بايقالغان مۇھىم بىر نۇقتا شۇ بولدىكى، ئائىلىلەردىكى ھەق - ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى جەمئىيىتىمىزگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋېتىپتۇ. تۇرمۇشتا ھەق - ناھەق تۇيغۇسىنى تىكلەشتىكى ئەڭ ياخشى چارە شۇكى، ھەممە ئىشتا ئاتا - ئانىلار ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بالىلىرىنى تەربىيىلەيمەن، دەيدىغان ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى تەكشۈرۈپ تۇرمىسا بولمايدۇ.

مۇخبىر: بۇنىڭدا ھۆكۈمەتنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بارمۇ؟

رىگان: ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق تەدبىرلىرىنىڭ ياخشى. بىراق ئەسلىدە ئۆز - ئۆزىنى بېقىپ كېتەلەيدىغان بەزى ئائىلىلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بار، دەپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىقمۇ يەنە بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تۇغۇلۇۋاتىدۇ.

مۇخبىر: ئەنئەنىۋى دەپ قارىلىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ كەلگۈسى سىزچە قانداق بولار؟

رىگان: ھازىر ئامېرىكا ئائىلىلىرىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىلىقلار يەنىلا ئائىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا تەشنا. خەلق رايىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «كۆكۆللۈك ئائىلىۋى تۇرمۇش» ھەر قانداق ئىجتىمائىي قىممەتنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇلىدىكەن. تەنساقلىق، غۇرۇر، ئەركىنلىك دېگەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. ئامېرىكىلىقلار جەمئىيەتتىكى بويتاقلىق، يالغۇز ئۆتۈش، نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش، دېگەندەك ھەر خىل ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپمۇ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ تۈپكى ئۇقۇمنى ئېتىراپ

قىلماقتا. مۇكەممەل ئائىلىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ۋە ئېگىلمەس روھلا بولىدىكەن، بىز بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى تۈگىتىپ، ئائىلىگە ئېتىبار بېرىش كۆز قارىشىمىزنى يەنە يېڭىباشتىن تىكلىيەلەيمىز.

مۇخبىر: ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ھېلىھەم مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىمۇ؟

رىگان: ئۆلۈم ـ يېتىم، نىكاھتىن ئاجرىشىش، تاشلىۋېتىش تۇپەيلى ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىش ھەرقانداق بالا ئۈچۈن مۇتلەق بىر پاجىئە. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ ئىمكانقەدەر بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، بۆلۈنمە ھالەتتىكى ئائىلە ھەرگىز كۆڭۈلدىكىدەك ئۆرنەك ئەمەس.

دەرۋەقە، نۇرغۇن بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرى ئاجرىشىپ ياكى ئۆلۈپ كەتكەن قىيىن شارائىتتىمۇ يەنىلا ياشاۋاتىدۇ. لېكىن ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان موھتاجلىقى ھەرگىز يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس.

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، مىللىي خاراكتېرىمىز ئائىلىدىمۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، ئاتىمۇ، ئانىمۇ بولغان ئائىلە ھامان بىر تەرەپنىڭ قولىغا قالغان ئائىلىدىن ئەۋزەل.

## ۋادا كاتسۇ (1907— )

# ئائىلىق رولىنى تونۇش

ۋادا كاتسۇ — ياپونىيىنىڭ ئاتاقلىق كارخانىچىسى، 1930 - يىلى يائوخان سودا دۇكىنىنى قۇرغان، 1956 - يىلى بۇ دۇكاننىڭ ئىسمىنى يائوخان يېمەكلىك، تۇرلۇك ماللار سودا دۇكىنى (شېركىتى) غا ئۆزگەرتىپ، يىللىق كىرىمىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ، ياپونىيە سودا ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلانغان، 70 - يىللاردىن باشلاپ چەت ئەللەرگە كېڭىيىپ، برازىلىيە، سىنگاپور، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە شوبە دۇكان ئېچىپ، يائوخان خەلقئارا گۇرۇھىنى شەكىللەندۇرگەن.

ۋادا كاتسۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك يارىتىشتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ بىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى «ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە مېھرىبان بولۇش» تەك يائوخان روھى بىلەن تەربىيىلەشتۇر. ئۇ ئائىلىسىدىمۇ دەل مۇشۇنداق روھ بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئائىلىق رولىنى ياخشى تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، بەش ئوغلىنى مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۇرگەن.

كوبىدىكى ھامىمام «بالىلىرىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەيلى»
دېگەن كىتابنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. بۇ گوك ياچىسىن ئەپەندى
يازغان كىتاب ئىكەن. ئۇ مېنىڭ تىجارەت ھەم بالىلارنى
قاتارغا قېتىش ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرگەن ۋاقىتلىرىم بولغاچ-
قا، گوك ياچىسىن ئەپەندىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.
ئېرىم بىلەن ئىككىمىز قانداق قىلساق، بالىلىرىمىزنى
داشۆدە ئوقۇتۇپ ئۆز ئىستىقبالىنى تاپقۇدەك كۈنگە ئېرىشتۈ-
رەرمىز، دېگەن كويدا بولغاچقا، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
يۈرەك قېنىمىزنى جىق سەرپ قىلدۇق. بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇش
نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغاندا: «بۇ قانداق بولغىنى،
بۇنداق قىلساڭلار قانداقمۇ داشۆگە چىقالايسىلەر؟ كۈنبويى جاپا
تارتىپ، لايغا مىلىنىپ ئىشلەيمىز، بىز زادى كىم ئۈچۈن مۇنچە
جاپا تارتىۋاتىمىز؟» دەپ ئۇلارغا كايىپ كېتەتتۇق. ئۇزۇن
ۋاقىتلاردىن بۇيان بىز بالىلارغا مۇشۇنداق نەسىھەت قىلساق
بولىدۇ، دەپ ئويلايتتۇق، بالىلارمۇ بىزنىڭ بۇنداق نەسىھەت-
لىرىمىزگە لام - جىم دېمەي بويسۇناتتى.

لېكىن گوك ياچىسىن ئەپەندىنىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن
شۇنى چۈشەندىمكى، بالىلار ياخشى ئوقۇسىلا، ئىمتىھانلاردىن
ئوبدان ئۆتسىلا، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ،
بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس ئىكەن.
دەر ھەقىقەت، بالا ھەر قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئاتا - ئانى-
سىنىڭ گېپىگىمۇ كىرمەيدىغان كۆڭلى قارا، كاززاپ بالا بولۇپ
قالسا، ئۇنىڭدىن يامان ئىش يوق. بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش
ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇشتىلا ئەمەس، پەزىلەتتىمۇ يېتىشتۈرۈش
كېرەك. مېنىڭ بالىلارنىڭ ئوقۇشىنىلا تۇتۇشتەك تەدبىرىم
ھەرگىز ئاقىلانە تەدبىر ئەمەس ئىكەن.

قىسقىسى، «بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئالدى

بىلەن ئۇلارغا ياخشى گەپ قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك» ئىكەن. مەن ئۇ كىتابنىڭ بېشىنى ئوقۇپلا قاتتىق ھاياجانلاندىم، تەسىرلەندىم ۋە ئۇنى بىر ـ اقلا ئوقۇپ ئاخىرىغا چىقاردىم. بۇرۇن بالىلارنى تەربىيىلەش مەكتەپ ـ تىكى مۇئەللىملەرنىڭ ئىشى دەپ قاراپتىكەنمەن، لېكىن كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ ئىشنىڭ ھەرگىز بۇنداق ئەمەسلىكىنى، تەربىيىدە ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىنىڭمۇ چوڭ تەسىرى بارلىقىنى، ئەگەر ئاتا ـ ئانا توغرا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى بىلمىسە، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

كىتابتا يەنە مۇنداق دېيىلىپتۇ: «ئادەم خۇدانىڭ بالىلىرى. شۇڭا تۇغۇلۇشتىلا ئۇنىڭغا ئىقتىدار ئاتا قىلىنغان. ئۇنى ئىقتىدارلىق قىلىپ يېتىشتۈرەلمەسلىك ئەسلى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىدە. بالىدىكى ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ئىشلەنمىگەن بىرلىيانتقا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ سىرتىدىن پارقىرىمىغانلىقىغا قاراپلا ئۇمىدىمىزنى ئۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ. بىرلىيانتنى سۈركەپ تۇرۇپ پارقىراتقانغا ئوخشاش، ئىقتىدارنىمۇ ئىلھام ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ياخشى گەپ بىلەن بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىكى بارلىق ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرايلى!» بالىلار ئەسلى يارامىلىق، دېگەن بۇ پىكىر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم پاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەشتىكى غەيرىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

كۆز ئالدىمغا ھەر بىر بالامنىڭ قىياپىتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى كېلىۋالدى ـ دە، ئۆزۈمچە: «سىلەر ھەممىڭلار ئوبدان بالىلار!» دەۋەتتىم.

مەن، بۇرۇن بالىلىرىمغا قانداق مۇئامىلە قىلدىم، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندىم. راست، ئۇلارنى ئوبدان ئوقۇسۇن، ساغلام چوڭ بولسۇن، دەپ جىق جان كۆيدۈردۈم، شۇنداقتىمۇ تەربىيىلەش ئۇسۇلۇمدا يېتەرسىز جايلار ئاز ئەمەسكەن.

«بالىلىرىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەيلى» دېگەن كىتابتا يەنە مۇنداق بىر سۆز بار ئىكەن: «بالىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەينەك. شۇڭا بالىلىرىمىزنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز نەمۇنىلىك رول ئوينىشىمىز كېرەك. ئاتا ـ ئانا ياكى تەربىيىلىگۈچىنىڭ كۈندىلىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.»

بۇرۇن تىجارەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئېرىم بىلەن ماي تارتىشىپ قالىدىغان، ھەتتا بالىلىرىمىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ قالىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى. بۇغۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ تىجارەتنى دەپ ئۇرۇشۇپ قېلىشى، لېكىن بالىلارنىڭ نەزەرىدە نېمىلا دېگەنبىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سوقۇشۇشى ھېسابلىنىدۇ ـ دە. مەن بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ، بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمىغۇدەك. دېدىم ـــ دە، ئېرىم رانپىننىڭ نەمۇنىچى پىرىكازچىك بولۇپ باھالانغان ئۈچ پارچە تەقدىرنامىسىنى بالىلىرىمىنىڭ ئۆيىمىزگە چاپلاپ، ئۇلارغا: «داداڭلار بوش ئادەم ئەمەس جۇمۇ، مۇنداق ئېسىل ئىشلىرى بار» دەپ قويدۇم، يەنە ئۇلارغا دادىسىنىڭ شاگىرت ۋاقىتلىرىدا قاردا يالىڭاياق مېڭىپ كۆكتات ئەكەلگەن ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئويلاپ باقسام، بالىلارغا دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى مەن سۆزلەپ بەرمىسەم، باشقا ئادەم سۆزلەپ بەرمىگۇدەك. بۇ يەردىمۇ مەن رولىمنى جارى قىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن.

بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلار مەجلىسىگە بېرىشقا ئانچە قىلىپ كەتمەيتتىم، كېيىن قىزغىن قاتنىشىدىغان، بارمايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدىغان بولدۇم. يەنە تېخى ئاتا ـ ئانىلار مەجلىسىدىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈپ، بالىلىرىمىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىلا ئەمەس، يەنە ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىك قانــداق ئىشلىرى قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى، قانــداق
يېتەرسىزلىكلىرى بارلىقىنى ئۇقۇشۇپ تۇردۇم. داستىخاندا بالى-
لىرىمىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سۆزلەپ: «مۇئەللىمىڭ سېنــى ماختى-
دى. سەن ماختاشقا ئېرىشسەڭ، ئاپاڭنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدىكەن
بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولۇپ كەتتــىم» دېگەنــدەك
سۆزلەرنىمۇ قىلدىم،

دەرۋەقە، ھەر بىر بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئاددىللىق بىلەن
ماختاپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك يېتەرسىز جايلىرى بولسا، كۆرسە-
تىپ بېرىپ، «ئەسلى مۇنداق قىلساڭ توغرا بولاتتىكەن» دېگەن-
دەك بالىلار ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ تۇرۇش
كېرەك ئىكەن.

بۇرۇن بالىلىرىمنى ھەدېسە تەنقىدلەپ، ئەيىبلەپ كېتەتتىم.
كېيىن بۇ قىلىقىمنى ئۆزگەرتىپ، «ھە، ياخشى، بۇ ئىشىڭ يارايـ
دۇ!» دەپ، ئۇلارنى ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇم،
داستىخان بىزنىڭ تاماق يەيدىغانلا سورۇنىمىز ئىدى، كېيىن
بۇ ھــەم بالىلىرىمىزنــى ئىلھاملاندۇرىدىغان كۆڭۈللۈك، ئىناق
سورۇنغا ئايلاندى. بۇنى قالتىس ئۆزگىرىش دېمەي بولمايدۇ.

ياشلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابــىقىسى بولماقچىكەن،
چوڭ ئوغلۇم يېغــىمۇ قاتناشماقچى بولۇپ، ماقالىلىرىنــى يېزىپ
تەييارلىق قىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى.

«دادا، ئاپا، چوقۇم بارماي قالماڭلار جۇمۇ.»

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇش بولدۇم. بۇغۇ ياخشى ئىش،
بىزنى تەكلىپ قىلىشنىغۇ قىلدى، شۇنــداق قىلمايمۇ بولمايدۇ،
ئەلۋەتتە، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ پوكۇلداپ تۇرغاندۇ،
دەپ ئويلىدىم.

ئەلۋەتـتە، ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئىشلىرىمىزنى ئورۇنلاشـ
تۇرۇپ قويۇپ، ئۇكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا مــەدەت

بىرىش ئۈچۈن باردۇق ۋە يىغىن زالىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇردۇق. ئۇ كۈنى مۇسابىقىغە قاتناشقان يەتتە يەن تەييارلىق مۇسابىقىدە تاللانغان ياشلار بولغاچقا، ھەممىسى ئوبدان سۆزلىدى.

مۇسابىقە نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغان ۋاقىت كەلدى. راستىنى دېگەندە، ئوغلىمىزنى بىرىنچى بولىدۇ، دەپ ئويلىمىدۇق. ئۇغۇ يامان ئەمەس سۆزلىدى، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان سۆزلىگەنلەر بار – دە. شۇنداقتىمۇ ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى بولۇپ قالار، دېگەن تەمەيىمىز بار ئىدى. باھالاش ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرساق، بىرىنچى بولغانىنىڭ ئىسمى چىقتى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچىلەرنىڭ ئىسمىمۇ ئېلان قىلىندى، يېقىنىڭ ئىسمى يوق، ئاخىر قارىساق، ئۇ ئەڭ ئاخىرقىسى، يەنى يەتتىنچىسى ئىكەن.

ئۆزىمىز بىرىنچى قاتاردا ئولتۇرغان بىلەن، ئوغلىمىزنىڭ نەتىجىسى ئەڭ ئاخىرقى قاتارغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەم ھەيران قالدۇق، ھەم مەيۈسلەندۇق، ھەم سەتچىلىك ھېس قىلىپ، بېشىمىزنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالدۇق. تۇرۇپ ئويلاپ باقسام، ھەممىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان يېقى ئىكەن. نەچچە كۈن مەشىق قىلدى، تەييارلىق مۇسابىقىدىن تاللاندى، ئالايىتەن ئاتا – ئانىسىنى، ئوكىلىرىنى ئەكىلىپ بىر كارامەت كۆرسىتەي، دېگەندە، نەتىجىسى ئەڭ ئاخىرىغا چۈشۈپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر زەربە بولامدۇ!؟

ئەتراپتىكى كىشىلەر تارقىلىپ مۇسابىقە مەيدانى تىنچىغاندىن كېيىن مەن يېقىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: «يېقى، مەزمۇنلۇق سۆزلىدىڭ. مەن ساڭا يان بېسىپ دەۋاتمايمەن، نۇتقىڭ ھەقىقەتەن مەزمۇنلۇق بولدى. نۇقتىئىنەزەرلىرىڭنىڭ ئېنىق قويۇلغانلىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىرىنچى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىڭ. لېكىن سۆزلەش ماھارىتىڭ جەھەتتە مەسىلە بار. بۇگۈنكىسى

سەن ئۇچۇن تېپىلغۇسىز بىر مەشق پۇرسىتى. ھەرگىز مەيۇسلەنمەي، داۋاملىق تىرىشقىن.» دېدىم.

ئىككى يىلدىن كېيىن يېڭى ئاخىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئوغلۇم «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بالىسى، بوشاشماي تىرىشسىلا، ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ.» دېگەن قىممەتلىك تەجرىبىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا مەن ئېتىقاد ئاساسىدىكى پەند - نەسىھەتلەرنى بىلمىگەن بولسام، چوقۇم يېڭىغا: «بولدى، يۈزىمىزنى بەك چۈشۈرۈۋەتتىڭ، ئەمدى ئۇ ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما.» دەيتتىم - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان قىلىپ قوياتتىم.

بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى كۆرگىنىمۇ ياخشى بولدى. بولمىسا، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ناتىقلىق قىلىدىغان ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمىغان بولاتتى.

1986 - يىلى سېنتەبىردە يېڭى «دۇنيادىكى 30 دۆلەتتىن كەلگەن 5000 پروفېسسور ۋە مۇتەخەسسىستىن تەشكىل تاپقان <خەلقئارا تىجارەت جەمئىيىتى> بۇ يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گاۋايدا دۇنياۋى يىغىن ئاچماقچى. سىزنى يىغىنغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىمىز.» دېگەن مەزمۇندىكى ئىنگلىزچە باغاق تاپشۇرۇۋالدى.

يېڭى ئۇنىڭغا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قايتا - قايتا ئۆزرە قويغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر يۈز كېلەلمەي تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، شۇ قېتىمقى خەلقئارالىق يىغىندا «تىنچ ئوكيان دەۋرىدىكى تىجارەت پەلسەپىسى ۋە سودا ستراتېگىيىسى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى.

# ئاگاسا كرىستى (1891 — 1976)

## ئاپام مەن ئۈچۈن فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدى

ئاگاسا كرىستى — ئەنگلىيە ئايال يازغۇچىسى، دېۋونشىرنىڭ توركۇي شەھىرىدە تۇغۇلغان، رازۋېتكا ھېكايىلىرى بىلەن دۇنيادا «رازۋېتكا ھېكايىلىرى پادىشاھى» دەپ داڭق چىقارغان، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «روك ئىكروئىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى»، «پوپنىڭ ھويلىسىدىكى قاتىللىق دېلو»، «شەرق تېز پويىزى»، «ئون كىچىك نېگىر»، «تاختىمۇشۇك» قاتارلىقلار بار.

ئۇ ئەنگلىيىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئىناق ئائىلە مۇھىتىدا ئۆتكەن، ئاپىسى ئەقىللىق، چېچەن ئايال بولۇپ، بالىلىرىنى ئۆزگىچە قاراشتا تەربىيىلىگەن. ئاگاسا ئوقۇش يېشىغا تولغاندا ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي، بەلكى ئۆيدە ساۋاتىنى چىقىرىپ يەنە فرانسۇز- چىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئاپام ماڭا كۈندۈزى مەن بىللە بولىدىغان بىر تەربىيىچى توختىتىپ بەردى. ئۇ ئەنگلىيىلىك قىز ئىدى، پائاندا تۇرغاچقا فرانسۇزچىنى ئىنگلىزچىدەك راۋان سۆزلەيتتى، بەزىدە تېخى ئىنگلىزچىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. ئاپام مېنى شۇ قىزدىن فرانسۇزچە ئۆگەنسۇن، دەپ ئويلىغان، لېكىن نەتىجە ئاپامنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ماكام خېنىم ھەر كۈنى ئەتىگىنى كېلىپ مېنى تالاغا ئاپچىقاتتى. بۇ بىزگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئادەت بولۇپ كەتكەن ئىش ئىدى، ئۇ يولبويى ماڭا ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، «بىر ئىت»، «بىر ئۆي»، «بىر نەپەر ساقچى»، «بولكىخانا» دەپ، ئۇنىڭ فرانسۇزچە ناملىرىنى ئۆگىتەتتى. مەن دىققىتىمنى يىغمايلا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلايتتىم. لېكىن سوئال سوراش توغرا كەلسە، ئىنگلىزچە سورايتتىم، ئۇمۇ ئىنگلىزچە جاۋاب بېرەتتى. مەن شۇ چاغلاردا ماكام خېنىم بىلەن كوچىدا مېڭىپ يۈرۈشتىن زېرىكىپ، ھەتتا تاڭ ئاتمىسكەن، دەپ تىلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ ئۆزىغۇ ئوبدان قىز ئىدى. ماڭا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، مەسئۇلىيەتچانلىقىمۇ كۈچلۈك ئىدى، بىرلا يامان يېرى قاتمال ئىدى.

ئاپام ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماكامنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر فرانسۇز خانىمنى ئەكەلدى.

سېمىز تېنىگە قوڭۇر پىلاش ئارتىۋالىدىغان، ئېگىز بويلۇق بۇ يېڭى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى مانگېبخېت خانىم ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن كېلىپ ماڭا فرانسۇزچە دەرس ئۆتەتتى.

مانگېبخېت خانىم بەك ياسالما ئايال ئىدى. ئۇنىڭ زىيادە ئەركىلىتىشلىرى مېنى قورۇندۇرۇپ قوياتتى. مەن بارا - بارا ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەيدىغان

بولۇپ قالدىم. ئۇ ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋازى بىلەن: «ئاھ، جېنىم ئومىقىم! سىز نېمىدېگەن سۆيۈملۈك قوزىچىقىم! بوتام، قىزىقارلىق دەرسلەرنى بىرلىكتە ئوقۇساق، قانداق؟» دەپ كەتسە، تېنىم تىكەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتىم. ئاپام ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ، دۇدۇقلىغىنىمچە: «بولىدۇ، رەھمەت سىزگە» دەيتتىم. ئۇ چاغدىكى فرانسۇزچە سەۋىيەم بىلەن پەقەت شۇنچىلىك جاۋاب قايتۇرالايتتىم.

مەن فرانسۇزچە ئوقۇتقۇچۇم بىلەن خېلى ئىناق ئىدىم، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتىم، بىراق كاللام ئانچە ئىشلىمەيتتى. ئاپام دەرھال ئۇنىۇم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغاچقا، مېنىڭ ئۆگىنىشىمدىن ئانچە رازى ئەمەس ئىدى. «بۇنىڭ ئۆگىنىشى بەك ئاستا بولۇۋاتىدۇ، تېزرەك ئىگىلىسە ئوبدان بولاتتى، فرويىد» دەپ دادامغا قاقشاپ قوياتتى.

بۇنداق چاغلاردا دادام كەڭ قورساقلىق بىلەن: «بۇنىڭغا تېخى ۋاقىت بار، كرالا. تېخى ۋاقىت بار. بۇ ئايال كەلگىلى تېخى ئون كۈنمۇ بولمىدىغۇ.» دەپ قوياتتى. كېيىن ئاپام ئۇ ئوقۇتقۇچىنىمۇ توختىتىپ قويدى.

ماڭا فرانسۇزچە ئۆگىتىش ئىشى ئاپامنىڭ كاللىسىدىن پەقەت چىقمىدى. ئۇ كۈنلەردە ئاپام بىلەن ئاچام ئىككىسى شەھەردىكى بىر سەيپۇڭخانىغا قاتراپ يۈرەتتى. شۇ يەردە پىرمىركىچى ئۇستامىنىڭ بىر ياردەمچىسىگە ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ئۇستىسى مىجەزى جۇشقۇن، بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىكەن. ئۇ ياردەمچى قىزنىڭ مىجەزى بەكمۇ مۇلايىم ۋە سەۋرچان ئىكەن. ئاپام، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم پىرمىركىغا بارغاندا، ئۇ قىزنى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى مارى سىبىلشى ئىكەن، يېشى 22 دە، يەنە بىر ئاچىسى، ئىككى ئىنىسى، بىر سىڭلىسى بار ئىكەن.

دادىسى بىر كىچىك قەھۋەخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئاچىسىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە سەيپۇڭخانىدا ئىشلەيدىكەن. ئاپام ئۇنىڭدىن بىز بىلەن ئەنگلىيىگە بېرىشنى خالامسىز، دەپ سورىغانىكەن، ئۇ قىز خۇشال بولغىنىدىن نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ.

ئاپام سېلىشى خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن دادامغا ئۇقتۇرۇپتۇ.

«لېكىن، كرالا، — دەپتۇ دادام ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئۇ قىز ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئەمەسقۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.»

ئاپام ئۆزلىرىگە دەل مارىدەك قىزنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ، «ئۇ ئىنگلىزچىنى ئوقۇيالمايدۇ، بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئاگاسا ئۇنىڭغا فرانسۇزچە سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ قىز شۇنداق مۇلايىم، مىجەزىمۇ ياخشى، ئوبدان ئائىلىنىڭ بالىسى، ئەنگلىيىگە بېرىشقا رازى، بىزنىڭ كىيىم - كېچەك، ياماق - تۆشەك ئىشلىرىمىزنىمۇ قىلىپ بېرەلەيدۇ.» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاپام بۇرۇنمۇ توغرا پىكىر قىلاتتى، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. تاكى بۈگۈنگىچە مارىنىڭ يۇمىلاق، قىزىل يۈزلۈك، سەل پاناق بۇرۇن، قاپقارا چاچلىرىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا بانتىلىۋالغان شۇ سۆيۈملۈك قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. كېيىن ئۇ ماڭا شۇنداق پاراڭ سېلىپ بەرگەن: بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن كۈنى كەچتە ئۇ مېنىڭ بالالىقتا ئاران ئىككى ئېغىز ئىنگلىزچە سۆز ئۆگىنىپتۇ ۋە ئەتىسى ئەتىگىنى يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا ھۇجرامغا كىرىپ، ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە: «ياخشىمۇ سىز، خېنىم! سىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن!» دېگەن گەپنى ئاران قىپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئۇنىڭ فرانسۇزچە تەلەپپۇزى ئېغىرراق بول-

غاچقا، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئۇقالماي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدىم. شۇ پۈتۈن بىر كۈن ئىككىمىز، پاراڭ سېلىشىش نەدە، بىر - بىرىمىزگە قاراپ گاڭگىراپ، خۇددى گاچىنىڭ ئازابىنى تارتىپ، ئاران بالالىقتا بىر - بىرىمىزنىڭ ئىسمىنىلا ئۇقالىدۇق.

بىر ھەپتىگە قالمايلا مارى بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىزچىلا سۆزلىشەلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. مەن فرانسۇزچىنى تاقا - تۇققا سۆزلەپ، ئىشقىلىپ، مەقسىتىمنى ئۇقتۇردۇم، شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىلا ئىككىمىز يېقىن دوست بولۇپ كەتتۇق. مارى بىلەن بىللە كوچىغا چىققىش، ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ئىش قىلىش مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. دېمەك، بۇ ياخشى باشلىنىش ئىدى.

مارىمۇ ئاپامغا ئوخشاشلا ماڭا فرانسۇزچە كىتابلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. بىر كۈنى «ھاماقەتنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ تۇيۇقسىزلا ئوقۇپ كەتتىم. مېنىڭ راۋان ئوقۇغىنىمنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن مېنى تەبرىكلىدى، لېكىن ئاپام ماختايدىغان گەپ قىلمىدى. مەن جىق جاپا چېكىپ يۈرۈپ، ئاخىر فرانسۇزچە كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولدۇم، بەزى قىيىن جۈملىلەرنى چۈشەندۈرمىگۈچە بىلمىسەممۇ، لېكىن شۇنى ئۆزۈم ئوقۇيالايدىغان بولدۇم.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بىز گۈتلېستىن ئايرىلىپ پارىژغا ماڭدۇق. مەن گۈتلېسنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن. چۈنكى ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك يازلارنىڭ بىرى شۇ يەردە ئۆتكەن.

# ئېيزېنخاۋېر (1890 — 1969)

## ئاتا - ئانام بالا تەربىيىلەشكە ماھىر ئىدى

ئېيزېنخاۋېر — ئامېرىكىنىڭ 34 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى (1953 — 1961)، تېكساس شتاتىدا تۇغۇلغان، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن، بەش يۇلتۇزلۇق مارشال، ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانى، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى قۇراللىق قىسمىنىڭ ئالىي قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئاتا ـ ئانام بالا تەربىيىلەشكە ماھىر ئىدى، بىز ئالتە ئوغۇلنى ئوبدان باشقۇراتتى. ئاتام ئالىي سوتتا ئىشلەيتتى. ئانام ھەم ئۆي ئىشلىرىنى، ھەم ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلاتتى. بەلكىم بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن، لېكىن بۇ راست ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى ھەرگىز كۆرمىگەن. ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر ـ بىرىگە ئامراقلىقىنىمۇ ھەرگىز چاندۇرمايتتى. لېكىن ئائىلىمىز شۇنداق كۆڭۈللۈك ھەم ئۆزئارا سەمىمىي ئىشەنچ بىلەن تولغانىدى. بۇ ئىشلار بىز بالىلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

بوۋام ئاتامغا تويلۇق سوۋغات سۈپىتىدە چوڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنى بەرگەنىكەن. لېكىن ئاتام دېھقانچىلىققا خۇشى يوق بولغاچقا، ئۇنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى بىر ماگىزىنغا پاي قىلىپ قوشۇپتۇ. دەسلەپكى يىللاردا ئۇلارنىڭ ئوقىتى ئوبدان روناق تېپىپتۇ. بىر يىلى كانزاس شتاتىنىڭ دېكىنسىن ناھىيىسى چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچراپ زىرائەتلەر نابۇت بولۇپ كەتكەنىكەن، ئاتام دېھقانلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا نېسىگە جىق مال سېتىۋېتىپتۇ. ئاتامنىڭ شېرىكى كىرىمنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەمدى باشقا پايچىكلارغا نېمە دەيمىز، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ، ئىز ـ تىزسىز غايىب بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتام باشقا ئىش تېپىشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە ماگىزىننىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن جىق جاپالارنى چېكىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، خەقنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئاخىر ئۇ قەرزنىمۇ ئۈزۈپتۇ. شۇ جاپالىق يىللارنىڭ ئازابى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خەقتىنمۇ بىر تىيىن قەرز ئالمايدىغان، خەققىمۇ بىر تىيىنلىق

مالنى نېسىگە بەرمەيدىغان، ھەرقانداق سودىدا پۇلمۇ نەق، مالمۇ نەق، ئىش قىلىدىغان بوپتۇ.

ئاتام قەرز تۆلەش ئۈچۈن دەسلەپتە تىكساس شتاتىنىڭ دانىنسىن ناھىيىسىدە ئىشلىگەنىكەن. مەن شۇ يەردە تۇغۇلۇپ-تىمەن. ئاكىلىرىم دېكىنسىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغانىكەن. مەن ئىككى ياشقا ئاز قالغاندا، بىز يەنە پۈتۈن ئائىلە بويىچە دېكىنسىنگە كۆچۈپ كەپتۇق. ئۇ يەردە ئاتام ئاۋۋال سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپتۇ، كېيىن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئېچىپتۇ ۋە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىپتۇ. شۇنچە جىددىي ئالدىراش ئىشلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىرىمى تۆۋەن ئىكەن. ھەپتىسىگە ئالتە كۈن ئىشلەيدىكەن، ئۆيدىن ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا چىقىپ كەتسە، كەچقۇرۇن بەشلەردە ئاران قايتىپ كېلەلەيدىكەن، كۈنبويى تىرىكچىلىكىنىڭ، بالىلارنىڭ ئوقۇش، تاماق، ئۆي- نىڭ خەج - خىراجەتلىرىنىڭ غېمى بىلەن ئۆتىدىكەن.

ئانام ناھايىتى مۆلايىم تەبىئەتلىك ئايال ئىدى. لېكىن، ئاتام ھېلىقى ئىشتا ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھېلىقى پۇلنى ئەپقاچقان ئەبلەخنى قانۇن يولى بىلەن جازالاش مەقسىتىدە، بىرنەچچە يىل ئۆيدە قانۇن ئۆگەندى. ئۇ بىزگە دائىم، خەققە يامانلىق قىلىش ئويىدا بولماڭلار، لېكىن يامانلاردىن ھوشيار بولۇڭلار، دەپ تۇراتتى.

ھازىر ئويلاپ باقسام، ئانامغا شۇ چاغدا ئۆي ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇڭايغا توختىماپتىكەن. ئالتە بالىنى ئۈچ ئېغىز ئۆيگە كەڭ - كۇشادە جايلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر قىيىن ئىش، لېكىن ئانام شۇنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنى رازى قىلغانىدى. ئانام ھەر كۈنى بىر- مىزگە نۆۋەت بىلەن ئۆي ئىشىنى قىلغۇزاتتى، شۇڭا بىز ھازىر تاماققا قارىشىدىغان، قازان - قومۇچ، كىر - پىر يۇيىدىغان، مېۋىلىك دەرەخلەرنى قىرقىيدىغان، مېۋىلەرنى قىشتا

ياخشى ساقلىيالايدىغان، چۈپ ئوتايدىغان، پاساك قىلىدىغان، توخۇ باقىدىغان، سۈت ساغىدىغان ئىشلارنى قىلالايمىز. ئەگەر ئانام ئېپى ـ ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئۆي تۇتالايدىغان ئايال بولمىغان بولسا، ئائىلىدە بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىمىزنىڭ ئۆزى بىر ئىش ئىكەن.

ئانام باللارنى قاتتىق ئۇرۇپ باشقۇرىدىغان ئىش قىلمايتتى! بەك ئاچچىقى كېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالسا، ئالىقانلىرىمىزغا سىزغۇچ بىلەن ئۇرۇپ قوياتتى، مۇمكىنقەدەر چىرايلىقچە گەپ قىلاتتى، ھەربىر باللىڭ مىجەزىگە بېقىپ ئىش تۇتاتتى. ئانام بىزنى شۇنداق تەربىيىلىگەچكە، بىز ناھايىتى ئەدەپلىك، تەمكىن چوڭ بولدۇق. ئەمدى ئاتامغا كەلسەك، ئۇ غەزىپى كېلىپ قالسا، كۆزىمىزگە قاراپ ئولتۇرمايلا، تاياق ـ توقماقنى ئىشقا سالاتتى، بىرەرىمىز قەستەن چاتاق چىقارساق، ئۇرۇپ ئەدىبىمىزنى بېرەتتى. ھەر ھالدا بىزگە قارىتا «مۇكاپات بىلەن جازالاش» تا ئۇنىڭ بايرىقى روشەن ئىدى.

بىز خەقلەر بىلەن جېدەللەشسەك. سوقۇشساق ئاتامنىڭمۇ، ئانامنىڭمۇ ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن ئاتامنىڭ بەكمۇ ياۋاشلىققا مايىل ئادەم ئەمەسلىكىنى بىر ئىشتىن ئۇقتۇم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىۋاتسام مېنىڭ ياش ـ قۇرامىمدىكى بىر بەستلىك بالا ئالدىمنى توسىۋالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلالماي قاچتىم. بۇنى ئاتام كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ماڭا: «قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ھارامىنىڭ ئالدىدا قېچىۋاتىسەنغۇ؟!» دەپ ۋارقىرىدى.

مەنمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى دېدىم: «ئۇنى ئۇرۇۋالساممۇ، ئۇنىڭدىن تاياق يېسەممۇ، بەرىبىر سەن مېنى ئۇرىدىغان تۇرساڭ.»

«ماڭ، ئۇ ھارامىنى ھەيدىۋەت!»

ئۇ مۇنداق دېگەندە مەن قاراپ تۇرامتىم؟! شاققىدە كەي-

نىمگە بۇرۇلۇپ ئۇ بالىغا شۇنداق ئېتىلىۋىدىم، ئۇ مېنىڭ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كەلگەنلىكىمدىن قورقۇپ كېتىپ، ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا قاچتى. مەن دەمبەس قەدەم قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدىم ـ دە، ئاستىمغا بېسىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا چېقىلىدىغان بولساڭ، خامىرىڭنى ئېزىۋېتىمەن، دەپ ئۇنىڭغا قورقاق سېلىپ قويدۇم. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۆزىچە يوغانچىلىق قىلىپ خەقنى بوزەك قىلىمەن دەيدىغان نېمىلەر-نىڭ ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق، قاپاق نوچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى ئوقۇشقا كىرگەن كۈندىن ئېتىبارەن ياخشى ئوقۇپ داشۆگە كىرىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇلار بىزگە دائىم: «كىم ياخشى ئوقۇسا، شۇ داشۆگە چىقالايدۇ.» دەيتتى. لېكىن ئاتام بوۋامنىڭ ئارزۇسى بويىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغاچقىمۇ، قانداق، ھەرھالدا بىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق كەسىپ تاللىشىمىزغا ئارىلىشىۋالمايتتى.

ئاتام ئوقۇشىمىزنى بەك چىڭ تۇتاتتى. مۇشۇ تۈپەيلى بىر كۆڭۈلسىز ئىش بولغان. ئېيدىكا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋات-قاندا ئۆزىچە ئاسېنى دوراپ پۇل تاپقۇسى كېلىپ، بىرنەچچە ئايغىچە بىزگە مەكتەپكە باردىم، دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىككى دوختۇرنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاتام ئۇنىڭ سەۋەبسىز مەكتەپكە بارمايۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى ئۇنىڭ غەزىپىنى كۆرۈپ ئەمدى چوڭ بالا تاشدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم، دېگەندەك، چۈشتىن كېيىن ئېيدىكا بىلەن ئىككىمىز ئۆيگە كەلسەك، ئاتام سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى-دىن ئۆيگە قايتىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتىكەن. بىز ئاتخانىغا كىرىۋالساقمۇ ئۇ بىزنى تېپىۋالدى، چىرايى غەزەپتىن كىرىشىپ كېتىپتۇ، گەپ قىلمايلا قامچىنى ئالدى ـ دە، ئېيدىكانىڭ

ياقىسىنى تۇتۇۋېلىپ، باش ـ كۆزى دېمەي ساۋىغىلى تۇردى.
بۇ چاغدا سائەت 12 دىن سەل ئۆتكەنىدى. مەن ئاۋۋال ئاتامغا يالۋۇردۇم، كېيىن ئانام ئىشتىن كەلگەن بولسا قۇتۇلدۇرۇۋالار، دەپ ئاۋازىمنى بولۇشىچە چىقىرىپ يىغلاپمۇ باقتىم.
كېيىن ئاتامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلىۋالغانتىم، ئاتام كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى: «ھە، سېنىڭمۇ قامچا يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ ساڭا ئارىلىشىشنى نېمە قويىدى؟»
«ھېلىغۇ ئادەم ئىكەن، ئىتنىمۇ بۇنداق ئۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ مەنمۇ جاۋابلاشتىم. نېمىشقىدۇر، بۇ گېپىم ئۈچۈن تاياق يېمىدىم.
ھازىر مەنمۇ چۈشەندىم، ئېيدكامۇ چۈشەندى. ئەسلىدە ئاتام ئېيدكانى ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرمەي، خاتىرجەم ئوقۇسۇن، دەپ شۇنداق قىلغانىكەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەگەر شۇ چاغدا ئاتام ئۇنى قامچىلىمىغان بولسا، ئېيدكا بۇ چاغقىچە چوقۇم كانزاستىكى ئەخلەتچىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغان بولاتتى.
بىزدە قېرىنداشلار ئارا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم بېرىش ئادىتى كىچىكىمىزدىلا تىكلەنگەن. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئاسىي ئاشلىق بازىرى، پۇل مۇئامىلە، بانكا ساھەسىدىكى مۇھىم ئەربابقا ئايلاندى؛ ئېيدكا ئاتاقلىق ئادۋوكات ھەم بىر زاۋۇتنىڭ مۇدىرى بولدى؛ ئېر رادىئو ئىستانسىسى قۇردى؛ مىلتون جون خوپكىنس مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ مەن بولسام، بەختلىك ھالدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى بولدۇم. شۇڭا دوستلىرىم مەندىن دائىم: «نېمىشقا سىلەرنىڭ ئائىلىدىن بىرمۇ يارامسىز ئادەم چىقمىغان؟» دەپ سورايدۇ.

بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي. ئاتا ـ ئانىمىز بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان نەزەرى تار ئادەملەر بولماستىن، بەلكى بىزنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇشنى بىلىدىغان، بىر ـ بىرىمىزگە مېھرلىك چوڭ بولساق، كەلگۈسىدە جىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئىدى. راست گەپنى قىلسام، مەن ھەربىي مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن بۇ جاھاندا بالىلىرى يولدىن چىقىپ كەتكەن، ئاتا ـ ئانىلىرى ئاجرىشىپ ئايرىم تۇرۇۋاتقان ئائىلىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىر ئادەمنىڭ پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتى. بىزنىڭ ئائىلىدە باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ھېسابلىناتتى. ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە كىچىككىمىزدىن تارتىپلا، ئادەم ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈشى، لېكىن ھەرگىز خەقنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇرلاردىن بولماسلىقى كېرەك. ئۆزىنى ـ ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش تۇرمۇشنىڭ تۈپكى پرىنسىپى، دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. ناۋادا بىرەرىمىز چامىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى تەمە قىلىپ قالساق، ئانام دەرھاللا: «ئۆزۈڭلارنى چاغلىمايدىغان ئىش قىلماڭلار، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن چاغلايدىغان ئىشمۇ بولمىسۇن، ھەرقانداق ئىشتا ئەمەلىي بولۇڭلار!» دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش تۇيغۇسىمۇ بىزنىڭ خاراكتېرىمىزنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بىز، مەن بۇ دۇنياغا بىكارغا كەلمىگەن، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە قاتتىق ئەقىدە قىلاتتۇق. مەن پات ـ پات شۇنى ئويلاپ قالىمەن: كىچىكىدىن تارتىپلا ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى، خۇشاللىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە قارىتا مەسئۇلىيەتچان تەربىيىلەنگەن، ئۆزىنى ئائىلىدە ئەمگەكچى، تۆھپىكار، كېرەكلىك ئادەم دەپ تونۇغان باللار جەمئىيەتكە چىققان ھامان ئىجادىي ئىقتىدارىنى تەشەببۇسكارلىق

بىلەن جارى قىلدۇرۇپ دۆلەتكە تۆھپە قوشالايدىكەن.
ئۇن ياشقا كىرگەن يىلىم. ئانام ئاكىلىرىم ئاسىپ بىلەن ئىيدكانىڭ پەيغەمبەرلەر بايرىمى ئۆتكۈزۈشىگە قوشۇلدى. ئۆرپ - ئادەت بويىچە پەيغەمبەرلەر بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى باللار خەقلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، رامىزان تۇۋلاپ، بىرنەرسە تەلەپ قىلاتتى. ئاتام بىلەن ئانام ئىككىسى مېنى كىچىك كۆرۈپ، مېنىڭ ئاكىلىرىم بىلەن بىللە بېرىشىمغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن غەلۋە قىلىپ ئۆيىنى بېشىمغا كىيدىم، تاكى ئاكىلىرىم چىقىپ كەتكۈچە توختىماي يىغلىدىم.
كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن، پەقەت ئاتامنىڭ يەلكەمدىن تۇتۇپ، كۈچەپ سىلكىگەنلىكىلا ئېسىمدە. ئاتام ماڭا ئەسلىدە تەسەللى بېرىپتىكەن، لېكىن مەن ئالما دەرىخىگە هەدەپ مۇشتلاۋېرىپتىمەن، هەتتا قوللىرىم قاناپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتام يەنە شۇ كونا هۈنىرىنى ئىشقا سېپتۇ، مېنى ياڭاق چېۋىقى بىلەن تازا كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇپ، ئاندىن مېنى كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشقا بۇيرۇپتۇ.
بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئانام ياتىقىمغا كىردى. ئۇ چاغدا مەن ياستۇققا دۈم يېتىۋېلىپ، هەدەپ ئەلەم بىلەن يىغلاۋاتاتتىم. ئانام كارىۋىتىمنىڭ قېشىدىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا خېلى ئۇزۇنغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن ماڭا بۇنچە ئەسكىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىهەت قىلدى. «ئىنجىل» دىكى مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنىمۇ قىلىپ بەردى هەم ياردىلانغان قولۇمنى تېڭىپ تۇرۇپ: «كەڭ قورساق بول، هەممىلا ئىشقا غۇم ساقلاپ يۈرمە، بولۇپمۇ چوڭلارنىڭ ساڭا قىلغىنىنى هەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. خۇدۇڭنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ قويغىنىڭ بىلەن ئاخىرقى هېسابتا يەنە ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن» دېدى، يەنە باللارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ سەل گەپ يېمەس چىقىپ قالغانلىقىمنىمۇ ئېيتتى.

مەن ئانامنىڭ شۇ نەسىھىتىنى ئادەم بولۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى سۈپىتىدە ھېلىغىچە ئېسىمدە ساقلاۋاتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە ھەرگىز ئاداۋەت ساقلىما، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ھەتتا بەزىلەر ئەسكىلىك قىلىپ، قەستەن ماڭا چېقىلغان تەقدىردىمۇ، مۇمكىنقەدەر ئۇنداق ئىشلارنى كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئانامنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرى مەندە شۇنداق سەۋر - تاقەتنى يېتىلدۈرگەنكى، بەزى ئادەملەرنىڭ بىمەنە، زاڭ گەپلىرىگە ئاشكارا سورۇنلاردا ئۇدۇلدىن - ئۇدۇل قارشى چىقىپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇم. ئەلۋەتتە، خالى يەرلەردە ئۇنداقلارغا دەيدىغىنىمنى يەنە دەيمەن، ھەقىقەتنى چوقۇم ياقلايمەن. شۇڭا بەزىدە سەل قوپال تېگىپ كەتسەممۇ قول ئاستىمدىكىلەر يەنىلا مېنىڭ گېپىمگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۆڭلىدە غۇم ساقلىماي، ئوچۇق - يورۇق يۈرۈش ئادەم بولۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر چوڭ پەزىلەت. مېنىڭچە، بۇ كۆز قارىشىمغا ئاناممۇ قوشۇلىدۇ.

# چاپلىن (1977 — 1889)

## ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت

چاپلىن — ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق كىنو سەنئەتكارى، لوندوندا تۇغۇلغان، بەش يېشىدا سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقان. كېيىن كارنو تىياتىر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ پانتوما ئارتىسى بولغان، 1913 - يىلى ئامېرىكىدا كېستون شىركىتىدە كىنوچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «شارلو ۋە كۈنلۈك» دېگەن كىنودىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئۆمۈربويى ئىشلىگەن كىنوسى 80 دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇ ئۆزى يازغان، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان، ئۆزى مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن، ئۆزى رول ئالغان. ئۇنىڭ كىنو كومېدىيە پىرى، دەيدىغان نامى بار. ئۇ ئوسكار شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ۋەكىللىك فىلىملىرىدىن «ئالتۇن چايقاش»، «مودا دەۋرى»، «چوڭ مۇستەبىت» قاتارلىقلار بار.

1959 - يىلى چاپلىنىنىڭ ئوغلى توي قىلىپ بىر يىل ئۆتمەيلا خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن. چاپلىن بۇنى ئۇققاندىن كېيىن چوڭقۇر ئاتىلىق مۇھەببەت بىلەن ئوغلىغا بىر پارچە خەت يازغان. بۇ خەت ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرى ۋە سەمىمىي نەسىھىتى بىلەن تولغان. بۇنىڭدىن تۇرمۇشنىڭ جىق ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

قەدىرلىك چارلى:

ئۆزۈنغىچە ساڭا خەت يازالماي ئالدىڭدا خىجىل بولۇۋاتىمەن. ئەسلىمە يېزىۋاتقىنىمنى بەلكىم ئاڭلىغانسەن، ئۇ يەنە بىرەر يىلدىن كېيىن پۈتىدۇ. ھازىر كۈنبويى شۇنى تۈزەش ۋە كۆچۈرۈش بىلەن بولۇۋاتىمەن.

ئايالىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، بەكمۇ سەممىي، تەسىرلىك يېزىلىپتۇ. خەتنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا قارىتا مەندە ياخشى تەسىرات پەيدا بولدى. ئىككىڭلارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. ئىككىڭلارنىڭ ئاساسىڭلار چىڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوماق، چىرايلىق بىر قىزىڭلار بار، ئۇ ئەلۋەتتە ئىككىڭلارنى باغلاپ تۇرالايتتى.

چارلى، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆزدىرىشى بىلەن چۈشىنىپ قالىسەن، ئادەمگە ئۆي ھامان كېرەك بولىدۇ، بۇ يەردە مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سېنى چۈشەنگەن بىر قەدىناس خوتۇنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ سۆزلەۋاتىمەن. شۇنداق چىرايلىق ئوماق بالاڭ بار. سەن ئۇنى ئىمكان قەدەر بەختلىك چوڭ قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بالىنى كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى دەرقەمتە تۇرۇپ چوڭ قىلمىغۇچە، ئۇنى باشقا ھېچقانداق نەرسە بەختلىك ۋە خاتىرجەم قىلالمايدۇ.

70 ياشقا كىردىم. بالىلىرىمنى جىق ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. سېنىمۇ ئويلايمەن، قىلىۋاتقان خىزمىتىڭنىمۇ ئويلايمەن. ھەر ھالدا ياشلىقىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمە! سەن تالانتلىق، غەيرەتلىك، قولۇڭدىن كارامەت ئىش كېلىدۇ. ئويۇنىڭنى كۆرۈپ ھەر تەرەپلىمە تالانتىڭ بارلىقىنى چۈشەندىم. ھەر ھالدا تالانتىڭنى قەدىرلە.

ئەسلىدە ساڭا جىق نەسىھەت قىلماقچىدىم، لېكىن

سىنىڭئاجرىشىپ كەتكەن خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولۇپ قالدىم...

ۋونا ساڭا سالام ئېيتتى، بالىلارمۇ سالام ئېيتتى. ئۇلار سىنى ھەمىشە سېغىنىدۇ ھەم ئوماق جىيەن قىزىم بىلەن چەك-سىز پەخىرلىنىدۇ. سىنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى، نىمىشقا بۇ ياقلارغا كەلمەيدىغانلىقىڭنى ئۇلارنىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇپ قالدى: كلاردىن ھازىر 15 تە؛ مىكىكىل 14 كە، گېئورسى 11 گە يېقىنلاشتى. ۋىك سەككىز ياش، يۇكىن ئالتە ياش، ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئىككى ياش پەرقلىنىدۇ. كىچىك بوۋىقىمىز ئەمدىلا ئۈچ كۈنلۈك بولدى.

خەير ساڭا ئامەت تىلەيمەن

ئاتاڭ

## ماكارىنكو (1888 — 1939)

### بەختلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرى كۆپىنچە ياخشى بولىدۇ

ماكارىنكو — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ-شۇناسى ۋە يازغۇچىسى، تۆمۈريول تېخنىكى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1920 - يىلدىن باشلاپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان سەرگەردان باللارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي ئاڭغا، يۈك-سەك مەسئۇلىيەت ۋە شەرەپ تۇيغۇسىغا ئىگە، ئىنتىزامچان، جۇشقۇن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ بۇنداق تەربىيە كوللېكتىپ ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان ھەمدە ئۇلارنى كوللېكتىپ تۇرمۇش ئىچىدە تەربىيىلەشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇ-لىنى دەلىللىگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق»، «باللار تەربىيىسىگە دائىر لېك-سىيىلەر» قاتارلىقلار بار.

(1938 - يىل 22 - ئىيۇن)

ھەرقانداق ئادەم، مەن ئوغلۇمنى خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغان، كۆڭلى ياخشى، ئۈمىدلىك، ئىرادىلىك، ھەقىقىي ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەيمەن، ھەرگىز ئۇنى تەييارنى يەپ قۇرۇتۇۋېتىدىغان كىشى بولسۇن دەپ ئويلىمايمەن. ئەمدى سىز قاراڭ، بۇنداق ياخشى نىيەت بەلكىم ئۇ بالىنى كەلگۈسىدە خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ باقالمايدىغان قەلەندەرنىڭ كۈنىگە سېلىپ قويۇشى، ھەتتا ئاخىر بېرىپ ئۇنى روھىي بايلىقىدىنمۇ ئايرىۋېتىشى مۇمكىنغۇ.

بىزنىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابىمىز ئېرىشكەن ۋە يىلىېرى زورايتىۋاتقان ئىنسانىيەت بەختى ھەممە ئادەمگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. مەنچۇ؟ مەنمۇ شۇ ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاشۇ بەختتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. مەنمۇ قەھرىمان بولۇشنى خالايمەن، تۆھپىكار بولۇشنى، دۆلەتكە، جەمئىيەتكە زور خىزمەت كۆرسىتىشنى خالايمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەختلىك ئادەم بولۇشنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى - يامان كۈنگە قېلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن باشچىلاپ ئاتىۋېتىشنىمۇ بىلىشى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە بەختلىك ئادەم بولۇشنىمۇ بىلىشى كېرەك.

مەن تېخى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقمىغان بولساممۇ، لېكىن شۇنى بايقىدىمكى، بەختلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ياخشى بولىدىكەن. بەختلىك ئاتا - ئانا دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە چوقۇم گاز ئوچىقى، مۇنچا، ئىشقىلىپ، ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولۇشى كېرەك، دەۋاتقىنىمىز يوق. مەقسەت بۇنىڭدا ئەمەس. نۇرغۇن ئائىلىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن،

بەش ئېغىزلىق ئۆيلىرى بار، گاز ئوچاق، ئىسسىق سۇ دېسىمۇ بار، سوغۇق سۇ دېسىمۇ بار، ئۆيىدە تېخى ئىككى ئايال ئىشلەيدۇ، لېكىن باللىرى چاتاق. بەزى ئائىلىلەر يالغۇز ئايالغىلا، يەنە بەزىلىرى ئەرگىلا قالغان، بەزىلىرى ئۆيىنى ئالتە ئېغىز قىلىشنىڭ، يەنە بەزىلىرى داچا ئېلىشنىڭ كويىدا. مەن يەنە نۇرغۇن بەختلىك ئادەملەرنىمۇ كۆرگەن، ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە خۇددى بىرنېمىسى يېتىشمىگەندەك يۈرىدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار بولغان، لېكىن مەن ئۆزۈمنى بەك بەختلىك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى مېنىڭ بەختىم ھېچقانداق ماددىي پاراۋانلىققا بېقىنمايدۇ. ئۆزۈڭلارنىڭ ئەڭ ئېسىل مەزگىلىڭلارنى ئەسلەپ باقساڭلار، شۇ چاغدىمۇ، ئۇنى تاپساڭلار، بۇ يوق، دېگەندەك ئەھۋاللار بولغان، لېكىن ۋۇجۇدۇڭلاردا سىلەرنى خاتىرجەم ئالغا ئىلگىرىلەتكەن، ئورتاق مەنىۋى كۈچ بار ئىدى.

بۇنداق ساپ بەختنىڭ ئېھتىماللىقىنى، زۆرۈرلۈكىنى، مەجبۇرىيەتلىكىنى ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىسى بەلگىلىگەن، سوۋېت تۈزۈمى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئادەملىرىمىزنىڭ بەختى دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقىدا ۋە ئۇلارنىڭ پارتىيىگە، ئۇلۇغ ستالىنغا بولغان ئىشەنچىدە. بىز پىكىردىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ پارتىيىۋىلىككە ئىگە سەممىي ئادەم بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بەختنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى ئەقىدە. بۇ ياشاشتا توغرا يول تۇتۇش، يوشۇرۇنچە پەسكەش، زەئىپ ئىشلارنى، ئادەملەرگە هارامزادىلىك، زىيانكەشلىك قىلىدىغان قىلىقلارنى قىلماسلىق كېرەك، دېگەنلىك. ئوچۇق - ئاشكارا، سەممىي ئادەملەرنىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ ئىنتايىن زور پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ماڭا مۇنداق دېيىشكە رۇخسەت قىلىڭلار: ئەگەر باللىرىمىز ياخشى بولسۇن دېسەڭلار، ئۆزۈڭلار بەختلىك ئادەم

بولۇڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ پۈتكۈل تالانتىنى، جىمى قابىلىيىتىنى
ئىشقا سېلىپ، دوستلىرىڭلارنى، تونۇش - بىلىشلىرىڭلارنى
ھەقىقىي ئىنسان بەختىگە ئىگە ئادەملەردىن بولۇشقا يېتەكلەڭلار.
لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا مۇنداقمۇ ئىش بولۇپ قالىدۇ: بىرەي-
لەن بەختكە ئېرىشمەكچى، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىر نەچچە
پارچە تاش، ئۇ بۇنىڭ بىلەن بەخت قەسرىنى قۇرغىلى بولى-
دۇ، دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ بىر قېتىم ئاشۇنداق خاتالىق سادىر
قىلغان، يەنى بەخت ئاتالمايدىغان بىر نەرسىگە ئېسىلغان ھەم
بۇنىڭ ئاساسىدا بەختكە ئېرىشىمەن، دەپ ئويلىغان، لېكىن
نەتىجە ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. كېيىن بەخت قەسرىگە ئۇل
قىلىمەن، دەپ ئويلىغان ئاشۇ تاشلار بىلەن خەقنىڭ بېشىنى
يېرىپ قويۇپ، ئۆزۈمگە قىپقىزىل بالا تېرىۋالدىم.

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بەزى بەختلىك ئاتا-
ئانىلار ئىجتىمائىي پائالىيىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇ-
شى بىلەن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بۇ بەختنى
چىڭ تۇتۇشقىمۇ ماھىر. شۇڭا بۇنداق ئاتا - ئانىلارنىڭ
باللىرى ياخشى چىقىدۇ، چۈنكى ئۇلار باللىرىنى توغرا
تەربىيىلىيەلەيدۇ.

بىز تەربىيىدە ئوتتۇرىچە يول تۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ
ئۇقۇم مەسىلىسى، بۇنى مەن دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ
ئۇقۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىسىمۇ مۇشۇ يەردە. ئوتتۇرىچە يول دې-
گەندە، بىزنىڭ جەمئىيەتكە بېغىشلىغان ئۇلۇغۋار خىزمەتلىرى-
مىز بىلەن بىزنىڭ جەمئىيەتتىن ئېرىشىدىغان بەختىمىز
ئوتتۇرىسىدىكى يولنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. بىز ئائىلە تەربى-
يىسىدە مەيلى قايسى خىل چارىنى قوللىنايلى، چوقۇم بىر مۇ-
ۋاپىق مىزان بولۇشى كېرەك. مۇنداق مىزان كۆز قارىشىنى
چوقۇم ئۆگىنىۋالماي بولمايدۇ.

ئالايلۇق، ئىنتىزام مەسىلىسى، بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل

مەسىلە (بۇ مېنىڭ نەزەرىمدە ھەممە ئادەم ئۇچۇن ناھايىتى قىيىن مەسىلە). چىلىق تۇتۇش ۋە مەيلىگە قويۇۋېتىش مەسىلىسىمۇ ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس.

ئەپسۇسكى، نۇرغۇن سورۇنلاردا ئادەملەر دەل ئاشۇ چىڭ تۇتۇش ۋە مەيلىگە قويۇۋېتىش مەسىلىسىدە مۇۋاپىق مىزان قوللىنالمايۋاتىدۇ. تەربىيە ئىشىدا بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بەزىلەر بۇنى مۇھىم دەپ بىلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە، دۇرۇس، چىڭ تۇتۇشىمۇ لايىقىدا بولغىنى ياخشى، مەيلىگە قويۇۋېتىشىمۇ لايىقىدا بولغان ياخشى. بىراق، بۇ بالا ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاندىن دىققەت قىلىدىغان ئىشلار. ئالتە ياشتىن ئاۋۋال بۇنى تەكىتلەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەربىيە ئاساسى بەش ياشتىن ئاۋۋاللا تىكلىنىپ بولىدىغان نەرسە. شۇ ۋاقىتتىكى تەربىيە پۈتكۈل تەربىيە جەريانىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق تەربىيە ۋە چېنىقتۇرۇش داۋاملىق يۈرگۈزۈلسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا سىز ئەمەلىيەتتە تەربىيىڭىزنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسىز. يەنى سىز تەربىيىلىگەن ئۇ گۈل بەش ياشتىن ئاۋۋال چېچەكلەپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا بەش ياشتىن ئاۋۋال چىڭ تۇتۇشىمۇ، مەيلىگە قويۇۋېتىشتىمۇ مۇۋاپىق مىزان قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر بالىسى ئەسكىلىك قىلسىمۇ، غەلۋە قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيسىمۇ، ئۇنى يىغلاتمايمەن، دەپ مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ؛ يەنە بىر خىل ئەھۋالدا بالىسى قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ھەممە نېمىگە چېپىلىپ، ھەممىگە ئاقساقاللىق قىلىپ، ئۆيدىكىلەرگە بىر مىنۇت ئاراملىق بەرمىسىمۇ، يەنە بوپتۇ دەيدۇ؛ ئۈچىنچى خىل ئەھۋالدا، بالىنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ، ئۇنى ياغاچ قورچاقتەك قىلىپ قويىدۇ. ھەر ھالدا، بىزدە بۇ خىل ئەھۋال ئازراق.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا چىك تۇتۇش بىلەن مەيلىگە قويۇۋېتىش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىغانلىقىنى سىلەرمۇ ھېس قىلالايسىلەر. تەبىئىيكى، بالا بەش ـ ئالتە ياكى يەتتە ياش ۋاقىتلاردا بۇ مۇۋاپىق مىزاننى، ئالتۇندەك قىممەتلىك ئوتتۇرىچە يولنى، چىك تۇتۇش بىلەن مەيلىگە قويۇۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشەكنى ئوبدان ئىگىلىمەي بولمايدۇ.

بەلكىم بەزىلەر بۇ مەسىلىدە ماڭا قارشى چىقىپ، سىز چىك تۇتۇشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، لېكىن بالىلار تەربىيىسىدە چىك تۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل بىلەن، ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. چىك تۇتۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، دېيىشى مۇمكىن.

مەن چىك تۇتۇش دېگەندە، قانداقتۇر بالىلارغا ئاچچىقلىنىشنى، ساراڭلارچە ۋارقىراشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم يوق. بۇنىڭدا ھەرگىز مۇنداق مەنە بولمايدۇ. چىك تۇتۇش ھېچقانداق ھېستىرىيىلىك ئالامەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندىلا، ئاندىن ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

مەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدە قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ رايىغا بېقىش ئاساسىدا چىك تۇتۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالغان. مەن گەپلىرىمنى مۇلايىم، تەمكىن ۋە قارشى تەرەپنىڭ رايى بىلەن ھېسابلاشقان ئاساستا دەيمەن، لېكىن ئوقۇغۇچىلىرىم شۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىسا چىرايلىرى تارتىلىپ كېتىدۇ. چىك تۇتۇش قانداقتۇر ۋارقىراش ـ جارقىراشنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ. ۋارقىراش ئارتۇقچە ئىش. تەمكىنلىك، ئىشەنچ، قەتئىي ئىرادە ئۆزگىنىڭ رايى بىلەن ھېسابلىشىش ئاساسىدا ئىپادىلەنسىمۇ يەنىلا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. «چىقىپ كەت» دېسىڭىزمۇ، بۇ سۆز ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. «قېنى، ئەمىسە چىقىپ كېتىڭ» دېسىڭىزمۇ، بۇ سۆز

ئوخشاشلا كۆچىنى كۆرسىتەلەيدۇ، بەلكىم بۇنىڭ كۆچى ئالدىنـ قىسىدىنمۇ زورراق بولۇشى مۇمكىن.

بولۇپمۇ بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشقاندا مەلۇم بىر ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. بۇ بىرىنچى پرىنسىپ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئائىلىدە كۆپىنچە توغرا بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ. زادى بىر ئىشتا مۇستەقىللىك ئېلىپ بېرىش قانچىلىك بولۇشى كېرەك. بالىغا ئەركىنلىكنى قانچىلىك دائىرىدە قويۇپ بېرىش كېرەك، «قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلەش» توغرا كەلسىمۇ، زادى قانچىلىك دەرىجىدە بولسا بولىدۇ، ئۆزىگىمۇ قانچىلىك دەرىجىدە هاي بېرىش كېرەك، چەكلىگەندە نېمىنى چەكلەش، نېمىنى ئۇنىڭ رايىغا تاشلاپ بېرىش كېرەك؟

مەسىلەن، بالىڭىز كوچىغا چىقىۋالدى دەيلى. سىز، ۋاي ئۇياققا يۈگۈرمە، بۇياققا ماڭما، دەپ ۋارقىرايسىز. لېكىن مۇشۇمۇ زادى قانچىلىك دەرىجىدە بولسا توغرا بولىدۇ؟ ئەگەر بالىغا چەكسىز ئەركىنلىك بېرىۋەتسىڭىز، بۇمۇ زىيانلىق. ئەگەر بالىڭىز ھەرقانداق ئىشنى سىزدىن سوراپ قىلىدىغان، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىڭىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغان ۋە سىزغان سىزدىن قىڭىزدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىكى تەشەببۇسكارلىقمۇ، جانلىقلىقمۇ، قارامىلىقمۇ پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ. بۇ ھەرگىز قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

بايام قارامىلىق، دېگەن بىر گەپنى قىلدىم. بالىلار ئالتە يەتتە ياش ۋاقىتلىرىدا سەل قارام بولىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ قارامىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشنى، قارامىلىق قىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشنى بىلىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالىڭىز باتۇر ئادەم بولىدۇ. ئۇنداق بولماي، بالىنىڭ ھەممە ئەركىنى ئالىكىڭىزگە ئېلىۋالسىڭىز، بالىڭىزدا، ئاپامىمۇ، دادامىمۇ دەۋاتىدۇ، ئۇلار ھەممىنى بىلىدىكەن. مېنىڭ ھەممە ئىشىمغا شۇلار ئىگە، مەن ئۇلارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقـ

مسامىلا بولدى، دەيدىغان يامان ئادەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. بالىڭىزنىڭ ئىشىغا بەكمۇ زىيادە ئارىلىشىۋالسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ. بەلكى قىلچە مۇستەقىل كۆز قارىشى بولمىغان، ھەرقانداق ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان، ھېچقانداق ئىشتا يا تەۋەككۇلچىلىك ياكى باتۇرلۇق قىلالمايدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؛ يا بولمىسا، بەزىدە ئۆز ئارزۇسىغا زىت ھالدا سىزنىڭ بېسىمىڭىزغا بويسۇنۇپ، دېگىنىڭىزگە ماقۇل دېگەندەك قىلغان بىلەن، لېكىن تەبىئىيتىدىكى ئەركىنلىك غەليان كۆتۈرگەن چاغدا، ئائىلىدە چوڭ كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ بېرىشى مۇمكىن. «ئەسلى ياخشى بالا ئىدى، كېيىن بىراقلا مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتى» دېگەن گەپلەرنى جىق ئاڭلايمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بويسۇنۇۋاتقان، گەپ ئاڭلاۋاتقان چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆزگىرىدۇ؛ ئەسلىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بولغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆگىنىش جەريانىدا راۋاجلانغان ئۇ قارشىلىق كۈچ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ. دەسلەپتە يوشۇرۇنچە، كېيىن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىق قىلىدۇ، خالاس.

ئىككىنچى بىر خىل ئەھۋالمۇ بار، بۇمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەزىلەر، بالا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق نامايان قىلىشى، ئۆز ئەركى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ زادى قانداق ياشاۋاتقانلىقى بىلەن، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. بۇنداقتا، بالا چوقۇم ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان تۇرمۇشقا، پىكىر قىلىشقا ۋە قارار چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر، بالىنى ئەركىگە قويۇپ بەرگەندىلا، مۇستەھكەم خاراكتېر يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىش ئۇنداق ئەمەس. ئۇنداق ھالەتتە ھېچقانداق ئىرادە يېتىلدۇرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۇستەھكەم ئىرادە چوقۇم خالىغىنىڭغا ئېرىش

دېگەنلىكلا ئەمەس. مۇستەھكەم ئىرادە چوقۇم خالىغىنىغا
ئېرىشىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە خالىغىنىدىن ۋاز
كېچىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئىرادە — ئارزۇنىڭ قانائەتلەندۈرۈش-
نىلا ئەمەس، يەنە ئارزۇنىڭ چەكلىنىشىنىمۇ، ئارزۇدىن ۋاز
كېچىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بالىڭىز ئارزۇسىنى ئەمەل-
گە ئاشۇرۇشنىلا بىلىپ، ئارزۇسىنى چەكلەشنى بىلمىسە، ئۇ
ھالدا ئۇ مۇكەممەل ئىرادىلىك بولغان بولمايدۇ. تورموز بول-
مىسا ئاپتوموبىل بولمىغانغا ئوخشاش، ئادەمدىمۇ تىزگىنسىز
ھېچقانداق ئىرادە بولمايدۇ.

بالىلاردا ئۆزىنى چەكلەش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈرۈش كېرەك. روشەنكى، بۇ ئانچە ئاددىي ئىش ئەمەس.
مەن بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس بىر كىتابىمدا توختىلىمەن.

بۇنىڭدىن باشقا، بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىن-
تايىن مۇھىم بىر ئىقتىدار بار، بۇنى يېتىلدۈرمەك ئانچە قىيىن-
مۇ ئەمەس، ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى. بۇ كۆپىنچە
ئۇششاق ئىش - ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. سىلەر بالىلىرىڭ-
لارنىڭ شەيئىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرىدىغانلىقىنى، قانداق گەپ
قىلىدىغانلىقىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ دىققەت قىلىشىڭلار
كېرەك. مەسىلەن، ئۆيۈڭلەرگە بىر يات ئادەم كەلدى دەيلى،
بەلكىم ئۇ پۈتۈنلەي يات ئادەم بولماي، بەلكى سىلەرنىڭ
ئىجتىمائىي ياكى تۇغقاندارچىلىق ئالاقە دائىرەڭلاردىكى زىيا-
رەتچى، مېھمان، ھامما ياكى موماڭلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا
بالىلىرىڭلار قانداق گەپنىقىلىشنى، قانداق گەپنى قىلماسلىقنى
بىلىشى كېرەك. (ئېيتايلۇق، ياشانغانلارنىڭ ئالدىدا قېرىلىققا
ئائىت گەپلەرنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بۇنى خالى-
مايدۇ. ئاۋۋال خەقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئاندىن ئۆزى سۆز-
لەش، دېگەندەك). بالىلارنىڭ ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال
ۋە ۋاقىتقا بولغان سەزگۈ قابىلىيىتىنى چوقۇم يېتىلدۈرمەي

بولمايدۇ ھەم ئۇنى يېتىلدۈرۈشمۇ قىيىن ئەمەس. بىر ـ ئىككى ئىشتا ئوبدان دىققەت قىلىپ، ئاندىن بالىلىرىڭىزغا گەپ قىلسىڭىز، ئۇ گېپىڭىز ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ. ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ، شۇ ئىقتىدارنى ئىگەلىگەن ۋە پىششىق يېتىشتۈرگەن ئادەم ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش.

## دزېرژىنسكىي (1877 — 1926)

# ئالدونا بىلەن گېدمىنغا يېزىلغان خەت

دزېرژىنسكىي — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، ۋېرنا ئۆلكىسىدىكى بىر پولەك ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1895 - يىلى ۋېرنا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە قاتنىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي كەسپىي ئىنقىلابچى بولغان، پولشا ۋە روسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى تۈپەيلى، نۇرغۇن قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن پۈتكۈل سوۋېت ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كومىتېتى (چېكا) نىڭ رەئىسى بولغان، «دزېرژىنسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «كۈندىلىك خاتىرە ۋە خەت - چەكلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

بۇ دزېرژىنسكىي ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ، 1901 - يىلى نويابىرنىڭ باشلىرىدا شېدرېس تۈرمىسىدىن ئاچىسى ئالدونا ۋە ئۇنىڭ ئېرى گېدمىنغا يازغان خەت.

قەدىرلىك گېدمىن، ئالىدونا:
خېتىڭلارنى ۋە بالىلىرىڭلارنىڭ سۈرىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.
شۇ تاپتا بالىلىرىڭلار توغرۇلۇق ئازراق بىرنەرسە دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بارلىق بالىلارغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇماق، بىرەر ياخشى - يامان ئىش قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ بىلمەي قىلىدۇ. بالا دېگەننىڭ كۆڭلىدە نېمە بولسا ھەرىكىتىدە شۇ، ساختىلىقنى بىلمەيدۇ، خەق نېمە دەركىن دېمەيدۇ، بىلگىنىنى قىلىدۇ. بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇرۇش، زىيادە چېكىتۇتۇش، قارغۇلارچە باشقۇرۇش ناھايىتى زىيانلىق. بۇنداق تەربىيە ئۇسۇلى بالىلارنى ساختىپەز، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار قورققانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدىكىنى راستى بىلەن دېمەيدىغان، نىيىتى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇش بالىغا پەقەت ئاغرىق ئازابى ئەكىلىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ روھى ئاجىز بولسا، بۇ ئازاب ئۇنى ئارزۇسىغا زىت ھالدا ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. ئۇرۇش بالىنى خۇددى ئۆزىنى ئېغىر تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدىغان ئاجىز قۇلغا، روھى ئۆلۈك، ۋىجدانسىز، زەئىپ، ئىقتىدارسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە كېلىپ، بالىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى، قامچا ئازابىدىنمۇ يامان ۋە چىدىغۇسىز تۇرمۇشى ۋىجدان بىلەن ئازاب ئوتتۇرىسىدا ئېلىشىپ، ئاخىر ۋىجداندىن ۋاز كېچىدىغان يامان ئەھۋالغا قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، ئەتراپىڭلاردىكىلەرگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. ئادەملەر ۋىجدان بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى دائىمىي ئېلىشىش ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. رېئال تۇرمۇش بەزى كىشىلەرنى ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ يول

تۇتۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

ئىپمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ئاتا ــ ئانىلار، تەربىيىلىگۈچىلەر بالىلاردا ۋىجدان تۇيغۇسىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرىدىغان، ئۇلارغا قانداق ياشاشنى، ئىپمىنىڭ ياخشى، ئىپمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەققانىيەت ئۇچۇن زۆرۈر بولغان مەنىۋى كۈچنى يېتىلدۈرۈش تەربىيىسىگە سەل قارىغان، بەلكى ئۇلارنى ئۇرغان، تىللىغان، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن جازالىغان ۋە بۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى بۇ ئادەملەرنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ۋىجدان تۇيغۇسىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇرۇش، زىيادە چېك تۇتۇش ۋە قاتتىق ھۆكۈمدارلىق قىلىشلار ھەرگىزمۇ بالىلار قەلبىگە تەسىر قىلىشنىڭ، ئۇلاردىكى ياخشى تۇيغۇلارنى ئويغىتىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چارىسى بولالمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ ئىچىدا زورلۇق كۈچى ھەممىنى يېڭەلەيدىكەن، دېگەن تونۇش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلاردا جاھىللىق مىجەزى يېتىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلغىنىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا تەرسالىق قىلغۇسى كېلىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇنىڭدا ئىنتايىن قورقۇنچاقلىق ياكى ساختىپەزلىك ئادىتى يېتىلىپ قالىدۇ...

بۇنى تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇلى، بالا خاتالىق سادىر قىلغاندا ئۇنىڭغا خاتالىقىنى تونۇتۇش، ئۇنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ياشاشقا، ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇ يامان ئىش قىلمايدىغان بولىدۇ. ئۇرۇش پەقەت ۋاقىتلىقلا رول ئوينايدۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن تاياق يېيىشتىن قورقمايدىغان، بەلكى يەنە ۋىجدانىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىپ، يامان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالسا، ئۇلار بىلەن بىللە جىنايەت يولىغا ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دۇنيادا بالىغا تەن جازاسى بېرىشتەك يامان ئىش يوق. يۈرىكىنى مۇجۇش

دېگەندەك گەپلەرنى ئاز قىلىش كېرەك. بالا گەپ ئاڭلىمىسىلا ئۇرۇۋەرسەك، ئۇلار ھە دېسە قورقۇپ، تۇرمۇشتا ياخشى ـ ياماننى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بالا ئۆزىگە كۆيۈنگەن ئادەمگە ئامراق... بالىنى پەقەت كۆيۈنۈش بىلەن ئادەم قىلغىلى بولىدۇ. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىدۇ، ئۇلارنى خاپا قىلمايدۇ، شوخلۇقتىن، بەڭباشلىقتىن ئەسكى ئىش قىلىپ قويغان بولسا، پۇشايمان قىلىدۇ. يېشى چوڭايغانسېرى ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغان بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ياخشى ئىشلارغا مايىل قىلىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلىدىغان يامان ئادەم، يامان ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

بالىلار ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئازابىنى چۈشىنەلەيدۇ. كىچىككىنە بىر ئىش، ھەتتا بىر ئۇششاق ـ چۈششەك دەپ قارىغان ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز خاپا بولماسلىقىمىز، ئۇرۇشماسلىقىمىز، تىللاشماسلىقىمىز، كۆڭۈلسىزلىك تېرىماسلىقىمىز، بولۇپمۇ سۆز ـ ھەرىكەتتە بىردەك بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق ئىشلار بالىلارنىڭ يادىدا قالمىغىنى بىلەن، لېكىن تەسىرى يوقالمايدۇ. بالىلىق چاغدا قالغان بۇنداق تەسىرلەر ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ۋىجدانىغا، مەنىۋى كۈچىگە زور نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشمۇ يېتىلدۈرۈشكە باغلىق. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ، بەكمۇ ئەركە ئۆستۈرۈپ قويسا، ئۇلار چوڭ بولغاندا چۈشكۈن، ئىرادىسى ئاجىز، شەخسىيەتچى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانا مېھرىبانلىقنىمۇ چېكىدە قىلىشى كېرەك...

ئېيتايلۇق: بىر كېسەلچان بالا قارا بولكىنىڭ جېدىلىنى قىلدى ياكى بىر ساغلام بالا كەمپۈتنى جىق يەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنى تەلىپىنى ئورۇنداپ بەرمىگۈچە يىغلاۋاتىدۇ،

دەيلى. خوش، بۇ چاغدا تەلەپنى ئورۇنداپ بەرگەن ئانا توغرا قىلغان بولامدۇ ياكى ئورۇنداپ بەرمىگەن ئانا توغرا قىلغان بولامدۇ؟ مېنىڭچە، كېيىنكىسى توغرا قىلغان. ئۇنى يىغىدىن ئۇنداق قىلىپمۇ، مۇنداق قىلىپمۇ توختاتقىلى بولمىغانىكەن، ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولماسلىق كېرەك. يىغلاپ هارغاندا ئۆزى توختايدۇ. ئۇ سەل بېسىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن تەلەپ قىلغان نەرسىنى بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بېشەملىك قىلىپ يىغلاپ هەممەيلەننى خاپا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك...

ئالدىڭلاردا باللارنى ياخشى تەربىيلەشتەك زور بىر ۋەزىپە تۇرۇپتۇ. دىققەت قىلىڭلار! بالىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئاساسىي جەهەتتىن ئاتا - ئانىغا باغلىق. بالىلىرىڭلار توغرۇلۇق يەنە بەزى گەپلەرنى دەي دېگەن، لېكىن سىلەرنى ئەجەب ئاقساقاللىق قىلىپ كېتىپتۇ. دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دېدىم. هەر هالدا بالىلىرىڭلارغا كۆيۈنگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى قىلدىم. مەن ئۈچۈن ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇڭلار... ئۇلارنىڭ ساغلام، خۇشال - خۇرام چوڭ بولۇشىنى، ئاتا - ئانىسىنى ۋە باشقىلارنى سۆيۈشىنى تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ روهىي ۋە جىسمانىي جەهەتتىن ساغلام، باتۇر ئادەم بولۇشىنى تىلەيمەن؛ ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ۋىجدانىنى ساتماسلىقىنى تىلەيمەن؛ ئۇلار بىزدىن بەختلىك بولغاي...

چارچىدىم، شۇڭا خېتىمنى مۇشۇ يەردە توختىتىمەن...

ئۆزۈممۇ ئىشىنىمەن، مەندىكى روهىي كۈچ خېلى بار، لېكىن سەن ئويلىغاندەك ئۈنچىلىك چوڭمۇ ئەمەس، قەدىرلىك ئالىدونا! خېتىمدىن تۇرمىدە سەل بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالغاندەك بىلىنىشىم مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا قەيسەر... دۇرۇس، مېنىڭمۇ كەمچىلىكلىرىم بار، لېكىن بۇنى بۇ خەتتىن

بىلگىلى بولمايدۇ. مېنى ئۆزۈمدىنمۇ كاتتىا ئادەم ھېسابلاپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، بۇ توغرۇلۇق كېيىنكى خەتلىرىمدە يازار-مەن. چۈنكى، مەن ھەرقانداق يالغانچىلىق ۋە ساختىلىقتا ئۆچ.

ئالتىڭلارنى سۆيمەن

سىلەرنىڭ فلكسىڭلار

# گەندى (1869 — 1948)

## ئاتا مېھرى

گەندى — ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىك ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى. ئۇنىڭ «مۇقەددەس قەھرىمان» دېگەن نامى بار. ئۇ پۇرباندا شەھرىدە تۇغۇلغان، لوندون داشۆسىنىڭ قانۇنچىلىق شۆبىۆەنىنى پۈتتۈرۈپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيتى بىلەن ۋەتىنىگە قايتقان، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، «زورلۇق كۈچ قوللانماي قارشىلىق كۆرسىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستاندا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىگە «ماسلاشماسلىق ھەرىكىتى» قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، 1924 - يىلى ھىندىستان خەلق مەجلىسى پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئىدىيىسىنى بۇ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلغان، 2 — دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرغان. ھىندىستان مۇستەقىللىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، 1948 — يىلى 30 — يانۋاردا قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

گەندىنىڭ ئاتىسى پۇربانادادا باش ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى گەندىنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بىلگىلى بولمايدۇ. مېنى ئۆزۈمدىنمۇ كاتتا ئادەم ھېسابلاپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، بۇ توغرۇلۇق كېيىنكى خەتلىرىمدە يازارمەن. چۈنكى، مەن ھەرقانداق يالغانچىلىق ۋە ساختىلىققا ئۆچ.

ئالتىڭلارنى سۆيىمەن

سىلەرنىڭ فىلكىسىڭلار

# گەندى (1869 — 1948)

## ئاتا مېهرى

گەندى — ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى. ئۇنىڭ «مۇقەددەس قەھرىمان» دېگەن نامى بار. ئۇ پۇرباندا شەھرىدە تۇغۇلغان، لوندون داشۆسىنىڭ قانۇنچىلىق شۆبىسىنى پۈتتۈرۈپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بىلەن ۋەتىنىگە قايتقان، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، «زورلۇق كۈچ قوللانماي قارشىلىق كۆرسىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستاندا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىگە «ماسلاشماسلىق ھەرىكىتى» قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، 1924 - يىلى ھىندىستان خەلق مەجلىسى پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئىدىيىسىنى بۇ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلغان، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرغان. ھىندىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان. 1948 - يىلى 30 - يانۋاردا قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

گەندىنىڭ ئاتىسى پۇرباندادا باش ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى گەندىنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بوۋامنىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ بەشىنچىسى كالنىم بىلەن ئالتىنچى ئوغۇل جورۇس دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پۇرباندادا باش ۋەزىر بولغان. كالنىم مېنىڭ دادام.

دادام تۆت خوتۇن ئاپتىكەن. بەختكە قارشى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئالدىنقى ئىككى خوتۇنىدىن ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۈچىنچى خوتۇنى تۇغماپتىكەن. ئاخىرقى خوتۇنى پوتورىبا بىر قىز، ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتىكەن. ئاشۇ ئوغۇللارنىڭ ئەڭ كىچىكى مەن — موھاندا گەندى بولىمەن.

دادام ئادەملەرگە ھالال، مەردانە مۇئامىلە قىلاتتى، ساختىپەزلىك، ھارامزادىلىك دېگەنلەرگە بەك ئۆچ ئىدى. ھەرقانداق ئادەمگە بىر خىل مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۆيدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئۇ پادىشاھقا ئىنتايىن سادىق ئىدى، پۇقرالارغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى، خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشماي، شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى. شۇڭا بۇ ئالىيجاناب ئىشلىرى بىلەن تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۇرباندا ئۆلۈمگە بۇيرۇش ھوقۇقىنى يۇرگۈزەلەيدىغان بىر ئەمەلدارنى ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ نۇرغۇن كىشىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. ئۇلار بىر — بىرىدىن تەكەببۇر، كۆرەڭ ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ناھايىتى چوڭچىلىق بىلەن: «پۇرباندانىڭ پادىشاھى چىرىكلىشىپ كەتكەن، ئىقتىدارسىز، لەقۋا ئادەم ئىكەن!» دېگەن گەپنى قىپتۇ.

ئەتراپتا ئولتۇرغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بۇ گەپتىن ناھايىتى غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن غەزىپىنى سىرتىغا چىقىرالماي، ئامالسىز، بۇ گەپنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. دادام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھېلىقى ئەنگلىيىلىككە: «سەن ھەرقانچە ئەنگلىيىلىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پادىشاھىمىزغا ھاقارەت قىلساڭ بولمايدۇ. بۇ گېپىڭ ئۈچۈن دەرھال ئەپۇ سورا!» دەپتۇ.

ئۇ ئەنگلىيىلىك تۆرە گۇناھىنى بويىنىغا ئالمايلا قالماستىن، تېخى دادامنى ئەدەبسىزلىك قىلدى دەپ قاراپ، ئۇنى ئەپۇ سورايسەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دادام ھەقىقەتنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ يولسىز تەلىپىنى قەتئىي رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگلىيىلىكلەر دادامنى دەرەخقە باغلاپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەل غەزەپلىنىپ دەرھال قوزغىلىپتۇ ۋە ئەنگلىيىلىكلەردىن دادامنى دەرھال بوشىتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەنگلىيىلىك ئەمەلدار ئەلنىڭ غەزىپىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، دادامنى بوشىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

دادام ئەلنىڭلا غېمىنى يەيدىغان، باي بولۇشنىڭ كويىغا كىرمەيدىغان ھالال ئادەم ئىدى. ئۇزۇن يىللار باش ۋەزىر بولغان بولسىمۇ، بىز بالىلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرغۇدەك ھېچقانداق دەپنە ـ دۇنياسى يوق ئىدى. دادام مەكتەپتە ئوقۇمىغاچقا «تارىخ»، «جۇغراپىيە» دېگەنلەرنى چورت بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ ناھايىتى ئىجتىھاتلىق بولغاچقا، ئەمەلىي تۇرمۇش داۋامىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان، شۇڭا ھەرقانداق مۇشكۇل مەسىلىنى ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلالايتتى.

دادام ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنى بىلەن، لېكىن بەك ئىخلاس قىلىپ كەتمەيتتى، ئىبادەتخانىغىمۇ ناگان ـ ناگاندا بېرىپ قوياتتى. قېرىغان چېغىدا بىر كاتتا ئۆلىما

ئۇنىڭغا ئايەت ئوقۇپ تۇرۇشنى نەسىھەت قىلغانىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنكى كەچلىك ئىبادەت ۋاقتىدا قىرائەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىلىرىمدا مەن بىرنەچچە ئەسكى ئىش قىلغان. بۇ ئىشلارنىڭ بىرى، مەن تاماكا چېكەتتىم، تۇغقىنىمىزنىڭ بىر ئوغلى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا بۇ ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغانىدۇق. تاماكىنىڭ پۇرىقىنىمۇ ئۆچ ئىدىم، تاغامنىڭ ئاغزىدىن چەمبىرەك ـ چەمبىرەك ئىس چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە دورىغۇم كېلىپ قالغان.

دەسلەپتە تاغام چېكىپ تاشلىۋەتكەن تاماكىلارنىڭ قالدۇقىنى چېكىپ يۈردۇق، لېكىن ئۇنىمۇ دائىم تاپقىلى بولمايدىكەن، ئىسىدىنمۇ جىق چەمبىرەك چىقارغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، ھەۋىسىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پۇل ئوغرىلاپ تاماكا ئېلىپ چەكتۇق. چوڭلاردىن خالى يەردە تاماكىنى پۈۋلەپ ئىس چىقىرىپ ئويناش بىزگە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويۇن ئىدى.

ئۇ تاماكىمۇ ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن تۈگىدى. ئەمدى تاماكا ئالىدىغان پۇلنى نەدىن تۇغرىلارمىز، دەپ غەم قىلىپ يۈرگەندە، بىرەيلەندىن جىلغىدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلۈك يوپۇرمىقىنى تاماكا قىلىپ چەككىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن پۇل ئوغرىلاش نىيىتىدىن ۋاز كەچتۇق ـ دە، ھېلىقى يوپۇرماقنى ئەكىلىپ قۇرۇتتۇق لېكىن ئۇنىڭ تەمى ناھايىتى يامان ئىكەن، ھەرگىزمۇ تاماكىنىڭ ئورنىدا چەككىلى بولمايدىكەن،

بىز چوڭلارنى دوراپ تاماكا چېكىمىز دەپ ناھايىتى تەس كۈنگە قالدۇق، كىچىك بولغاندىكىن چوڭلاردىن يوشۇرۇپ چەكمىسەك تېخى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاماكا ئالايلى دېسەك يېنىمىزدا بىر سىنت يوق. ئويلاپ

باقساق، ھەممە ئىشتىلا چوڭلارغا تەلمۈرمىسەك بولمايدىكەن، بۇنداق ياشاپ نېمە كەپتۇ؟ بولدى، ئۆلۈپلا تۈگەشمەمدۇق! دېگەن نىيەتكە كەلدۇق.

بىر چاغلاردا، ماندورونىڭ مېۋىسى زەھەرلىك، مەيلى ئادەم مەيلى ھايۋان يېسىمۇ دەرھال ئۆلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ گەپ ئېسىمگە كېلىپ، دەرھال ئورمانغا بېرىپ ئۇ مېۋىنى ئۈزدەپ تاپتۇق.

مېۋىنىغۇ تاپتۇق، لېكىن ئۆلۈشنى قايسى ۋاقىتتا توغرىلاش كېرەك؟ ئۇ دۇنياغا بېرىش ئۈچۈن كەچقۇرۇن مەزگىلى ياخشىراق بولار، دېگەن مەسلىھەتكە كېلىپ، ئاۋۋال كۈن پاتارغا يېقىن ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلدۇق، ئاندىن ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانىنىڭ كەينىگە ئۆتتۇق. لېكىن، مېۋىنى يەيدىغان چاغدا ئىككىلىنىپ قالدۇق. «ئەگەر بۇ مېۋىنى يەپ دەرھال ئۆلمەي قىينىلىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەنمۇ چوڭ بولىمەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەرمىكىن؟!» دەپ ئويلىدىم.

بۇ خىيالغا كېلىپ بولغۇچە، ھېلىقى مېۋىدىن ئاغزىمغا بىر - ئىككى تال سېلىپ بولغانىكەنمەن، كېيىن ئاغزىمغا سالمىدىم. ئىككىمىز يەنە بىر قۇر مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇق. شۇ چاغدا مەن ئۆلىمەن دەپ نىيەت قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئوڭاي قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم. كېيىن خەقلەرنى ئۆلۈۋالماقچىكەن دەپ ئاڭلىسام، ئانچە چۆچۈپ كەتمەي كۈلۈپلا قويىدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ جۈرئەت كېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن - دە، شۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن تاماكا قالدۇقىنىمۇ تېرىپ يۈرمەيدىغان، خىزمەتكارلارنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاپ تاماكا ئالىدىغان ئىشنىمۇ قىلمايدىغان بولدۇم.

ھەممىدىن خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش شۇكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرگىز تاماكا چەكمەيدىغان، ھەتتا تاماكا چېكىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بولدۇم. تاماكا چېكىشنى سالامەتلىككە زىيانلىق يامان ئادەت، دەپ ھېساب-لايمەن. خەقلەرنىڭ تاماكىغا ئۆلگۈدەك ئامراقلىق قىلىپ كېتىدىغانلىقى زادى كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە بىر يامان ئىش قىلغان. 15 ياش چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئىسكىنىچى ئاكامدىن 25 رۇبلە قەرز ئالدىم. كېيىن شۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆرۈمە ئالتۇن بىلەزۈكىدىن ئازراق سۇندۇرۇ-ۋېلىپ، ئاپىرىپ ساتتىم، ئاندىن پۇلىنى ئۆزىگە ئەكىلىپ بەردىم. لېكىن قەرزنى قايتۇرغىنىم بىلەن كۆڭلۈم پەقەت ئاراملىق تاپمىدى، جىق قىينالدىم. ياتسام-مۇ، قوپسام-مۇ، «ھەي، مۇھاندا، يەنە ئوغرىلىق قىلدىڭ — دە!» دېگەن بىر ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپلا تۇرىدۇ. بۇ ۋىجدان ئازابىغا چىدىماي، ئادەم يوق يەرگە بېرىپ، ئۆزۈمنى بولۇشچە تىللاپ باقسامۇ، يەنىلا ئازابىم يېنىكلىمىدى. ئاخىر مەن بۇ ئىشنى ئوچۇق دېمىسەم بولمىدى. بولمىسا مەڭگۈ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن، دېگەن يەرگە كەلدىم. دادامغا گەپنى ئوچۇق دېمەكچى بولۇپ، نەچچە رەت تەمشەلدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. بۇ دادامنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقىم ئەمەس ئىدى. پەقەت دادام بۇنى ئاڭلىسا، مېنى شۇ قەدەر كۆڭلى قارا بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كېتەرمىكىن، دەپ قورققانىدىم.

نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئاخىر دادامغا خەت يېزىپ، ئۆتكۈزگەن پۈتۈن گۇناھلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە خەتنىڭ ئاخىرىدا: «ئەزىزىم ئاتا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز

مۇنداق گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمايمەن. ئۆزلىرىدىن گۆدەكلىكىم تۈپەيلى ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەپ يازدىم.

بۇ چاغدا دادام كونا كېسىلى قوزغىلىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى. مەن غەيرىتىمگە كېلىپ خەتنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئولتۇردۇم.

لېكىن ئەھۋال كۈتكىنىمدەك بولمىدى. ئۇ مېنى تىللىمىدى ياكى جازالىمىدى. قارىسام، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتىدۇ. ئۇ كۆز ياشلار خەتنىڭ سىياھىنى بويىۋەتتى. ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمۇپ ئويلاندى، كېيىن خەتنى يىرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنى توختىتالماي: «دادا!» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.

بالىسىنىڭ شۇ قەدەر ئەسكى ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلگىنىدە ئاتىنىڭ نەقەدەر ئازابلانغانلىقى، ئىست، دەپ قالغانلىقى چۈشىنىشلىك. شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنى ئەيىبلەيدىغان بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، بەلكى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپلا قالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابلانغان قىياپىتى تا بۈگۈنگىچە خىيالىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن قەلبىمدىكى داغنى يۇغان، مېنى ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا يەنىلا ئاتىلىق مېھرىنى ئىزھارلىغانىدى. ئۇنىڭ مىڭ ئېغىز تەنبىھدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان كۆز ياشلىرى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ ياخشىلىق يولىغا ماڭىدىغان ئىرادەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن دادام ھەرقانچە تىللىسىمۇ مەيلى، دەپ تەييار بولۇپ تۇرغان بولساممۇ، لېكىن دادام مېنى تىللىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ ماڭا ئانچە خۇش يېقىپ كەتمىگەن بولاتتى،

ئۇنىڭ مېنىڭ پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىشىشىمگىمۇ ئانچە پايدىسى بولمىغان بولاتتى. ئەنە، شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ھەرگىز ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا، جېنىم چىقسىمۇ كەتسىمۇ مۇشۇ ۋەدەمدە چىڭ تۇرۇشقا كۆڭلۈمدە قەسەم قىلدۇۋەتكەنىدىم.

ھىندى دىنىنىڭ مۇناجاتلىرىدا مۇنداق ئىككى مىسرا سۆز بار:

مېھرى ئوقى كىمگە تەگسە شۇ بىلەر:
سۆيگۈ – مېھىر قۇدرىتى زور شۇ قەدەر.

داداممۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە دەل شۇ مېھىر ئوقىنى ئېتىپ، ماڭا سۆيگۈ – مېھىر قۇدرىتىنىڭ شۇ قەدەر زور ئىكەنلىكىنى تونۇتقانىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئوبدان ئادەم بولۇپ، بۇ دۇنيادا ھالال ياشايمەن، دېگەن ئىرادىگە كەلگەن.

## گوركىي (1868 — 1936)

# ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت

گوركىي — ئەسلى ئىسمى ئالېكسېي ماكسىموۋىچ پېشكوۋ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، نېژنى نوۋېگوردتىكى ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، تۆت يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان، ئىككى يىللا مەكتەپ يۈزى كۆرگەن، شاگىرت، پىرىستان ئىشچىسى بولغان، 1892 - يىلدىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، هايا- تىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

گوركىي بىرى قىز، بىرى ئوغۇل بولۇپ ئىككى پەرزەنت كۆرگەن، قىزى كاتيە كىچىكىدىلا كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ پۈتۈن ئاتىلىق مېهرىنى ئوغلى ماك- سىم پېشكوۋ (1897 — 1934) غا بېغىشلىغان. چارروسىيە هۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابقا قاتناشتى، دەپ قولغا ئالماقچى بولغاندا، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، خوتۇن، بالا - چاقىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە بىللە بولالمىغاچقا، داۋاملىق خەت يېزىش ئارقىلىق ئوغلىنى تەربىيىلەپ تۇرغان.

## 1

[1907 - يىل 26 - يانۋار (8 - فېۋرال) دىن كېيىن كاپرۇردىن ئالياسىئوغا يېزىلغان].

سەن كەتتىڭ، لېكىن سەن تىككەن گۈل قالدى. ئۇ ئۆسۈۋاتىدۇ. مەن ئۇ گۈلگە قارىغانچە، ئوغلۇم بۇ يەردىن كەتكىنى بىلەن، كاپرۇر ئارىلىغا ئىنتايىن بىر ياخشى نەرسىنى، يەنى گۈلنى قالدۇرۇپ قويدى، دەپ خۇشاللىق بىلەن ئويلاپ كېتىۋاتىمەن.

ئەگەر سەن ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا كىشىلەرگە ئەڭ ياخشى نەرسىنى — گۈلنى، گۈلدەك ئىدىيىنى ھەم ئۆزۈڭ توغرىسىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ قويالىساڭ، ئۇنداقتا تۇرمۇشۇڭ ئىنتايىن ئازادە ۋە كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئۇ چاغدا سەن، ھەممە ئادەمنىڭ ساڭا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن. بۇ ھېسسىيات سېنى باي كۆڭۈلگە ئىگە قىلىدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، بېرىش ھامان ئېلىشتىن كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

.........

سالامەت بول، ئەزىزىم، ئاپاڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆل، بولامدۇ؟

## 2

[1907 - يىل نويابىرنىڭ ئاخىرى (دېكابىرنىڭ بېشى) رىمدىن جەنۋەگە يېزىلغان].

سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرىمە. ئەھۋالىم بىرئاز يامان بولسىمۇ، يەنىلا خىزمىتىمنى قىلىۋاتىمەن. سەن چوڭ بولۇپ ئۆزۈڭنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشۇڭنى باشلىغان چېغىڭدا، مېنىڭ بۇ

دۇنيادا بىكار ياشىمىغانلىقىمنى چۈشىنىسەن. مەن سېنى چوقۇم چۈشىنىدۇ دېگەن ئۈمىدتە.

سەنمۇ يازغۇچى بولۇشنى خالاۋاتامسەن؟ بۇ ياخشى ئىش. مەنمۇ سېنىڭ يېشىڭدىكى چېغىمدا تۇنجى قېتىم يېزىقچىلىق-نىڭ خۇمارىنى ھېس قىلغان، تېخى ئۆزۈمچە قەغەز - قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ، چوڭ دادامدىنمۇ تاياق يېگەندىم، تاياق يېگەندىمۇ خېلى ئوبدان يېگەن. ھازىر شۇ چاغلاردىكى ئىشنى ئويلىسام بەكمۇ كۆڭۈللۈك ھېس قىلىمەن.

ھەممىدىن مۇھىمى، ئەزىزىم، تىرىشىپ بىلىمىڭنى كۆپەيت. ئىمكانىيەتلا بولسا، ھەممىنى — مۇزىكا، رەسىم، تەبىئىي پەن ۋە پۈتكۈل تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرىدىغان نەر-سىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەن. ساڭا يەنە بىر تەكىتلەپ قوياي-كى، ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى قەدىر - قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ساڭا قىزىقارلىق كىتابلاردىن بىر مۇنچە ئەۋەتكەنىدىم. ئەپسۇس، ھېلىغىچە قولۇڭغا تەگمەپتۇ.

3

[1907 - يىل 23 - دېكابىر (1908 - يىل 5 - يان-ۋار) دىن بۇرۇن رىمدىن جەنۋەگە يېزىلغان].

خېتىڭ خېلى جايىدا، تەپسىلىي، ئېنىق يېزىپسەن. پەقەت ئوقۇتقۇچىلىرىڭ ھەققىدىكى پىكرىڭلا ئانچە ئاقىلانە ئەمەس. خەير، بۇنىڭغىمۇ كېرەك يوق! سەن يەنە بىرئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلار ھەققىدە بۇنىڭدىن ئوبدانراق گەپ قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

بەزىلەر نېمىشقا خەقلەرگە ئۆچلۈك قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب، باشقىلار ئۇنىڭ

غەزىپىمنى كەلتۈرۈپ قويغان. راست، سەۋەب پەقەت مۇشۇلا. ئەگەر خەقلەر سېنى كۈندە مازاق قىلىۋېرىدىغان بولسا، بىر كۈنى سەنمۇ چىدىماي يولۋاستەك ئېتىلىپ چىقىسەن. شۇنداقتۇ؟
ئەگەر ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ئوبدان بولۇشىنى تىلىسەڭ، ئۆزۈڭ ئۇلارغا مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئەدەبلىك مۇئامىلە قىل، شۇ چاغدا ئەتراپىڭدىكىلەرمۇ ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. تۇرمۇشۇڭدىكى ھەممە نەرسە ئۆزۈڭگە باغلىق. مېنىڭ بۇ گېپىمگە ئىشەن.
مەن ساڭا ناھايىتى ئوبدان سۈرەتلەرنى يىغىپ قويدۇم. پات ئارىدا سەن ياۋروپادىكى بارلىق مۇزېيلاردىن تارتىلغان سۈرەتلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىسەن.
......
ئۆگەنگىن دوستۇم، دەسلەپتە ساڭا سەل مەنىسىز ھەم قېيىن تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن سەن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالىسەن. بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ بۇرۇن قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى، ھازىر قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ ياشاشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوڭاي، كۆڭۈللۈك ھەم ياخشى چۈشىنىۋالالايسەن.

## 4

[1910 - يىل دېكابىرنىڭ ئاخىرى (1911 - يىل يانۋارنىڭ بېشى) كاپرىدىن پارىژغا يېزىلغان].
ئوغلۇم:
ساڭا ئاۋئاتسىيىگە دائىر كىتابلارنى ئەۋەتەي دېگەن، لېكىن تاپالمىدىم. شۇڭا، سۇ ئاستى دۇنياسىغا ئائىت كىتابتىن بىرنى ئەۋەتتىم. ئەگەر كىتاب سەل تاپىنى يوق چىقىپ قالسا، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس.

سېنى بەك كۆرگۈم بار، لېكىن ئالدىڭغا باراي دېسەم، دائىملا بىر ئىشلار بىلەن بوشىيالمايۋاتىمەن.

ئاپاك ساڭا «ئوكولوۋ بازىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بەرسۇن. كىتابتىكى سېمانىنىڭ قانداق شېئىر يازغانلىقىنى ئاڭلاپ باق. سېنىڭ شائىر، مۇزىكانت ياكى ئالىم بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. يارامىلىق ئادەم بولۇش كېرەك. بولمىسا، بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

قانداق ئادەملەر ئەڭ قىممەتلىك، باتۇر، پاراسەتلىك بولىدۇ دېسەڭ، فرانسىيىدىكى باسدېر، بوتۇروغىا ئوخشاش تەبىئىي پەن ئالىملىرى... ئۇلار ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەملەر!

بۇ جەھەتتە سېنىڭمۇ ئازراق تەييارلىق قىلىپ قويغۇڭ بارمۇ؟ ئىلىم - پەننى سالماق بولۇپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي، باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. لېكىن، سەن ئويۇنغا بەك بېرىلىپ كېتىۋاتىسەن، جايىڭدا بېسىپ ئولتۇرالمايۋاتىسەن. ياخشىسى، شېئىر ياز، مۇزىكا ئۆگەن، رەسىم سىزىشنى مەشق قىل.

ئايروپىلاننىڭ ئىشىنى ھازىرچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇر. ئايروپىلان ئۆگىنىمەن دەپ بېشىڭدىن ئايرىلىپ قېلىپ يۈرمە. باش دېگەن جىق كېرەك بولىدىغان نەرسە. راست!

پارىژغا زادى قاچان بارالايمەن؟ بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس. ئاۋۋال رومانىمنى («ماتۋى كوزىۋنىنىڭ ھاياتى» نى دېمەكچى) يېزىپ پۈتتۈرۈۋالاي. ئۇنى قاچان يېزىپ بولالىشىمنىمۇ بىلمەيمەن.

بۇ چاقچاق گېپىم ئەمەس. يېزىقچىلىق مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئىش.

ئەمىسە، خوش، ئەزىزىم!

يېڭى بىر يىلغا يېڭىچە ھەۋەس ۋە شاد - خۇراملىق بىلەن كىرگەيسەن.

سېنى باغرىمغا باسقايمەن ئىلاھىم.

## 5

[1912 - يىل 29 - يانۋار (10 - فېۋرال) كاپرىدىن پارىژغا يېزىلغان].

ئەزىزىم!

سەندىن خەت كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغان. بۈگۈن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

توغرا دەيسەن، «كۆكيۇن» نىڭ باش قەھرىمانى كروخوۋغا قارىغاندا جىق ئىرادىلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەربلىكلەر بىز سىلاۋيانلارغا قارىغاندا خېلى ئىرادىلىك كېلىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم بار، كېيىن ئالدىڭغا بارغاندا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەرمەن.

ساڭا مارك تۋېننىڭ بىر كىتابىنى ۋە باللارنىڭ ماڭا يازغان بىر نەچچە پارچە خېتىنى ئەۋەتتىم. مەن بۇ باللارنىڭ ھەممىسىگە ماركا ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى مېنىڭ ئەۋەتكەن ماركام قولىغا تەگكۈچە، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ماركىنى بۇرۇنراق ئەۋەتمىگىنىمگە ئىچىم جىق ئېچىشتى.

ساڭا ئەۋەتكەنلىرىمنىڭ ئىچىدە ئوكرائىن يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە خەتمۇ بار. بۇنى چېرنىكوۋ شەھىرىدىكى توققۇز ياشلىق بىر قىزچاق يازغان. ئۇ بىر ئوكرائىن يازغۇچىسىنىڭ قىزى، ئىسمى ئوكسانا. بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.

باللار بىلەن خەت - ئالاقە قىلىپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئەكىلىدۇ. باللار يەر شارىنىڭ ئەڭ سەرخىللىرى. باللار يەر شارىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادەملىرى. سەن

تېخى بىر بالا، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئىسسىقلىكىنى تېخى چۈشەنـ
مەيسەن. ساڭا شۇنى چىن كۆڭلۈمدىن دەپ قويايكى، ھەرقانداق
چاغدا بالىلارغا پەرۋاسىز قاراشقا بولمايدۇ!

ئەزىزىم، سەن مېنىڭ بالام! بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك
يىللاردا چوڭ ئادەم بولۇش، بولۇپمۇ ھەقىقىي روسىيىلىك
بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس!

كەچۈر، راست، بۇ گەپلەر سېنى ھازىرچە قىزىقتۇرالمايـ
دۇ، بۇلارنى چۈشىنىشىڭگە تېخى بالدۇر.

# كيۇري خانىم (1867 — 1934)

## جىيەن قىزىغا يېزىلغان خەت

كيۇري خانىم — ئەسلى ئىسمى مارىيە سكولودوۋىسكى، فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى پولەك فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىمى، ۋارشاۋادىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، پارىژ داشۆسىنىڭ تەبىئىي پەن شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، فىزىكا پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1895 - يىلى پىئېررى كيۇري بىلەن توي قىلغان، ئەر - ئايال ئىككىسى ئورتاق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ 1898 - يىلى پولونىي ۋە رادىي دېگەن ئىككى خىل رادىئو ئاكتىپلىق ئېلېمېنتىنى بايقىغان. 1903 - يىلى كيۇري، بوكلېر بىلەن بىللە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1911 - يىلى نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىنى ئالغان، «رادىئو ئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار ھەققىدە» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان.

بۇ كيۇري خانىمنىڭ 1913 - يىل 6 - يانۋاردا جىيەن قىزى ھاننا زارايىغا يازغان خېتى.

خېتىڭدە بىر ئەسىر بۇرۇن تۇغۇلغان بولسام بوپتىكەن، دەپ يېزىپسەن... ئىرىنا ماڭا ئۆز ۋاقتىدا، مۇمكىن بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە تۇغۇلغان بولسام ياخشى بولاتتىكەن، دېگەن. مېنىڭچە، ھەرقانداق زاماننىڭ ئۆزىدە ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئەھمىيەتلىك ياشغىلى بولىدۇ. بىز ھاياتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكىمىز، بۇ ھاياتتا «قولۇمدىن كەلگەن ئىشنى قىلدىم» دېيەلىشىمىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇ. بىز پەقەت مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا ھاياتتىن خۇشاللىق تاپالايمىز.

بۇلتۇر ئەتىيازدا قىزلىرىم پىلە قۇرتى باقتى. شۇ كۈنلەردە ھېجەزىم يوق، بىر نەچچە ھەپتە ئىشلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ دەم ئالغان. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىلە غوزىكىنى كۆزەتتىم. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش ئىكەن. قارىسام، پىلە قۇرتلىرى شۇنداق جانلىق، ھەم ئىختىيارلىقى بىلەن، ھەم شۇنداق ئەستايىدىل، تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن. گەرچە مەن ئۇلاردەك تەشكىللىك ئىشلىيەلمىسەممۇ، لېكىن ئۆزۈمنى ئۇلارغا ئوخشاتقۇم كەلدى. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەۋېتىپتىمەن. ھاياتنىڭ تولىمۇ قىسقا، ئاجىز ۋە ئۆتكۈنچى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بەزىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ماڭا ئوخشىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگىمۇ تازا ئىشەنچىم يوق، شۇنداقتىمۇ يەنە تىرىشىپ ئىشلەۋاتىمەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، پىلە قۇرتى پىلە ئىشلىمەي تۇرالمىغانغا ئوخشاش، مەنمۇ ئىشلىمىسەم تۇرالمايدىكەنمەن. ئۇ بىچارە قۇرتلار، بەلكىم پىلە ئىشلىيەلمەيدىغاندۇ، بەلكىم ئىشنى ئەمدى باشلاۋاتقاندۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار شۇنچە ئەستايىدىل ئىشلەيدىكەن.

دۇرۇس، ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئاللىقانداق بىر مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

قەدىرلىك هانىنا، بىزمۇ نىمە ئۈچۈن، نىمە بولار دەپ ئولتۇرماي، ئاشۇ پىلە قۇرتلىرىدەك ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى.

# رومىن روللان (1866 — 1944)

## مۇزىكىنى ئاپام ماڭا ئۆگەتتى

رومىن روللان — فرانسىيە يازغۇچىسى، فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم ئېگىزلىكىدىكى كرامىس بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «جون كىرىستوۋ» ناملىق ئون توملۇق رومان بولۇپ، مۇھىم دراممىلىرىدىن يەنە «چىلبۆرىلەر»، «ئەقىل - پاراسەتنىڭ غەلىبىسى» قاتارلىقلار، تەزكىرە ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن «بېتخوۋىننىڭ تەرجىمىھالى»، «مىكرانگىرونىڭ تەرجىمىھالى»، پوۋېستلىرىدىن «ئانا ۋە بالا» (بۇرۇن «شادىمان روھ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، «كولا بىرونىئون» قاتارلىقلار بار. ئۇ 1915 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مەن ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا مۇزىكىغا باغلىنىپ قالدىم. مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببىتىممۇ شۇنىڭغا باغلانغان. بەلكىم ئاخىرقى مۇھەببىتىممۇ شۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مەن ئايال كىشىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن، مۇزىكىغا خۇددى ئايال كىشى بالىسىغا كۆيگەندەك كۆيەتتىم.

لېكىن ماڭا مۇزىكا ئۇستازى تېپىلماي قويدى. مەن ئۆسكەن ئۇ كىچىك شەھەردە بۇنداق ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى. ماڭا ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى ئاپام، لېكىن ئۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ مېنىڭ بارماقلىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ پىئانىنو ئۆگەتكەن، مەن بىلەن تەڭ مۇڭ قايىنىمىغا چۆمگەن. ئۇ ۋاپات بولىدىغان يىلى، مەن كېچىلەردە ئۇخلىماي مۇزىكا چالاتتىم، ئۇ نېرىقى ئۆيدە ئاڭلاۋېتىپ، سۆيۈنۈپ يىغلاپ كېتەتتى. ھەرقېتىم شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، يۈرىكىم ۋىژژىدە ئېچىشىپ كېتىدۇ.

بىز پارىژغا كەلگەن چاغدا (ئۇ چاغدا مەن 14 ياشتا ئىدىم) ئۇ مەندىكى مۇزىكا قابىلىيىتىنى بايقىغان. ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتىمنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بەرگۈسى كېلەتتى، لېكىن بۇنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. چۈنكى، بۇ ئىش تۈپەيلى ئوقۇشۇمغا تەسىر يەتكۈزۈپ كاتتا مەكتەپلەرگە چىقالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. بۇمۇ شەھەر بالىلىرى ئۈچۈن يوغان ئىش - تە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ماڭا ھۈنىرىمنى كۆرسىتىدىغان سورۇنمۇ تېپىپ بېرەلمەيتتى، چۈنكى پارىژدا ئۇنىڭ يۆلىنىدىغان ھېچقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىمۇ يوق ئىدى. دادامنىڭ بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ كۈنى ئىشخانىدىكى زېرىكەرلىك ئىشلار بىلەنلا ئۆتەتتى. ئۇ ئۆز خىزمىتىگە ئانچە ئامراق بولمىسىمۇ، لېكىن ئىشنى خەقنى رازى قىلارلىق ئىش-

لەشنى بىلەتتى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر «يۇقىرىغا يامىشىش» دېگەننى ئەسلا بىلمەيتتى ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەپ شۈكۈر قىلىپ ئۆتۈۋېرەتتى، ئۆزۈمگىمۇ بىر پۇرسەت يارىتاي دېگەننى ئويلىمايتتى. مەنمۇ بىرەر قېتىم ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشىپ قالسام ئۇنى ئۆزۈمنىڭ تەلىيىدىن كۆرەتتىم. بىراق شۇ پۇرسەتلەرمۇ مېنى (ئىككى ـ ئۈچ قېتىم) نىشاندىن ئاداشتۇرۇۋەتكىلى تاس قالغان! دادامۇ، ئاپامۇ، مەنمۇ ھېچقايسىمىز ماڭىدىغان يولىمىزنى بىلمەيتتۇق. مۇزىكانتلىق يولىدا مەن خېلى جىق ئاداشقان.

شۇ چاغدا پارىژدا مەن كېيىن تونۇشقان مۇزىكانتلارغا ئوخشاش بىرەر تەجرىبىلىك مۇزىكانتنى تاپالىغان بولساق، ئۇ مۇزىكىغا مەندەك ھەۋەس قىلىدىغان، قابىلىيەتلىك، ھېسسىياتچان بالىغا چوقۇم بىر تۈز يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردىغۇ مەن يېزىقچىلىق ئىجادىيىتىمدە خېلى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم، لېكىن مۇزىكىدىكى تالانتىمنى قىلچە جارى قىلدۇرالماي، ئۇنى ئەمدى گۆرۈمگە ئەكىتىدىغان ئوخشايمەن، (بۇ جەھەتتە يېزىقچىلىقتىكى پۈتكۈل ئىجادىيىتىممۇ ماڭا تەسەللى بولالمايدۇ!) بايام پارىژدا ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمىز يوقلۇقىنى ئېيتتىم. شۇ كۈنلەردە بىر ياخشى پىئانىنوچىنىڭ بارلىقى ئاپامنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئاپام قىز ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭدىن جىق تەلىم ئاپتىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئىئوسفېن مارتىن ئىكەن. ئۇ ئىككىنچى ئىمپېرىيە دەۋرىدە مەخسۇس خانىش ئۈچۈن پىئانىنو چېلىپ بېرىپ خېلى داڭق قازىنىپتىكەن. ئۇ روسسىنىڭ دوستى ئىكەن، شوپېننىمۇ تونۇيدىكەن. ئۇنىڭ پىئانىنوغا بەك پەيزى بار ئىكەن، پىئانىنو چالسا مۇزىكا دېگەنگە جان كىرگۈزۈۋېتىدىكەن. بارماق بېسىشلىرىمۇ شۇنداق ئىلمىي، يۇمشاق ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بۇ

تەرەپلىرىنى ئوخشايلا ئۆگىنىۋالدىم. بىراق ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۆتـكەن زامانىڭكى بولۇپ، پىئانىنودىكى «Bel Canto»① ئۇسـلۇبى بەك قويۇق ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۇ ماڭا شارپىنىڭ فانتازىيىلىك مۇزىكىلىرىنى چېلىشنى ئۆگەتتى. ئۇ تەمكىن كۈلۈمسىرەپ شۇمان، بېرلىئوز، بولۇپمۇ ۋاگېنانى ئىنكار قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدىم. كېيىن ماڭا يۇقىرىقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالنىڭ ماڭا كېرىكى قالمىدى.

ئۇ ماڭا پىئانىنو چېلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇ موزارت مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتا شوپېننى تەقلىد قىلغان بولسا كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆگەتكەن ھۈنەرلەرنى ماڭا ھېچقانداق مۇزىكانت ئۆگىتەلىگەن ئەمەس. شۇڭا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە بىردىنبىر ئۆگەنگەن مۇزىكا ماھارىتىمنى ئاشۇ ئۆگەتكەن دېسەم بولىدۇ.

تەلىيىمگە مەن يەنە كونسېرت كۆرۈش ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان. كونسېرت سورۇنلىرىمۇ مەن ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىق رول ئوينىغانىدى. ئاتا - ئانام تېجەشلىك جاھان تۇتىدىغان ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ھەر يەكشەنبىدە كونسېرت كۆرۈشۈم ئۈچۈن پۇل بېرىشكە بېخىللىق قىلمايتتى. مەن ئۇلاردىن ئالغان ئىككى - ئۈچ فرانكقا ساتېربۇرگدا، قىشلىق سېرك مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كونسېرتلارنىڭ ئادەتتىكى بېلەتلىرىنى سېتىۋېلىپ (چەت - چۆرىدىكى بىريەردە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتىم، چۈنكى ئوبدان يەرلەرنىڭ بېلەتلىرى ئالدىن زاكاز بىلەن سېتىلىپ كېتەتتى)، بادلۇ، كولوننې ئورۇندىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلايتتىم، كېيىن لامورېنىڭ مۇزىكىلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. ئادەمنى مەستخۇش قىلىۋېتىدىغان بۇ ئۈچ سائەتئىچىدە

① Bel Canto — XVIII ئەسىردە ئىتالىيىدە تارقالغان. ئاۋازنى گۈزەل چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان بىرخىل ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلى.

مەن پارىژنىمۇ، ئۆزۈم ياشاۋاتقان زامانىنىمۇ ئۇنتۇيتتۇم. چوڭقۇر خىيال مېنىڭ كۆرۈشۈمگىمۇ، ئاڭلىشىمغىمۇ. ھۆكۈم قىلىشىمغىمۇ توسقۇنلۇق قىلمىغاچقا، بۇ ئۈچ سائەتلىك ۋاقىت مەن ئۈچۈن ئەستايىدىل ئۆگىنىش پۇرسىتىمۇ بولاتتى. مەن موزارت، بېتخو-ۋېن، شۇمانلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىدىن مەست بولاتتىم، روئاسسان، يىساي، سالا سادىلارنىڭ سىرلىق كۈي ئېقىمىدا ئۈزەتتىم، ئانتون روبېنستېيننىڭ شىردەك كۈچلۈك بارماقلىرىغا، پۈگېنوننىڭ يېنىك قول بېسىشلىرىغا، دىئېمېنىڭ خرۇستالدەك سۈزۈك ئاۋازلىرىغا ئەسىر بولاتتىم. بېرلىئوز ۋە ۋاگېنا روھىنى نامايان قىلىۋاتقان جەز مۇزىكىلارنىڭ سېھىرلىك دېڭىزىغا شۇڭغۇيتتىم. شۇ چاغدا بۇ مۇزىكىلار پارىژ ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. لامورېنىڭ كونسېرتىغا ماللارمې بىلەن ۋىللىېئېرمۇ قات-ناشتى، بۇ كونسېرت ئارقىلىق پارىژ تۇنجى قېتىم «تىرىستىيان»-نىڭ ئالدىنقى ئىككى پەردىسىدىكى چىگىش، مۇرەككەپ ئىلھام-نى قوبۇل قىلدى. كلودالې بىلەن ئىككىمىز كرونادىكى كون-سېرتتا «ئۈرۈش ئىلاھىيسىنىڭ تاجاۋۇزى» غا قارشى كۈرەش قىلغاندەك بولدۇق، كلودالې، سوئارېس ۋە مەن ئۈچىمىز بېت-خوۋېننىڭ D كۇيىدىكى مىسا مۇزىكىسىنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇسىغا يېڭىباشتىن چۆمۈلدۇق. سان ياۋېستاستىكى ئىلاھىي كەيپىيات بىزگە لىسزتنىڭ ئۆزۈن، ئاپئاق ساقاللىرىنى كۆر-سەتكەندەك بولدى، ھەتتا سېسايىرې فرانكىنىڭ ئىشىكىنى قاققاندەك تۇيغۇغىمۇ كەلدىم.

مەن كەچ سائەت سەككىزدىن ئونلارغىچە ئۆيدىكى پېچنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كونسېرتتىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، چېلىنغان مۇزىكىلارنى ئويلايتتىم، ئۆزۈمگە سىرلىق تۇيۇلغان ئاشۇ تېمىلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزەتتىم،

ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىدىيىنى، ئىچكى مەنتىقىنى تېپىشقا تىرىشاتتىم. قىسقىسى، مەن ياش ۋاقتىلىرىمدا تالانتلىق كومپوزىتورلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىشكە جىق تىرىشقان. كېيىن نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاندىن تەدرىجىي موزات، گروك ۋە بېتخوۋېنلارغا يېقىنلاشتىم.

## فۇكۇزاۋا يۇكىچى (1834 — 1901)

# ئائىلىدىكى تەربىيەم

فۇكۇزاۋا يۇكىچى — ياپونىيىنىڭ يېقىنقى زاماندا ياشىغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى، خاكاتسۇدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك سامۇراي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەسلەپكى يىللاردا خانىسىكىدا، كېيىن ئېدئودا مەكتەپ ئېچىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلىگەن. 1873 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر تەشكىلات «مەيروكۇ جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ، «مەيروكۇ ژۇرنىلى» نى نەشر قىلىپ، ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلاردا ئۈچ قېتىم ساياھەتتە بولۇپ، كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلىرى ئارقىلىق، ياپون خەلقىنى «ئەمەلىي ئىلىم» نى، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ، كارخانىچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىرغان. ئۆمرىدە ئاتمىش پارچىغا يېقىن كىتاب يازغان، ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئۆگىنىشكە دەۋەت»، «مەدەنىيەت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، «تانچو قائىدىلىرى»، «بەخت ئىگىلىرىنىڭ سۆزلىرى» قاتارلىقلار بار.

## بالىلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىق كېرەك

بالىلارنى بېقىشتا مەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكگە نىسبەتەن يېمەك - ئىچمەككە كۆپرەك ئېتىبار بېرىمەن. كىيىنىشلىرى سەل نېرى - بېرى بولۇپ قالسىمۇ، لېكىن قورسىقىغا قۇۋۋەتلىك يېگۈزىمەن. شۇڭا، تۇققۇز بالامنىڭ ھېچقايسىسىدا ئوزۇقلۇق ماددىسى يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تەربىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن ئۇلارنى مۇلايىم، جۇشقۇن چوڭ قىلدىم. ئادەتتىكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماي ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇپ بەردىم. مەسىلەن، يۇيۇنىدىغان سۇنىڭ ئىسسىق ياكى يىلمان بولۇش مەسىلىسىنى ئالايلى، بۇنىڭدا مەن ئۆز رايىمنى ئۇلارغا تاڭماي، ۋاننىنىڭ قېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ ئەكىلىپ قويدۇم. يىلمانراق يۇيۇنامدۇ ياكى قىزىقراقمۇ، ئۆزلىرى تەڭشەپ بىر نېمە قىلسۇن، دېدىم. لېكىن يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۇلارنىڭ قالايمىقان بىر نەرسە يېيىشىگىمۇ يول قويمىدىم. بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىنمۇ، روھىي جەھەتتىنمۇ تېتىك چوڭ قىلماي بولمايدۇ. مەن ئادەتتە ئۆيدىكى نازۇك نەرسە - كېرەكلەرنى بالىلار تېگىپ كەتمەيدىغان يەرلەرگە ئېلىپ قويىمەن، ھەتتا بالىلار دېرىزە قەغەزلىرىنى يىرتىپ ياكى ئۆي جاھازلىرىنى سۇندۇرۇپ قويسىمۇ ئۆزۈمنى كۆرمىگەنگە سالىمەن. بالىلارنىڭ ئادەتتىكى شوخلۇقلىرىغا ۋارقىراپ كەتمەيمەن، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ قالسا، ئالىيىپ قويىمەنكى، لېكىن ھەرگىز ئۇرمايمەن. ئائىلىدە ئاتا - ئانا ئوغۇل، كېلىنلىرىنى ياكى ئاكا - ئاچا، ئىنى - سىڭىللىرىنى چاقىرغاندا ئىسمىنىلا چاقىرماي، پالانى بالام ياكى پوكۇنى ئۇكام دەپ چاقىرىش كېرەك. ئائىلىدە دادا قاتتىق، ئانا يۇمشاق بولۇۋالسا بولمايدۇ. قاتتىق بولىدىغان ئىشقا ئىككىلىسى قاتتىق بولۇشى.

يۇمشاق بولىدىغان ئىشقا ئىككىلىسى يۇمشاق بولۇشى كېرەك. ئەڭ ياخشىسى بىر ئۆيدىكىلەر دوستلاردەك ئۆتۈشى كېرەك. مېنىڭ بىر نەۋرەم بار. ئۇ هازىرغىچە: «ئاپامدىن بەزى - بەزىدە قورقىمەن، لېكىن هەممىدىن بەك قورقىدىغىنىم بوۋام» دەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تەرىپىمنىغۇ تۈزىتىشىم كېرەك، بىراق نەۋرىنى بەك ئەركە ئۆگىتىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك هەممىمىز كۆلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتىمىز، شۇنداقتىمۇ بالىلار چوڭلار تاپىلىغان گەپنى قۇلىقىدا! چىڭ تۇتىدۇ، هەرگىز ئۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، مەن بالىلارغا بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلماسلىق پايدىلىق دەپ قارايمەن.

**ئائىلىدە مەخپىي ئىش قىلماسلىق كېرەك**

مېنىڭ ئائىلىۋى پرىنسىپىم، ئائىلىدە هەرگىز مەخپىي ئىش قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەر بىلەن ئايال ياكى ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا خۇپىيانە ئىش يوق، هەرقانداق ئىش بولسا ئوچۇق - يورۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇۋاتقاندا بىر ئىشنى بىرىگە دەپ يەنە بىرىگە دېمەيدىغان ئىش قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا، كېيىن بالىلارنى ئەدەبسىزلىكتە ئەيىبلىگەندە، ئۇلارمۇ بىزنى ئۆزۈڭ شۇنداق تەربىيىلىگەن تۇرساڭ دەپ قالىدۇ.

**بالىلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك**

مېنىڭ توققۇز بالام بار. مەن بۇ بالىلارغا قارىتا بىرىنى ئەزىزلەپ، بىرىنى خار كۆرىدىغان ئىشنى هەرگىز قىلمايمەن. بالىلىرىمنىڭ تۆتى ئوغۇل، بەشى قىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئوغۇل، قىز دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايمەن. جەمئىيەتتە بەزى ئادەملەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولۇپ كېتىپ، قىز پەرزەنت كۆرسە، خۇددى بىر يامان ئىش بولغاندەك بېشى ساڭگىلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئوغۇل - قىز-

لىرىغا بىر كۆزدە قارىمايدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق ئەخمەقانە ئىش يوق. قىز بالىلىق بولۇشنىڭ نېمىسى يامان؟ ئەگەر توققۇز بالامنىڭ ھەممىسى قىز بالا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ مەن قىلچە ئەپسۇسلانمىغان بولاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە قىزلىرىمنىڭ سانىدىن بىرى جىق بولۇپ قاپتىكەن. مەن ماۋۇ ئوغۇل، ئاۋۇ قىز، ئۇ چوڭ، بۇ كىچىك دېمەي، ھەممىسىگىلا يۈرىكىمدىن كۆيۈنىمەن، پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايمەن. ئۆلىمالىرىمىزنىڭ جىق تەرغىباتلىرى بارغۇ؟ ئۇلار ئادەم بالىسىغا بىر خىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك دەيدۇغۇ؟ ئەجابا، ئۆزىمىزنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئوغۇل - قىزلىرىمىزغا بىر خىل مۇئامىلە قىلالمىساق، بۇ پەسكەشلىك بولمامدۇ؟! مەن چوڭ ئوغلۇم بىلەن باشقا بالىلىرىمنىمۇ بىردەك ھېسابلايمەن. لېكىن، مەن ئۆلسەم، ئورنۇمنى بېسىپ ئائىلىگە باش بولىدىغىنى شۇ. شۇڭا مەن مىراس تەقسىماتىدا ئۇنىڭغا جىقراق قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر نەرسە بىرلا بولۇپ قېلىپ بالىلارغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا، بۇنى بالىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇمكىنقەدەر ئۇلارنىڭ چوڭ ئاكىسى يىچىتارونىڭ ئېلىشىغا يول ئېچىپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالدا بالىلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئىش بولمايدۇ. بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بولغان: مېيجىنىڭ 14 -، 15 - (1881 -، 1882 -) يىللىرىغۇ دەيمەن. ئىشقىلىپ ۋاقتى تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. بىر كۈنى ياپون كۆۋرۈكىدە ئولتۇرىدىغان بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ ئۆيىدە زىننەتلەنگەن شىرما، ھەل بىلەن سىزىلغان رەسىم ۋە لوڭقا دېگەندەك نەرسىلەر جىققىنا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن بۇ نەرسىلەرنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئامېرىكىغا چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاللامغا تويۇقسىز بىر خىيال كەچتى. مەن ئۇنىڭغا: «قاراپ

باقسام بۇ نەرسىلىرىڭنىڭ بىرىنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن كېرەكلىكمۇ دېسەڭ ھەممىسى كېرەكلىك نەرسىلەر ئىكەن. بۇلارنى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ نەچچىگە ساتىدىغانلىقىڭنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ ساتىدىكەنسەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، ماڭىلا ساتساڭ. قانداق؟ مەن بۇلارنى سېتىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئالمايمەن. ئۆيگە تىزىپ قويماقچى» دېدىم. ئۇ ھېيلىگەر سودىگەرلەردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا: «ئۇنداق بولسا بوپتۇ! مەن بۇ نەرسىلەرنى ناگويادىن ئەكەلگەن. ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ساتقىنىم ئەسلى يوقاتقانغا باراۋەر ئىدى، سېنىڭ قولۇڭدا تۇرسا، ئوخشاشلا بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرغاندەك بولىدۇ، ماقۇل، ساڭا ساتاي» دېدى. مەن: «ئەمىسە، ھەممىسى ماڭا قالسۇن» دېدىم - دە، ئۇ نەرسىلەرنى ساناپ ئولتۇرمايلا، 2200 يېن تۆلىدىممۇ، 2300 مۇ، ئەيتاۋۇر پۇلىنى تۆلەپ سېتىۋالدىم. كېيىن قاراپ باقسام بۇ نەرسىلەرنى ساقلاش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىكەن. ئۇ نەرسىلەرنىڭ سان - ساپاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ ماڭا بىر يۈك بولۇپ قالغانلىقىلا ئېسىمدە. بەش - ئالتە يىل بۇرۇن مەن توققۇز بالامنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بۇ نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىۋەتمەكچى بولدۇم. بالىلىرىم ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن كېلىشىپ، ئۇ نەرسىلەرنى توققۇزغا بۆلدى ۋە چەك تارتىش ئۇسۇلى بىلەن ھەربىرى بىر ئۈلۈشتىن ئېلىشتى، ئۆيى بارلىرى ئېلىپلا ئۆيىگە ئەكەتتى، ئۆيى يوقلىرى ۋاقىتىنچە مېنىڭ ئامبىرىمغا قويۇپ تۇرۇشتى. مېنىڭ بالىلارغا مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىپ بېرىش پرىنسىپىم مانا مۇشۇنداق. ھەرقانداق ئەھۋالدا بالىلىرىمغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمەن. شۇڭا، بالىلارنىڭ بىرەرىنىمۇ نارازى قىلىپ قويۇش توغرا ئىش ئەمەس، دەپ قارايمەن.

ئەجنەبىيلەرچە ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى تونۇرا ئەمەس

يېقىندا مەنمۇ باللىرىمغا ۋەسىيەت يېزىپ قويدۇم. ۋەسىيەت ھەققىدە سۆزلىسەم، ئەجنەبىيلەرنىڭ دۆلىتىدە ئۆينىڭ چوڭى ئۆلگەندىن كېيىن باللىرىنىڭ ۋەسىيەتنامىنى ئېچىپ ئالا ـ چۇقان كۆتۈرۈپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر ئېسىمگە كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنى توغرا تاپمىدىم. دېيدىغان گەپنى تىرىك چېغىدىلا ئوچۇق ـ ئاشكارا دېمەي، ئۆلگەندىن كېيىن ۋەسىيەتنامىدىن بىلىشىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇش كۈلكىلىك ئىش. ئەجنەبىيلەرگە بۇ ئەخمىقانىلىق ئۇدۇم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. مەن ھەرگىز ئۇلارنى دورىمايمەن، ئاۋۋال ۋەسىيەتنامىنى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمغا كۆرسىتىمەن، ئاندىن ئۇلارغا ئۇنى نەگە قويۇپ قويغانلىقىمنىمۇ ئېيتىپ قويىمەن. ئەگەر پىكرىمدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئۇنى يەنە باشقىدىن يېزىپ ئۇلارغا كۆرسىتىمەن، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ ۋەسىيەتنامىنى ئوبدان كۆرۈپ قويۇڭلار! مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزئارا سوقۇشۇپ ھېلىقىدەك ئەخمىقانە ئىش قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ!» دەپ قويىمەن.

## تەن ساغلاملىق بىرىنچى

باللارنى تەربىيلەش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، مەن ھەممىدىن مۇھىمى سالامەتلىك دەپ قارايمەن. مەن باللارنى بەك كىچىك ئوقۇتۇشقا قارشى. باللارغا قارىتا «ئاۋۋال يولۋاستەك تەندۇرۇس قىلىش، ئاندىن بىلىم بېرىش» نى تەشەببۇس قىلىمەن. شۇڭا باللار ئۈچ ـ تۆت ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇلارغا بىر ھەرپمۇ ئۆگەتمەيمەن. ئۇلار يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسە ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ، ئۆگەنمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەكتەپكە بەرمەيمەن. ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ ئوينىسا ئوينىۋەرسۇن، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك،

كىيىم ــ كىچىككىنىلا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ بالا چېغىدىلا پەسكەش قىلىقلارنى ياكى سەت گەپ ــ سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىپ قويغۇلۇق. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەك. بۇمۇ خۇددى كۆچەتنى، ئاسلانلارنى ئۆگەتكەندەكلا ئىش، يەنى ئاۋۋال ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيە قىلىش كېرەك. ئۇلارنى كېسەلگە چېقىلدۇرماي، تىنچ چوڭ قىلدۇۋېلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. ئۇلارنى سەككىز ــ توققۇز ياكى ئون ياشلارغا كىرگەندە ئاندىن مەكتەپكە بېرىپ، ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ چاغدائۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاتا ــ ئانا دېگەن شۇنداق: بالىلىرىنى «ۋاي، ئۆگەن، ئۆگەن!» دەپ ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئامراق بولىدۇ. كۆپىنچىلىرى بالىلىرى جىمىدە ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلىسا، خۇش بولۇپ ئۇلارنى ماختاپ كېتىدۇ، لېكىن مەن بالىلىرىم بېشىنى كۆتۈرمەي دەرس بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئۇلارنى ماختىماي، بەلكى چەكلەيمەن. مەن بالىلىرىمنى ئاشۇنداق تەربىيىلىگەن. ھازىر ئالدىمدىكى نەۋرەمنىمۇ شۇنداق تەربىيىلەۋاتىمەن. ئەگەر ئۇلار يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان بىر يەرلەرگە بارغان ياكى ئەنئەنىۋى گىمناستىكىنى ئويدان ئوينىغان بولسا، مەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ماختاپمۇ قويىمەن. لېكىن ئۇلارنى دەرسكە بەك بېرىلىۋاتىسەن، دەپ ماختىغان يېرىم يوق. 20 يىل بۇرۇن چوڭ ئوغلۇم يەچىتارو بىلەن كەنجى ئوغلۇم كىنجى ئىككىسىنى ئىمپېرىيە داشۆسىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا بەرگەنىدىم، شۇ چاغدا ئىككىلىسى ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالدى. قايتۇرۇپ ئەكىلىپ داۋالاتتىم، ساقايغاندىن كېيىن يەنە مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويىدۇم، بارغاندىن كېيىن ئۇ كېسىلى يەنە قوزغالدى. شۇنداق

قىلىپ ئۇلار ئۈچ قېتىم مەكتەپكە بېرىپ ئۈچ قېتىمدىلا يېرىم يولدا توختاپ قالدى. ئۇ چاغدا تاناكانىڭ مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قىلىپ بېرىپ: «بالىلىرىمنى تەييارلىق سىنىپىغا بېرىپ كۆرۈپ باقتىم. ئەگەر ۋازارەتلەرغا قاراشلىق مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەي، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكۈدەكسىلەر. ئىشقىلىپ ئۇلار ئۆلمىسىمۇ، ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك ياكى بولمىسا جىسمانىي جەھەتتىنمۇ، روھىي جەھەتتىنمۇ ئاجىزلىشىپ يېرىم جان بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇشى ئۈچ - تۆت يىل بولىدىكەن، ئىشقىلىپ مۇشۇ ئارىلىقتا ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئۆزگىرىپ قالار، دېگەن ئۈمىدىم بار. ئىلاج بار تېزرەك ئۆزگەرتسەڭلار. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، توكيو داشۆسى ياشلارنىڭ سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىدىغان داشۆ، دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى بالدۇرراق ئۆزگەرتسەڭلار!» دېدىم. تاناكا بىلەن ئىككىمىز يېقىن ئاغىنە بولغاچقا، ھەرقانداق گېپىم بولسا ئۇدۇل دەۋېرەتتىم. لېكىن بۇ گېپىم بىلەنمۇ ھېچقانداق ئىش ھاسىل بولمىدى. بولىدىغان ئىش يەنە بولۇۋەردى، ئۇلار مەكتەپكە ئۈچ ئاي بارسا، ئۈچ ئاي ئۆيگە ئەكىلىپ داۋالىتىۋەردۇق. قارىسام، ئۇ ئوقۇشنى باشقا ئاچىققىلى بولمىغۇدەك، ئاخىر نىيىتىمدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلارنى ئۆزۈم ئاچقان مەكتەپكە ئەكىلىۋالدىم، ئادەتتىكى پەنلەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئامېرىكىغا داشۆگە ئەۋەتتىم. مەن بۇ ئارقىلىق ياپونىيە داشۆلىرىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ تايىنى يوق دېمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مائارىپ ئۇسۇلى بەك قاتتىق. شۇڭا بالى-

لىرىمنى ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالمىسۇن دەپ مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ داشۆسىدىن ياندۇرۇپ ئاچىقىۋالغان. مېنىڭ كۆز قارىشىم ھېلىغىچە ئۆزگەرمىدى، نېمىلا بولسا بولسۇن، تەن سالامەتلىك ھەممىدىن مۇھىم.

**بالىلارنىڭ ئىشنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ يېزىپ تۇرۇش كېرەك**

مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئادەم چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىغا دائىر ئىشلارنى بەك بىلگۈسى كېلىدۇ. باشقىلار قانداق ئويلايدىكىن، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ مەن شۇنداق ئويلايمەن. شۇڭا بالىلىرىمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن چوڭ بولغانغا قەدەر ئىشلىرىنى يېزىپ كېلىۋاتىمەن. مەسىلەن، بۇ بالام قايسى يىلى، قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنى، قايسى سائەت، قايسى مىنۇتتا تۇغۇلغان، تۇغۇت قىيىن بولغانمۇ - قانداق، كىچىك چېغىدا سالامەتلىكى قانداق بولغان، كۈچلۈكمۇ، ئاجىزمۇ، ئاللىقانداق تۇغما كەمتۈكلۈكى بارمۇ، دېگەندەك. ئىشقىلىپ ئادەتتىكى ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسىنى يازىمەن. كېيىن ئۇلار بۇ خاتىرىلەرنى كۆرسە خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چېغىدىكى سۈرىتىنى كۆرگەندەك بولىدىكەن. چوڭ بولغاندا ئۇلارغا بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ ھەم خېلى جىق نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەن بولسام بۇ جەھەتتە ئىنتايىن بەختسىز، ھەتتا ئۆزۈمنى تاپقان دادامنىڭ قىياپىتىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن، كۆرەي دېسەم يا سۈرىتى يوق. ئۆزۈمنىڭ بالا چېغىمدا قانداق ئىكەنلىكىمنى پەقەت ئاپامدىنلا سورايمەن، كۆرەي دېسەم بۇنىڭغا ئائىت بىرەر نەرسىمۇ يوق. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت ئىشلارنى سۆزلىسە، ھەي ئىست، مەنمۇ جىقراق نەرسىنى بىلگەن بولسام كاشكى، دەپ ئىچىمدە پۇچۇلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. مۇشۇ

يېشىمدا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق تەرجىمھالىنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، بىرىنچىدىن، بالىلىرىم ئۈچۈن بولسا، ئىككىنچىدىن، مۇشۇ ئارقىلىق بالىلىرىمنىڭمۇ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش. شۇڭا مۇشۇنداق قىلسام كېيىن نادامەت چېكىدىغان ئىش بولمايدۇ، دەپ قارايمەن.

# ئىكىدائو ساكۇ (1928 — )

## بالا تەربىيلەش توغرىسىدا

ئىكىدائو ساكۇ — ياپونىيىنىڭ جامائەت ئەربابى ۋە دىنىي ئەربابى، توكيودا تۇغۇلغان، فۇدزىياما داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ بۇددا دىنىي تەشكىلاتى سېيجو ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پەخرىي باشلىقى، خەلقئارالىق سېيجۇ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان، 1983 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئىنسان ئىنقىلابى»، «XXI ئەسىرگە نەزەر»، «زۇلمەت ئىچىدە سۈبھىگە تەلمۈرۈش»، «ھاياتلىق ھەققىدە» قاتارلىقلار بار.

## 1

مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم بار. ۋاقىت دېگەنمۇ تېز ئۆتىدىكەن، چوڭ ئوغلۇم 20 ياشقا كىرىپ، بۇلتۇر بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھازىر داشۆنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلۇم 18 ياش، لەقىمى سومرۇغ، داشۆنىڭ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى. كەنجىسى 14 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ھەممىدىن خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، ئۈچىلا بالامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى. ئاتا بولغاندىن كېيىن مېنىڭ نېمىنى جىق تىلىگىنىمنى سورىساڭلار، مەن بالىلىرىمنىڭ سالامەت چوڭ بولۇشىنى تىلىگەن. بۇ ئىشتا جىق غەم قىلغانىدىم، ئاخىر مەقسىتىمگە يەتكەندەك تۇرىمەن.

نېمىشقا مەن ئاۋۋال بالىلىرىمنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلدۈم؟ بۇنىڭ سەۋەبى، مەن بالىلىق دەۋرىمدىن ياشلىقىمغىچە كېسەللىكنىڭ دەردىنى جىق تارتقان. دۇنيادا كېسەللىك ئازابىدىن ئېغىر ئازاب يوق ئىكەن. بولۇپمۇ مۇشەققەتلىك ئۇرۇش يىللىرىدا كېسەلچان ئادەملەر قوشلاپ جاپا تارتىدىكەن. مېنىڭ بىرنەچچە ئاكام جەڭ مەيدانىغا كەتكەن. ئۇرۇش بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سورۇقچىلىققا سېلىۋەتكەنىدى. شۇ چاغلاردا مەن كېسەلچان بولغاچقا ئاتا - ئانام مېنىڭ جىق غېمىمنى يەيتتى، دائىملا ماڭا دورا ئىچۈرۈش، مېنى دوختۇرغا ئاپىرىش، كېسەلخانىدا ياتقۇزۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئەسلىدە خۇشال - خۇرام ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتكۈزىدىغان ياشلىق دەۋرىم ئەنە شۇنداق ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ئېلىشىپ يۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ماڭا ئارا تۇرۇپ قالغىنى ئۆسمۈرلۈكتىكى قەيسىرانە ھاياتىي كۈچ، مېنى پەقەت شۇلا ئۆلۈمدىن

ساقلاپ قالدى.

شۇ چاغلاردا مەن سالامەتلىكىم باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ياخشى بولسا بولمىسىدى، دەپ جىق ھەسرەتلەنگەن، كېسەللىك ھەممە نېمىگە توسالغۇ بولىدىغان نېمىكەن. مەن دائىملا خۇدا ماڭا تۈزۈكرەك ياشاش ھوقۇقىنىمۇ بەرمىگەن بولغىيمىدى، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. بەختىمگە مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرىم بار ئىكەن، شۇڭا كېسەللىك مېنى جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرەلمىدى، ھەر ھالدا ئامان ـ ئېسەن چوڭ بولدۇم. شۇنداقتىمۇ پات ـ پات ئۆرلەپ قالىدىغان قىزىتما مېنى جىق قىينىغان، چوڭلارنىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلغان. شۇڭا ئۇرۇش يىللىرىدا جاپالىق ئەمگەك بىلەنمۇ ئاخىرىغىچە شۇغۇللىنالمىدىم. شۇ چاغلاردا خەقلەر مېنى ياش تۇرۇپ ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ، دېگەندەك قىلىپ بىر قىسما قاراشسا، ئىچىمدە بەك ئازابلىنىپ كېتەتتىم. كېيىن ئائىلىمىز مەجبۇرىي رەۋىشتە سىرتقا كۆچۈرۈلدى، بىزمۇ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىدۇق، ئېلىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئۇرۇش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار قاپلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا مەن ئۇرۇشنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۆزۈمنى ھالاك قىلىدىغان بىر خىل كەيپىياتقا چۈشۈپ قالغانىدىم.

سالامەتلىكىملا ياخشى بولغان بولسا، مەن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىغان بولاتتىمغۇ! ياشلىقىمدا ئەزرائىلنىڭ تەھدىتىگە نۇرغۇن دۇچ كېلىپ ئەلىمىدىن جىق قېتىم مۇشۇنداق نىدا قىلغان. ئادەم سالامەتلىكتە ياخشى بولمىسا، ھېچنېمىدە ئىلگىرى كېلەلمەيدىكەن. مەن 20 ياشقا كىرمەيلا قېرىلاردىكى بۇنداق ھېسسىياتنى بىلىۋالدىم. بۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى ئەقىدە بولۇپ قالدى. شۇڭا بالىلىرىم ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇلغىلى تۇرغاندا مەن ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى بىرىنچى ئورۇندا قويدۇم. بۇمۇ كېسەللىكنىڭ دەردىنى جىق

تارتىپ نادامەت چەككەن شۇ ياشلىق دەۋرىمنىڭ ماڭا بەرگەن تەجرىبە - ساۋىقى.

ھەممىدىن خۇشال بولىدىغىنىم، بالىلىرىم سالامەت چوڭ بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى، مىجەز - خاراكتېرى دېگەندەك ئىشلارغا مەن ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى سالامەتلىكلا بولىدىكەن، ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئەزەلدىن كۆز قارىشىم شۇ: بالىلىرىم ئەڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ سالامەتلا بولىدىكەن، بەخت دېگەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرىدىغان نەرسە. مەسىلە پەقەت ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتە. ئۆيىمىزدە ئۈچ ئوغۇل، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار بىر - بىرىدىن قاۋۇل، بەستلىك بولغاچقا، ھە دېسە توڭگۇز تورپاق ئويناپ، بىردەم دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتسە، بىردەم ئىشىكنى سۇندۇرۇۋېتىپ، بىردەم ئويۇقنىڭ تاختىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ يۈرۈشىدۇ. ھەتتا مۇنچا تۇگىنىڭ تېگىنىمۇ نەچچە قېتىم چۈشۈرۈۋېتىشتى. خوتۇنۇم بۇ ئۈچ بەڭباشنى نېمە قىلىشنى بىلمەي قاقشاپ كېتىدۇ. مەن بولسام، بۇنى سالامەتلىكنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ، خۇددى ئۇلار باشقا خەقنىڭ نەرسىسىنى بۇزۇۋەتكەندەك كۆلۈپلا قويىمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم تۇرمۇش ئەقىدەمنىڭ ئائىلەمدە ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن - دە.

مەن ئائىلىدە پەقەت سالامەتلىكنىلا مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە تۇتتۇم. مېنىڭ بۇ تۇتقان يولۇم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوبدان ئۈنۈم بەردى. ھەربىر ئادەمگە تۇغۇلۇشتىلا ئاتا قىلىنغان بىر قابىلىيەت بولىدىكەن، مۇھىمى ئۇلارغا يۇمران ۋاقتىدىلا ئۇششۇك تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك ئىكەن. ئۈچ بالامنىڭ ئىچىدە بىرى سەل كىتاب خۇمار چىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، خەقلەرگە ئانچە جىق گەپ قىلىپ كەتمەيدۇ،

كىتابقا قاراپ بىر ئۇلتۇرۇۋالسا يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسىنىڭ ياشلىق ئويۇنلىرىغا خېلى پەيزى بار. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرۈشنى بىلىدۇ؛ئۈچىنچىسى، يۇلتۇزلارغا ئاشىق، كائىناتنى كۆزىتىدۇ، قەھرىتان قىش كۈنلىرىمۇ يېرىم كېچىگىچە تېلېسكوپىنىڭ يېنىدىن كەتمەيدۇ. ئۈچىلىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىقتىدارى بار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سالامەتلىك ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئوڭۇشلۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئوبدان ئاساس سېلىپ بەرگەن. شۇڭا مەن بالىلىرىمغا ئۆزۈم كۆرگەن كۈننى كۆرسەتمەيمەن دېگەن ئىرادەمنى ھەرھالدا ئىشقا ئاشۇرالىدىم، دەپ ئېيتالايمەن.

2

مەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئۆمۈرۋايەت سەرپ قىلىپ تۈگىتەلمەيدىغان «روھىي بايلىق» توپلاپ بېرىش كېرەك؛ بالىلارغا قالدىغان ئەڭ ياخشى مىراس مۇشۇ، دەپ قارايمەن. بالىلارنىڭ كۆڭلىنى توق ۋە باي قىلىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ رولى بەكمۇ مۇھىم. بۇ دېگەنلىك ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر كۈنى جان تىكىپ ياشاۋاتقان كۆرۈنۈشنى بالىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلالىسا، گەرچە ئۇ ناھايىتى ئادەتتىكى كۆرۈنۈش بولسىمۇ، يەنىلا بالىلىرىنىڭ «روھىي بايلىق»نى ئاشۇرالايدۇ.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە «ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش» ماھارىتىنىڭ ئاساسىي جاھازسى بولغانىكەن، «ئائىلە تەربىيىسى»نىڭ مەزمۇنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار: «ھاي، مۇنداق قىلساڭ تىل ئىشتىپ قالىسەن!»، «ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ!» دەۋەرسە ئەمدى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەمدى «بەللى، بۇقىلغىنىڭ دۇرۇس» دېيىش كېرەك. مۇشۇنداق ئىجابىي يېتەكلەش زۆرۈر تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، بالىمىز بىرىنى رەنجىتىپ قويدى دەيلى. بۇ چاغدا بۇنى ئەيىبلەپ قويسا قىلاكۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى قايىل قىلغان ئاساستا شۇ كىشىدىن ئەپۇ سورىتىش كېرەك، يەنى ئۇنى ۋىجدانىنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن ئىش قىلغۇزۇش كېرەك. بالىڭىز مۇشۇنداق چوڭ بولسا دەل سىزنىڭ كۈتكەن يېرىڭىزدىن چىققان بولار؟

بۇگۈنكى ئاتا - ئانىلار، بالىلىرىڭلارنى ئانچە - مۇنچە جاپا تارتقۇزۇپ چوڭ قىلىڭلار، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە بولىمۇ دىققەت قىلىڭلار. بالىلارنى ھەممىلا ئىشتا ئۆزۈڭلارغا يۆلىنىدىغان قىلىپ قويساڭلار، ئاپتاپ چۈشسە بېشىغا سايىۋەن بولۇپ، سوغۇق چۈشسە ئۇلارغا ئوچاق بولۇپ يۈرۈۋەرسەڭلار، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قولى كۈچسىزلىنىدۇ، كېيىن ئۇلار پۈتتىنىمۇ كېتىدۇ. مۇنداق تەربىيىلەنگەن بالىلار ئەگەر بىر كۈنى باشپاناھىدىن ئايرىلىپ قالسا، مۇقەررەر ھالدا شەپقەتسىز تەبىئەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بالىلاردا ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئېڭى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى دېھقانلار يەرنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلىشى كېرەك. ئەگەر يەرنى ئوتاپ، ئوغۇتلاپ تۇرماي ئۇنىڭغا زەھەرلىك دورا چاچقىلى تۇرسا، ئاران تەستە ئۆسكەن مايسىلار بىراقلا تۈگىشىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان. بۇنداق زەھەر ئەتراپىمىزدا ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدە ۋە ئۇلارنىڭ بالىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ئارزۇسىنى توسۇپ تۇرىدىغان گەپ - سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ زىممىسىدە زور مەسئۇلىيەت بولىدۇ. خوش، سىلەر بالىلارغا نېمە بېرىسىلەر؟ بۇنىڭدا نۇرغۇن كونكرېت نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن. لېكىن ئاۋۋال بىر چوڭ ئالدىنقى شەرتنى، يەنى بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى قانداق تەزگىنلەش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان مەسىلە. سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بالا دېگەندىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر خاراكتېر بولىدۇ، بالىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر ئادەم. بۇ ئالدىنقى شەرتنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بالا ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئەمەس. ئۇمۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ئامىل. ئۇنى تولۇپ ـ تاشقان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تەربىيىلەش كېرەك.

بالىلار گەرچە ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى چۈشىنىپ تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ياخشى ئىشلارنى ئۇلارغا گەپ بىلەن چۈشەندۈرگەندىن كۆرە، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چۈشەندۈرگىنى ياخشى. ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل مۇشۇ. مېنىڭچە، بالىنى توغرا تەربىيىلەش، يېتەكلەش مەسىلىسى ھەرگىزمۇ بالىغا قانداقتۇر بىرنېمە ئۆگىتىشتەك تېخنىكىلىق مەسىلە بولماستىن، بەلكى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان توغرا تۇرمۇش شەكلىنى قوللىنىش ـ قوللىنالماسلىق مەسىلىسى.

ئائىلە بىر كىچىك جەمئىيەت، ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى. ئەگەر بۇ كىچىك جەمئىيەت ئىناق،

مۇكەممەل، ئاۋات بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە، تۆھپە قوشالايدۇ. ئاتا - ئانا ۋە باللار بۇنداق جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى، دېگەن كۆز قاراشنى تىكلەۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئائىلىدە يىراق كەلگۈسىگە قارىتا ئورتاق نىشان تىكلەنگەندىلا، ئاتا - ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم، مۇكەممەل مۇناسىۋەتنى تەبىئىي شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىگە شۇنى ۋەزىپە قىلىشى كېرەككى، باللىرىمىز بىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولسۇن. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار باللىرىغا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىشى كېرەك. ئاتا - ئانا باللىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئوبدان ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئاساس تەييارلاۋاتقاندا، باللار تەبىئىيكى ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇستاز تۇتىدۇ. ئاتا - ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي يېقىنلىق مۇناسىۋىتى مۇشۇنداق ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەرگىز كەمتۈك بولماسلىقى كېرەك. ئاتا - ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مۇشۇنداق ئاساسىي روھنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئاتا - ئانا بىلەن باللارنىلا ئەمەس، يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆزئارا چىتىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك رىشتە.

كۆڭۈلدىكىدەك ئاتا ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئانا زادى قانداق يول تۇتۇشى كېرەك؟ ئاتىنىڭ باللارغا يۇمشاقراق بولغىنى ياخشى. ئانا زۆرۈر تېپىلغاندا باللارنى قانداق تۇتۇشى، ھەتتا بەزىدە ئۇلارنى ئەدەبلەپمۇ قويۇشى كېرەك. ئاتا ھەمىشە باللىرىغا ۋارقىراپ - جارقىراپ، قاتتىق قوللۇق قىلىۋەرسە، باللار ئۇنىڭدىن قورقۇپ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئانا

ئۇلارغا قانچىلىك قاتتىق قولـلۇقلۇق قىلـسىمۇ، لېكىن شۇنى كۆيۈنۈپ تۇرۇپ قىلغانچقا، بالىلار يەنــىلا ئۇنــىڭغا چاپلىــشىپ تۇرىدۇ. ئانا پەقەت مۇشـۇنداق قىلغانـدىلا كۈچـلۈك تارتىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ، دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بالـىلار بەلگىلـىك بىر ياشقا يـەتكـەندە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى چۆپ ئوتاش، چىم قىرقىش، ئۆيلەرنى تازىلاش ۋە نەرسە ـ كېرەك ئەكىلىشتەك ئىشلارغا سېلىش كېرەك ھەم بۇنىڭغا مۇۋاپىـىق ھـەق بېرىـش كـېرەك. ئۇلارغا خەجلەيدىـغان پۇلنـى ئەمگـىكى ئارقـىلىق بېرىـش چارىسىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئانا ـ ئانىنىڭ شەخسىيەتـچىلىكى ھېسابلانمـايدۇ. بۇ ئارقىـلىق بالـىلارغا ئەمـگـەكنىڭ كۆڭۈللۈكلۈكىنى ھېس قىلدۇرغىلى، چوڭلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىـبىسىنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ.

خەجلەيدىغان پۇل ياكى تاتلىق ـ تۈرۈم دېگەندەك نېمىلەرنى بالىلار يىغلاپ، جېدەل قىلىپ تۇرۇۋالغان چاغلاردا ھەرگىز بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى خەجلەيدىغان قانچىلىك پۇل بېرىش، تاتلىق ـ تۈرۈمنى سائەت نەچچىدە بېرىش مەسىلىسىدە ئېنىق بىر تۈزۈم بولغىنى ياخشى. بۇ ئانا ئۆزىـنىڭ سـەزگۈسىگە ئاساسەن بەلگىلەيدىغان ئىش، بۇنىڭدا ئېـنىق بىر بەلـگىلىمە بولغاندا، بالا بارا ـ بارا پۇل ـ پۇچەكنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. بەلكىم بۈگۈنكى پۇلـنى ئىشـلەتمەي يىـغىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق قىلـغاندا بالـىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

بەزىدە بالـىلارغا قاتـتىق كايـىپ قويۇشقىمۇ بولـىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تاقىشىدىغان ياكى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتـ

لىك چوڭ ئىشلاردا ئۇلارغا قانچە قاتتىق قوللۇقلۇق قىلساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنداق ئەدەبلەش بالىلارغا ئىشىنىش ۋە كۆيۈنۈشنى چىقىش نۇقتا قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالدا، مېنىڭچە، بالىلارنى ئەركىن قويۇۋېتىش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسى تەسەۋۋۇر دۇنياسى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى خۇددى قاناتلىق تۇلپاردەك ئالەمنى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا يېڭىلىق تۇيۇلىدۇ ھەم يېڭىدىن - يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى قوزغاپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادكارلىق كۈچى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. بىز ئۇنى ھەرقاچان مېھرىبانلىق بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

بالىلارنىڭ بىرنېمىنى بىلىۋېلىش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار «بۇ نېمە؟»، «ئۇ نېمە ئۈچۈن؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ ئاپىسىنىڭ كاللىسىنى قاپاق قىلىۋېتىدۇ. ئاپا بولغۇچى بەزىدە ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ ئۇلارغا تۈزۈك جاۋاب بەرمەسلىكى، ھەتتا بەزىدە «ئەجەبمۇ تويدۇرۇم سەن بالىدىن!» دەپ ئۇلارنى سىلكىۋېتىشى مۇمكىن. بىلىشىڭلار كېرەككى، بالىلارنىڭ كۆڭلىگە بۇنىڭدىن ئېغىر زەربە بولىدىغان ئىش يوق. بۇنداقتا، ئۆسۈۋاتقان يۇمران مايسىنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن نابۇت قىلىۋەتكەن بولىسىلەر. بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سىلەر ئۇلار سوئال قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىلىم ئېلىشنىڭ كەڭرى يولىغا باشلىشىڭلار كېرەك.

سىلەر ئاتا - ئانا بولغاچقا «بالا مېنىڭ» دېسەڭلار بولىدۇ، لېكىن بالىلارنى خۇسۇسىي مۈلۈك قاتارىدا كۆرسەڭلار بولمايدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىغا قارىتا خالىسا جېنىنى

ئالىدىغان ھوقۇقى يوق. ئانىنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئېلىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلغانلىغا باراۋەر. قىسقىسى، ئانىلىق مېھرىگە ئىنسانىي ئەقىل يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ھازىر كىشىلەر ھاياتلىق مەسىلىسىگە سەل بىخۇدلۇق قىلىۋاتىدۇ. ھاياتلىققا سەل قارايدىغان پىكىر ئېقىملىرىنى پاك ـ پاكىز يوقىتىش كېرەك. بۇ بىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

ھۆرمەتلەنگەن بالا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ. ئائىلىدە بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا مۇستەقىل ئادەم سۈپىتىدە تەربىيىلەش كېرەك. مۇنداق تەربىيىلەنگەن بالىلار جەمئىيەتكە چىققاندا ئالدىنقىلارنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان جاسارەتكە ئىگە مۇستەقىل ئادەم بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، يېڭى ئەۋلاد يېتىشتۈرگەن مۇشۇنداق بالىلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ھەرقانداق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ئەركىن چوڭ بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك. ئاتا ـ ئانىدىكى ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەت دەل مۇشۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ. بالا چوڭ قىلىشتا مۇشۇنداق مېھىر بولمىسا بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى تار بولۇشى، ھېسسىياتقا ياكى ئاتا ـ ئانىلىق نوپۇزغا تايىنىپ ئىش قىلىشى ئائىلە تەربىيىسىدە ئىنتايىن زىيانلىق. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى دەپ بالىلىرىنىڭ ئارزۇسىغا چات كېرىۋېلىشى بالىلارنىڭ ئادەملىك سۈپىتىنى ئىنكار قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى يامان قىلىقلار دەسلەپتە مۇشۇ يەردىن بىخلىنىدۇ.

بالىنىڭ قەلبى ئاپئاق خەسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا بىلىپ ـ

بىلمەيلا داغ يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئانىنىڭ نەسىھەتى، رەسىم – قائىدىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا چوڭلارنىڭ ئەتەي قىلغان بىر ئىشىنىمۇ بالىلار دورىماي قويمايدۇ. بۇنداق قوبۇل قىلىشنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك. قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر «بالىلار ئانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك» دەپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسىنى ھەرگىز يوقاتمايدىغان، مەڭگۈ ئۆزىدە ساقلايدىغان ئەينەك. بۇ نۇقتىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇنى ئەينەككە تەمسىل قىلىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

بالىلاردا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئىمكان قەدەر ئۆزى قىلىش، باشقىلارنى ئاۋارە قىلماسلىق، خەلق بىلەن ئەپ ئۆتۈش، توغرا ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىشتەك ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا سارائىڭلارچە ۋارقىراشنىڭ، توختىماي كوتۇلداۋېرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەتىگەندە قوپۇپ يۈز يۇيۇشنى، چىش چوتكىلاشنى، سىرتتىن كىرگەندە قول يۇيۇشنى، قالايمىقان تاشلاپ قويغان نەرسىلەرنى جايىغا قويۇشنى ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدا ئۆگىتىپ تۇرساقلا بولمىدىمۇ؟!

# ماركس (1818 — 1883)

## لافارگقا يېزىلغان خەت

ماركس — ماركسىزمنىڭ ئىجادچىسى، دۇنيا پرولې-تارىياتىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى،1844 - يىلدىن باشلاپ ئېنگېلس بىلەن تونۇشۇپ، بىللە كۈرەش قىلغان، 1848 -يىلنىڭ دەسلىپىدە «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» نى يېزىشقا قاتناشقان ھەمدە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلغان. «كاپىتال» قاتارلىق ئۈچمەس ئەسەرلىرى بار.

1866 - يىلى ماركس فرانسىيە ئىشچىلار ھەرىكى-تىنىڭ ياش پائالىيەتچىسى لافارگ بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى لاۋراغا تونۇشتۇرغان. مۇھەببەتلى-شىش داۋامىدا لافارگ ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن «مۇناسىۋەتنى زىيادە قويۇقلاشتۇرۇش» قا، «بالدۇرلا ئامراق، ئىجىل بولۇپ كېتىش» كە تىرىشقان. ماركس بۇنى توغرا تاپماي، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خەتنى يازغان. لافارگ ئۇنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ لاۋرا بىلەن ئۇزۇن مۇددەت سىنىشىش ئارقىلىق 1868 - يىلى ئاخىر توي قىلغان.

قەدىرلىك لافارگ؛

سىزگە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك پىكىر بېرىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز:

1. ئەگەر قىزىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ساقلاپ قالاي دېسىڭىز، چوقۇم ھېلىقىنىڭدەك «مۇھەببەت ئىزھار قىلىش» ئۇسۇلىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ. ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان، تويلىشىدىغان ئىش ئېغىزغا ئېلىنغىنى يوق، تېخى ھېچنېمە بېكىتىلمىدى. ئەگەر ئۇ سىزگە ماقۇل، توي قىلايلى، دېگەن تەقدىردىمۇ، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىڭىز كېرەككى، بۇ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. مۇناسىۋەتنى زىيادە قويۇقلاشتۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس. سىلەر تېخى بۇ شەھەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرىسىلەر، ئالدىڭلاردا نۇرغۇن سىناقلار، جىق باش ئاغرىقلىرى بار. قاراپ ھەيران قېلىۋاتىمەن، بىر ھەپتە ئىچىدىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ كەتتىڭىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ھەقىقىي مۇھەببەتتە يىگىت ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا گەپنى قارا توغرىلا قىلماي، سەل ئۇياتچانلىق بىلەن سىپايە يول تۇتۇشى كېرەك ئىدى، ھە دېگەندىلا ئۆلدۈم - كۆيدۈم دەپ، ئۇنچىلىك ئالدىراپ ئامراقلىق قىلىپ كېتىش يارىمايدۇ. ئەگەر سىز بۇنى مەندىكى كرېئوللارنىڭ خاراكتېرى دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ساغلام ئەقلىم ئارقىلىق سىزنىڭ بۇ خاراكتېرىڭىز بىلەن قىزىمنىڭ ئارىلىقىغا بىر چەك قويۇپ قويىمەن. بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىشتە لوندون ئادىتىگە ماس كېلىدىغان يول تۇتالمايدىكەنمەن دېسىڭىز، ئۇنداقتا قىزىم بىلەن سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇناسىۋەت قىلىڭ. ئەقىللىق ئادەم گەپنىڭ ئۇچىنى ئاڭلىسىلا قالغىنىنى چۈشىنىدۇ.

2. لاۋرا بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بېكىتىشتىن بۇرۇن مەن سىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنى

تولۇق ئىگىلىمىسەم بولمايدۇ. قىزىم خاتا ھالدا مېنى سىزنىڭ بۇ تەرىپىڭىزنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايدۇ، مەن بۇ جەھەتتە سىزنى ئۆزى ئىگىز ئاچار دەپ ھېچقانداق نەرسىنى سورىمىغان. سىزمۇ بىلىسىز، مەن پۈتكۈل بايلىقىمنى ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئاتىۋەتكەن. بۇنىڭغا قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. ئەگەر ھاياتىمنى يېڭىباشتىن باشلاش توغرا كەلسىمۇ، مەن يەنە مۇشۇنداق قىلغان بولاتتىم. پەقەت توي قىلالمىغان بولاتتىم، خالاس. ئىمكانىيەتلا بولىدىكەن، قىزىمنى ئانىسىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى خاراب قىلغان يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇسۇۋېلىشتىن ساقلاپ قالمىسام بولمايدۇ. ئەگەر مەن بىۋاستە ئارىلىشىپ قالمىغان بولسام (مېنىڭ ئاجىزلىقىم مۇشۇ!)، ئەگەر مېنىڭ سىزگە بولغان دوستلۇقۇم قىزىمغا تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسا، بۇ ئىش ھازىرقى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىز توغرىسىدىكى مەن تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان، لېكىن ئەسلىدە ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بەزىبىر گەپ - سۆزلەر مېنى خاتىرجەمسىزلىككە سېلىپ قويدى. بولدى، ھازىرچە بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. سىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا مېنىڭ بىلىدىغىنىم، سىز تېخى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، يېقىندىن بۇيانقى بەزى ئىشلار تۈپەيلى فرانسىيىدىكى ئىستىقباللىڭىزنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يوقىتىپ قويدىڭىز. ئەنگلىيىدە مۇھىتىڭغا ماسلىشىشتا تىل بىلىشتىن ئىبارەت بۇ زۆرۈر شەرت سىزدە تېخى ھازىرلانغىنى يوق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىڭىزمۇ ھازىرچە تېخى ئېنىق ئەمەس. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، سىزدە بىر مەزگىللىك، قىزغىن ئاكتىپچانلىق ۋە ياخشى ئارزۇ - تىلەكلەر بولسىمۇ، لېكىن سىز ئەسلىدىن ئەمگەكچان ئادەم ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، سىز قىزىم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ياردەمگە موھتاج بولىسىز.

ئائىلىڭىزنىڭ ئەھۋالى ماڭا قاراڭغۇ، ئائىلىڭىز باي بولغان تەقدىردىمۇ، سىزگە ياردەم بېرەلىشى ۋە بېرەلمەسلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس. ئۇلار سىزنىڭ بۇ توي ئىشىڭىزغا قانداق قارايدۇ، بۇمۇ تېخى ئايدىڭلاشقىنى يوق. مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، بۇ جەھەتلەردە سىز ماڭا ئېنىق چۈشەنچە بېرىشىڭىز كېرەك. سىز قەتئىي رېئالىزمچى، ئەلۋەتتە، قىزىمنىڭ كەلگۈسىگە مېنىڭ ئىدېئالىستلارچە مۇئامىلىدە بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلمايسىز. سىز ئەمەلىيەتچىل ئادەم، تۇرمۇشقا شائىرانە مۇئامىلە قىلىشنى ياقلىمايسىز. ئۇنداق ئىكەن، ئاللىقانداق رومانتىكلىق بىلەن قىزىمنى نابۇت قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىڭىز چوقۇم.

3. بۇ خېتىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە گەپنى ئوچۇقلا دەپ قوياي: ئەگەر ھازىرلا توي قىلىمەن دېسىڭىز، بۇ ئاقمايدۇ. قىزىم ئۇنىمايدۇ، مەنمۇ قوشۇلمايمەن. توي قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ھەر جەھەتتىن پۇختىلىۋېلىڭ. ئۇزۇن مۇددەتلىك سىنىشىش سىز ئۈچۈنمۇ، قىزىم ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

4. بۇ خەت ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىر بولۇپ قالسا، جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن.

سىزنىڭ كارل ماركسىڭىز

1866 - يىل 13 - ئاۋغۇست. لوندون

# لىنكولن (1809 — 1865)

## جونستونغا يېزىلغان خەت

لىنكولن — ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى (1861 — 1865)، كېنتۇككى شتاتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقىتلىرىدا ياللانما ئىشچى، پىرىكازچىك، پوچتىكەش، ئادۋوكات بولغان، كېيىن شتات ئاۋام پالاتا ئەزاسى، دۆلەت ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولغان، 1861 - يىلى بىرىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ بولغان، قوشما شتاتلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن مەشھۇر خىتابنامە — «قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغان، 1865 - يىلى ئىككىنچى قېتىم زۇڭتۇڭ بولغان ۋە شۇ يىلى 15 - ئاپرېلدا قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

بۇ لىنكولنىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئوغلى جونستونغا يازغان خېتى. لىنكولن جونستوننىڭ دېھقانچىلىق قىلىشنى خالىماي، يەرنى سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش مەقسىتىدە بۇ خەتنى يازغان.

(1851 - يىل 4 - نويابىر)

قەدىرلىك قېرىندىشىم: ئۈلۈشكۈن چارلېستونغا كېلىپ سېنىڭ يەر - زېمىنىڭنى سېتىپ مىسسۇرىغا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. بۇ گەپ كاللامغا كىرىپ-چىقىۋالدى. ئويلىسام - ئويلىسام، ئەخمەقانىلىقتەك تۇيۇلدى. مىسسۇرىدا قانداقمۇ بۇ يەردىن ياخشىراق كۈن كۆرەرسەن؟ مىسسۇرىنىڭ يېرى بۇ يەردىن ئۈنۈملۈكمىكەن يا؟ ئۇ يەر ئاللىقانداق خاسىيەتلىك، ئەمگەك قىلمىسىمۇ بۇغداي، قوناق، ئارپا - سۇلۇلار ئۈنۈۋېرىدىغان يەرمىكەن يا؟ ئۇ يەردىكى خەقلەر ساڭا بىكارغا ئىشلىشىپ بېرىدىغانغا باشقىچە يارىلىپ قالغانمىكەن؟ ئەگەر ئىشلەي دەيدىغان نىيىتىڭ بولسا، ساڭا ھازىر تۇرۇۋاتقان يېرىڭدىن ئوبدان جاي يوق؛ ئەگەر ئىشلەيچۇ دەيدىغان نىيىتىڭ بولمىسا، سەن نەگە بارساڭمۇ بەرىبىر پاتمايسەن. ئۇ يەر - بۇ يەردە تېجىمەللىك قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. بۇ يىل زىرائەتمۇ تېرىماپسەن. سېنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىڭ يەرنى سېتىپ پۇل قىلىپ، پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىۋېتىش ئوخشايدۇ. ئەگەر يەرنى سېتىۋەتسەڭ، كېيىن ئېيتىمەنكى، كەلگۈسىدە ساڭا باش تىقىقۇدەك ماكانمۇ قالمايدۇ. يەرنى سېتىپ تاپقان پۇلۇڭنىڭ يېرىمى مىسسۇرىغا كەلگۈچە يولدىلا تۈگەيدۇ، قالغان يېرىمىمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەككەدىن ئاشمايدۇ، كېيىن ئالىقانچىلىك يەر سېتىۋېلىشىڭمۇ يوق گەپ. ئويلاپ باقسام، بۇ ئەخمەقانە ئىشىڭغا ماقۇل دەپ ئولتۇرساق بولمىغۇدەك. بۇمۇ سېنىڭ، بولۇپمۇ ئانىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن. مېنىڭچە مۇنداق بولسۇن: شەرقىي تەرەپتىكى 40 ئاكر يەر ئانىمىزغا قالسۇن. ئۇ يەرنى سەن تېرىمىساڭمۇ، خەققە ئىجارىگە بەرسەك. شۇنىڭ پۇلى بىلەن ئانىمىز تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلەيدۇ. چۈنكى ئىجارىسىدىنمۇ خېلى جىق پۇل كىرىدۇ

ئەمەسمۇ. دادامـدىن قالـغان 40 ئاكر يەردىـن يەنـە ئىكـكى پارچىسى ساڭا تەئەللۇق بولسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. خېتىمنى باشقىچە چۈشـىنىپ قالما، مېنىڭ ھېچقانداق يامان نىيىتىم يوق. مەن سېـنى پەقەت ماۋۇ بىر نۇقتىنىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالسۇن دەيمەن. سەن ۋاقتىنى بەك بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ، شۇڭا سەن كەمبەغەل. سېنىـىڭ بۇنىڭغا كۆرسەتكەن باھانىلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ھەم ھېچكىمنـىمۇ ئالدىـيالمايـدۇ. سـەن پەقـەت ئۆزۈڭـىنىلا ئالدايسەن، خالاس. سېنىڭ كېسىلـىڭنى داۋالاشـقا ئەمـگەكتىن باشقىسى بىكار.

ئانامغا ئېيتىپ قـوي، چاپمـان سېـنى ئۆزى بىلەن بىر يەردە تۇرسا دەيدۇ. سېنـىڭ ئورنـۇڭدا مـەن بولسام، چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم. ئەگەر كۆنەلمسەڭ (مېنىـڭچە، كۆنـەلمەسلـىكىڭ مۇمكىن ئەمەس)، قايتـىپ كەتـسەڭ بولىـدۇغۇ. چاپمان ساڭا ئامراق، ئىشـىنىمـەنـكى، ئۇ سېـنى بـەختىـيار كۈنـگە ئىگە قىلىـدۇ.

# دارۋىن (1809 — 1882)

## سۆيۈملۈك قىزىم ئاننىنى ئەسلەيمەن

دارۋىن — ئەنگلىيىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئېدىنبۇرگ داشۆسىنىڭ مېدىتسىنا كەسپىنى، كامبىرىدج داشۆسىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1831 — يىلى ئالىملىق سالاھىيىتى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «بىگىر» ناملىق پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ دۇنيانى ئايلانغان، دۇنيانى بەش يىل ئايلانغاندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، مەخسۇس تەتقىقات ئارقىلىق جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ياراتقان.

دارۋىن ئون بالىلىق بولغان (بۇلاردىن ئۈچى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن). ئۇ بالىلىرىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ھەربىر بالىسىنى بوۋاق ۋاقتىدىن چوڭ بولغانغا قەدەر تەپسىلىي كۆزەتكەن ۋە ئۇ توغرۇلۇق ناھايىتى تەسىرلىك ۋە كونكرېت خاتىرە قالدۇرغان. تۆۋەندىكىسى دارۋىننىڭ ئامراق قىزى ئاننىنى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەسلەش يۈزىسىدىن يېزىپ قالدۇرغان تەسىرلىك ماقالىسى. ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرەپتىن قويۇلغان.

(1851 - يىل 30 - ئاپرېل)

بىچارە بالىمىز ئانىنى 1841 - يىل 2 - مارت كۈنى گور كوچىسىدا تۇغۇلۇپ، 1851 - يىل 23 - ئاپرېلدا مورۋېندا قازا تاپتى.

مېنىڭ تۆۋەندىكى سەھىپىلەرنى پۈتۈپ قويۇشۇمدىكى مەقسەت، ئەگەر بىز ئۆلۈپ كەتمىسەك، كېيىنكى يىللاردا بۇنىڭغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمىز. ئۇنى قايسى تەرەپتىن ئەسلىسەممۇ كۆز ئالدىمغا دەررۇ كېلىۋالىدىغىنى ئۇنىڭ تېتىكلىكى ۋە خۇش خۇيلۇقى. ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى مانا مۇشۇ. بۇنىڭغا يەنە ئۇنىڭ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكى سىڭىشىپ كەتكەن. بىرى ئۇنىڭ ھوشيارلىقى. يات ئادەملەر ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى تازا بايقىيالماسلىقى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقى. ئۇنىڭ خۇش خۇيلۇقى، شوخلۇقى چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇ مىجەزى بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ شۇنداق ئەپچىل، چاققان ۋە جۇشقۇن. ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرسە ئادەم شۇنداق سۆيۈنۈپ، خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ ئوماق چىرايى كۆز ئالدىمغا لاپپىدە كېلىۋالدى، خۇددى ئۇ مەن ئۈچۈن ئېلىۋالغان بۇرۇن تاماكىسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقاندەكلا. چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇرىدۇ، ئۇ ماڭا خۇشاللىق بېغىشلىيالىغىنىدىن خۇشال. ئۇ تۇغقانلارنىڭ باللىرى بىلەن ئويناۋاتقاندا بەك قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ قويسام — ھەرگىز ئاچچىقلىنىپ ئەمەس (خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ئۇنىڭغا ئالىيىپ باقماپتىكەنمەن)، ئانچە رازى بولمىغاندەك قاراپ قويسامىلا، ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالاتتى.

ئۇنىڭ مىجەزىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مىجەزى بوۋاق ۋاقتىدا مۇنداق بىر ئىشتا ئىپادىلەنگەن: ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە ياتقان چاغدا ئاپىسىنى سىلىمىسا زادى ئۇنىمايتتى. ئۇ كېسەل ياتقان كۈنلىرىدىمۇ ئاپىسىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇردى، كېسىلى ئېنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەندە ئاپىسى يېنىدا ياتسا، ئاندىن ئۇ ئارام ئالغاندەك بولاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ بىزنىڭ باشقا بالىلىرىمىزغا پەقەت ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھەر كۈنى مېنىڭ چاچلىرىمنى «چىرايلىق قىلىپ قويۇش» ئۈچۈن يېرىم سائەتلەپ ئوينايتتى، يا بولمىسا ياقامنى، يەڭلىرىمنى تۈزلەپ قوياتتى. قىسقىسى، ئۇ رەھمەتلىك ئوماق قوزام ماڭا بەك ئامراقلىق قىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ناھايىتى سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - ئاشكارا، تۈز، تەبىئىي ئىدى، ھېچقانداق ئىشتا قۇۋلۇق قىلمايتتى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىشىمۇ شۇ قەدەر ساپ ۋە ئېنىق ئىدى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنى ئوڭايلا چۈشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. مەن نېمىلا بولسۇن قېرىغان چېغىمىزدا ھاردۇقىمىزنى چىقارغۇدەك بىر بالىغا ئېرىشتۇق دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى شۇ قەدەر جانلىق، تېتىك ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ماڭغان چېغىدا، گەرچە مېنىڭ قەدىمىم چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك ئالدىمدا ماڭاتتى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ نەپىس ھەرىكەتلەرنى چىقىرىپ پىرقىرايتتى، قاچانلا قارىسىڭىز ئوماق چىرايىدىن تاتلىق كۈلكە كەتمەيتتى، بەزىدە ماڭا تېخى ئوماق قىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئويلىسام، شۇ ئىشلار ماڭا ھازىرمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇ گەپلەرنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى تېخىمۇ كۆپتو-

روپ سۆزلىگىنىمدە، ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ — شۇ تاپتا شۇ قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن — «ۋاي، دادا، سىزبەك ئەسكىكەنسىز جۇمۇ!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كېسەل بولغان شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنى خۇددى پەرىشتىدەك تۇتتى. يا بىرەر قېتىم ئاغرىنىپ ياكى چېچىلىپ باققان بولسا كاشكى. ھەمىشە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى، ئۆزى ئۇچۇن قىلىنغان ھەرقانداق ئىشقا ناھايىتى مۇلايىم، يۇمشاقلىق بىلەن رەھمىتىنى بىلدۇرمەي قويمايتتى، ھەتتا ھالىدىن كېتىپ گەپ قىلالمايدىغان چېغىدىمۇ بىر ئامال قىلىپ خۇشلۇقىنى بىلدۇرەتتى. ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن بىر ئىستا-كان چاي ئۇچۇنمۇ تەشەككۇرىنى ئاياپ قالغان ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇسسۇزلۇق تېمىتقان چاغدىمۇ ئۇ: «رەھمەت» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇساق ئاغزىدىن چىققان ئاشۇ سۆزى مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىممەتلىك سۆزى بولۇپ قالدى.

بىز ئائىلىمىزنىڭ خۇشاللىق بۇلىقىدىن، قېرىغان چاغدا بىزگە تەسەللى بولۇۋاتقان ئەڭ ئوبدان بالىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئامراقلىقىمىزنى بىلىدۇ. ئىلاھىم، ئۇ ھېلىمۇ بىلسۇن: بىز ھازىرمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئامراق، يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئامراق. بىز ئۇ ئوماق، خۇش خۇي بالىمىزغا مەڭگۈ ئامراقلىقىمىز بىلەن قالىمىز! خۇدا ئۇنىڭغا ئەمىنلىك ئاتا قىلسۇن!

## ناپولېئون (1769 — 1821)

# ئوغلىغا قالدۇرۇلغان ۋەسىيەت

ناپولېئون I — فرانسىيە سىياسىيونى ۋە ھەربىي ئالىمى، فرانسىيە بىرىنچى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى، 1799 - يىلى تۇمانلىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ بىرىنچى ھۆكۈمران بولغان، 1804 - يىلى ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ جاكارلاپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇپ، سىرتقا ئەسكەر چىقىرىپ زېمىن كېڭەيتكەن، 1812 - يىلى روسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ كۈچى ئاجىزلاشقان، 1814 - يىلى ياۋروپانىڭ فرانسىيىگە قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسى پارىژنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، كېيىنكى يىلى پارىژغا قايتىپ كېلىپ 100 كۈنلۈك خاندانلىقنى قۇرغان، ۋاتېرلوئو ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشۈپ مۇقەددەس ھېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان.

بۇ ناپولېئوننىڭ مۇقەددەس ھېلېنا ئارىلىدا نەزەربەند ئاستىدا تۇرۇپ ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى. بۇنى 1821 - يىلى 17 - ئاپرېلدا مونتىلون ناپولېئوننىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە يېزىپ چىققان.

ئوغلۇم مېنىڭ ئۆلۈمۈم تۈپەيلى ئىنتىقام ئالمەن دەپ يۈرمىسۇن، مېنىڭ ئۆلۈمۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇ مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمىسۇن، ماڭا ئوخشاش ئۆزۈل - كېسىل فرانسۇز بولسۇن. ئۇنىڭ پۈتكۈل تىرىشچانلىقلىرى ئەلنى تىنچلىق بىلەن ئىدارە قى-لىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ مېنى نوقۇل ھالدا دورايمەن دەپ مەن قىلغان ئۇرۇشلارنى يېڭىباشتىن باشلىشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق... مېنىڭ قىلغانلىرىمنى تەكرارلاش مېنىڭ بىرمۇ مۇۋەپپەقىيىتىم يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، مېنىڭ ئىشلىرىمنى تاماملاش ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم-لەنگەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ ھەم بۇنىڭدىن مېنىڭ چوڭ بىر ئىمارەتنىڭ پۈتكۈل پىلانىنى پەقەت ئومۇمىي جەھەتتىن سىزىپ چىققانلىقىمنىلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمدىكى بىر ئەسىر ئىچىدە مۇنداق ئىشنى يەنە تەكرارلىماسلىق كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا مەن ياۋروپانى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەن ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئىنقىلابنى قۇ-تۇلدۇرۇۋالدىم، ئۇنى خارابىلىق ئىچىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ۋە پارلاق سىما بىلەن دۇنياغا تونۇتتۇم. مەن فرانسىيىگە، ياۋروپاغا يېڭى ئىدىيە سىڭدۈردۈم. بۇ ھەرگىز يوقالمايدۇ. ئوغلۇم مەن بىخلاتقان ئۇرۇقلارنى چېچەكلىتىشى، فرانسىيە زېمىنىدىكى گۈللىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە يوشۇرۇن ئامىللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇمۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمران بولالايدۇ.

مەن ئۆلگەندىن كېيىن بوربون جەمەتىدىكىلەر مەرتىۋى-سىنى ساقلىيالمايدۇ. ماڭا پايدىلىق ئىنكاسلار ھەممە يەردە، ھەتتا ئەنگلىيىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئوغلۇمغا قالغان

ئەڭ ياخشى مىراس مانا مۇشۇ. ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلغان خىلمۇخىل زىيانكەشلىكلىرىنى كىشىلەرگە ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئوغلۇمنىڭ فرانسىيىگە قايتىپ بېرىشىنى قوللىشى مۇمكىن. لېكىن ئەنگلىيە بىلەن ياراشقاندا ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ سودا مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش زۆرۈر. بۇ زۆرۈرىيەت ياكى ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇشۇش ياكى ئۇنىڭ بىلەن دۇنيا سودا مەنپەئىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتەك ئىككى نەتىجىنىڭ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۆۋەتتە بىردىنبىر ئېھتىماللىقى بارى ئىككىنچى خىل نەتىجە.

مەن ئوغلۇمغا... يارىشىش دىپلوماتىيىسى ئارقىلىق مېنىڭ ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرالايدىغان يېتەرلىك كۈچ ۋە خەيرخاھلىق ئاتا قىلغان... لېكىن ئوغلۇم ھەرگىزمۇ چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ تەختكە چىقماسلىقى كېرەك. ئۇ تەختكە چىقىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك... ئەگەر ئۇ يەنە چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋەرسە، تۇغقانلارنىڭ بىرەر قىزى بىلەن توي قىلسۇن؛ ئەگەر فرانسىيىگە قايتۇرۇپ كېلىنسە، بىرەر روسىيىلىك مەلىكىنى ئالسۇن...

فرانسۇز مىللىتى (توغرا مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولغاندا) ھۆكۈمرانلىقنى ھەرقانداق مىللەتتىن ئوڭشاي قوبۇل قىلىدۇ. دۇنيادا بۇ مىللەتتەك غەرەز ئۇقمىدىغان، ھوشيار مىللەتتىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كىمنىڭ كەتمەن چېپىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ قارشى چىقىۋاتقانلىقىنى دەرھال-لا ئاڭقىرالايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىش قىلىش كېرەك؛ بولمىسا، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، بويۇن تولغاپ ياكى پارتلاپ چىقىشىمۇ مۇمكىن.

ئوغلۇم دۆلەت ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان بىر مەزگىللىك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە... پارتىيە-

گۇرۇھ دېگەندەكلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەي، پەقەت خەلق ئاممىسىنىلا نەزەردە تۇتسۇن؛ ۋەتەن خائىنلىرىدىن باشقا ئادەملەرنى ھەرگىز جازالىمىسۇن؛ قابىلىيەتلىك، تۆھپىسى بار، ئۆز خىزمىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان كىشىلەرنى، مەيلى ئۇلار قەيەردە بولسىمۇ مۇكاپاتلىسۇن.

فرانسىيە پارتىيە ـ گۇرۇھ (داھىي) لارنىڭ تەسىر كۆچى ئىنتايىن ئاجىز بىر دۆلەت. ئۇلارغا تايىنىش خۇددى قۇمنىڭ ئۈستىگە ئىمارەت سالغاندەكلا ئىش. فرانسىيەدە پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەت قوللاشقا تېگىشلىكلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا تېپىپ قوللاش كېرەك. بەزى ئەخلاقىي قانۇنىيەتلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك ۋە مۇستەبىت بولىدۇ. بوربون جەمەتىدىكىلەر ئاللىقانداق ئاساسىي قانۇنلارنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلارنىڭلا قوللىشىغا تايىنىۋاتىدۇ... بىز بولساق، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، خەلق ئاممىسىغا تايىنىۋاتىمىز... مەن ھەممە ئادەمنىڭ مەنپەئەتىنى قوللايدىغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردىم. مەن پۈتۈنلەي ئاقسۆڭەك، روھانىي ياكى سودىگەرلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن، فرانسىيە مىللىتىدىن ئىبارەت پۈتۈن بىر ئائىلە ئۈچۈن ھاكىمىيەت سۈرىدۈم. مەن پەقەت يۇقىرىدىكىلەرگىلا تايىنىپ قالغىنىم يوق. مىللىي مەنپەئەتنى بۆلۈۋەتكەندە، بۇ مەنپەئەتكە زىيان يېتىدۇ ۋە ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئەسلىدە بۆلۈنمەس قىلىپ يارالغان نەرسە ھەرقانداق قىلساڭمۇ بۆلۈنمەيدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت زەخمەت يېتىشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈم ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى يېزىپ چىققان ئاساسىي قانۇنغا بەكمۇ ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى، بۈگۈن بىز ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلىرىمىز

يەلكىم ئەتە يامانغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۈتۈن ئەلنىڭ رەسمىي رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ بىرەر قانۇننى بېكىتىشمۇ توغرا ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ تۈپكى پرىنسىپى ئومۇمىي سايلام.

مېنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىم ئوغلۇمنى قوللىماسلىقى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ بايرىقىمنى بىرنەچچە ئەسىر قولدىن چۈشۈرمەي، ئادالەت يولىدىكى غەلىبىلىرىمنىڭ مۇقەددەس خەزىنىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلىشىغا موھتاج. 1815 - يىلدىن باشلاپ پۈتكۈل تۆرە - ئاقسۆڭەكلەر ئۆكتىچىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ھىمايە قىلدى. مەن بۈرۈن ئۆزۈمنىڭ قوماندانلىرىمغا ياكى ئاقسۆڭەكلىرىمگە ۋە ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىمغىمۇ يۆلىنەرمەن دەپ ئويلىمىغان، لېكىن خەلق ئاممىسى ۋە ئارمىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن تارتىپ ھەممىسى مەن تەرەپتە تۇردى. مەن بۇ ئىشەنچنى ھېس قىلىپ يەتكەندىمۇ ئاللىقانداق بىر خاتا سېزىمگە ئالدىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇلار مېنىڭ جىق پايدامنى كۆرگەن. مەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى. مېنىڭ ھاكىمىمۇتلەقلىقىم زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي شۇكى، ئۇلار ماڭا مەن ئارزۇ قىلغاندىنمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىۋەتكەن... لېكىن ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا باشقىچە پىكىرلەر چىقىشى مۇمكىن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىككە بولغان ھەر خىل تەلەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەتنى ئۆز ئالدىغا يالغۇز باشقۇرغاندىن كۆرە كېڭەش پالاتاسىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ باشقۇرغان ئوڭايراق. پالاتا سەن ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنىڭ خېلى چوڭ بىر قىسمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كۆپ سانلىق ئادەملەر سەن تەرەپتە تۇرسا ئىشلىرىڭ تېخىمۇ يۈرۈشىدۇ. فرانسىيىدە ھۆكۈمەتنىڭ تەسىر دائىرىسى غايەت زور. ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ ئېپىنى تاپا-

لىسا. خەققە پۇل خەجلىمەيمۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشەلەيدۇ. ھۆكۈمرانىنىڭ مەقسىتى پەقەت ھۆكۈمرانلىق قىلىشلا
ئەمەس، يەنە كىشىلەرگە تەربىيە ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش،
ئۇلارنى ئەخلاقلىق ۋە شاد ـ خۇرام قىلىشتىن ئىبارەت...

ياش چاغلىرىمدا مەندىمۇ بەزى خام خىياللار بولغان، لېكىن مەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھوشۇمنى تېپىۋالدىم. خىلمۇخىل يىغىنلاردا ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى بىلەنلا جان باقىدىغان ناتىقلار چاكىنا سىياسەتۋازلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارغا ھەرگىز ئۇلاردەك گەپدانلىق بىلەن قارشى تۇرماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇلار بۇ جەھەتتە ھامان سەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپدانلىقىغا ئەستايىدىل، مەنتىقىلىق، ئاساسلانغان پىكىرلەر بىلەن قارشى تۇرۇش كېرەك. ئۇلار ئابستراكت، مۇجمەل گەپ ـ سۆزلەرگىلا تايىنىدۇ، ئۇلارنى رېئاللىققا تارتىپ ئەكىرىش كېرەك. ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. مەن يىغىنلاردا مەندىنمۇ زۇۋانداراز ئادەملەرگە ئۇچرىغان، ئۇلارغا دائىم ئىككىنى ئىككىگە قوشسا ھامان تۆت بولىدۇ، دېگەندەك ناھايىتى ئاددىي ئاساسلار بىلەنلا رەددىيە بېرەتتىم. فرانسىيىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەقىللىق ئادەملەر بار. بۇ يەردىكى بىردىنبىر ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئۇلارنى بايقاش ۋە ئۇلارغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىشتە. شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ھازىر تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىي سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك ئادەملەر؛ يەنە شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ئاللىقانداق ۋەزىر بولۇۋالغىنى بىلەن، ئەسلىدە ئۇلار دېھقان بولۇشقىلا لايىق... فرانسىيىدە يېزا ئىگىلىك قانۇنىدىن تارتىپ تۈركىيە پادىشاھىنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيەتچىلىكىگە بولغان ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقلىغۇچىلىرى بار. ئوغلۇم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىشى، ئۇلارغا ھەقىقىي قىممىتى

بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ھەمدە مەملىكەتتىكى بارلىق ھەقىقىي
تالانت ئىگىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىشى كېرەك. فرانسىيە
خەلقى ئەزەلدىن ئىككى خىل كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ تىزگىن-
لىشىدە بولۇپ كەلگەن. بۇ ئىككى خىل ھېسسىيات قارىماققا
بىر - بىرىگە زىت كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر ھېس-
سىياتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ بولسىمۇ باراۋەرلىكتە بولغان مۇھەببەت
ۋە پەرقتە بولغان مۇھەببەت. ھۆكۈمەت پەقەت ئەدلى -
ئادالەتكە تايانغاندىلا بۇ ئىككى خىل ئارزۇنى قاندۇرالايدۇ.
ھۆكۈمەت قانۇن ۋە ھەرقانداق ھەرىكەتلىرىدە ئادەملەرگە
ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى، شان - شەرەپ ۋە تارتۇق، مۇكا-
پاتنى خەلق ئېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان، ھەقىقىي شۇنىڭغا
لايىق ئادەمگە بېرىشى كېرەك.

ئوغلۇم نەشىر ئەركىنلىكىگە يول قويمىسا بولمايدۇ.
بۈگۈنكى كۈندە بۇ زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىش. دۆلەتنى
ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاللىقانداق مۇكەممەل نەزەرىيىنى
تەتقىق قىلىش كەتمىسىمۇ، لېكىن مەۋجۇت ماتېرىياللار ئاسا-
سىدا ئۈلگە تىكلەشكە، مۇقەررەرلىككە بويسۇنۇپ ئۇنىڭدىن
مەنپەئەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. نەشىر ئەركىنلىكىنى ھۆكۈمەت
ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ياخشى تەلىمات،
پايدىلىق پرىنسىپلارنى ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىغىچە
تارقىتىشى لازىم. لېكىن، كارى بولمىسا (ئىلىشىپ قالىدىغان)
ئىش چىقىدۇ. مەن ئەسلى ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق شەرتنامىسى
ئىمزالانغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق
ئادەملەرنى يىغىپ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەھ-
كىمىسى قۇراي دەپ ئويلىغان. ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ
ئىدىيىسى ۋە مەقسىتىنى چەت يېزا - قىشلاقلارغىچە تارقىتال-
غان بولاتتىم. بۈگۈنكى زاماندا ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان
ئادەملەرگە ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ھېچقانداق

كۆڭۈل بۆلمەي ئۆتۈپ كېتمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى ھاياتى ھەرقانداق خەتەرگە ئۇچرىسىمۇ ياكى ھەممىگە قومان-دانلىق قىلىش ياكى ھەممىنى تۇسۇش كېرەك.

ئوغلۇم يېڭىچە ئىدىيىگە ئىگە ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇ مېنى ھەممە يەردە غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن شۇ ئىشلىرىمغا (سادىق بولسۇن)؛ ھەر خىل تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمەتنى قوغداپ، نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان مەمۇرىچىلىقنىڭ (ئۇرۇقلىرىنى) بىخلاتسۇن (پەرۋىش قىلسۇن)؛ تا بۈگۈنگىچە ياۋايىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئەللەرگە خىرىستىئان دىنىنى، ۋە مەدەنىيەتنى تارقاتسۇن. ئوغلۇم پۈتكۈل ئىدىيىسىدە مۇشۇنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. ئۆز بېشىمچى ھۆكۈمرانلارغا بولغان غەزىپىم تۈپەيلى پۈتۈن ئۆمرۈمنى بې-غىشلىۋەتكەن ئىشلىرىم مانا مۇشۇ... مېنىڭ دۈشمىنىم ئىنسانى-يەتنىڭ دۈشمىنى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنى بىر توپ پادا ئورنىدا كۆرگەن، ئاسارەتكە مەھكۇم قىلغان. ئۇلار فرانسىيىنى ئېزىپ، ئېچىدىغان سۇلىرىمىزنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆللىرىگە باشلىۋېتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ھوشىنى تاپقۇزۇپ قويۇش كېرەك، ئۇلار بىزنىڭ تۇغانلىرىمىزنى بۇزۇۋېتىپ قالمىسۇن! ئوغلۇم ئۈچۈن ئېيتقاندا قارىمۇقارشى مەنپەئەتلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. يېڭى ئىدىيىنى ھەممە يەرگە تارقىتىپ، ئۇنىڭ كۈچىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش، ئۇنى كۈچلۈك زەربىگە ئۇچراتماسلىقى ۋە ئۇ تۈپەيلى ھېچقانداق بىچارىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىكى لازىم. ئىنسانىيەتنى ھامان دەھشەتلىك بالا-يىئاپەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر پادىشاھلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۆچمەنلىكى مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى قان قېرىنداشلىرىمغا قارىتا زىيانكەشلىككە ئېلىپ بارسا، ئۇ چاغدا مەن تەرەپتىكىلەرمۇ ئۆچمەنلىكتىن قىساس ئېلىشقا تەرەققىي

قىلىدۇ، قىساس ئالغاندىمۇ، شەپقەتسىز ئېلىۋېتىدۇ، مەدەنىيەت ئومۇمىيۈزلۈك تالاپەتكە ئۇچرايدۇ (ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئاسارەتتىن قۇتۇلغان چاغدا) يەر يۈزى پۈتۈنلەي قان دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ... ئوغلۇم تەختكە ئولتۇرغاندا ھەم ھەربىر پادىشاھنىڭ مەنپەئىتىنى، ھەم (ئۆز نۆۋىتىدە) ھەربىر پادىشاھلىقنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كۈرەشلەرنى قىلغان ھەم نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. مېنىڭ ئىدىيەم ۋە پىرىنسىپلىرىم غەلىبىلىك ئىزچىللاشتۇرۇلمايدىكەن، فرانسىيە ۋە پۈتكۈل ياۋروپا قۇللۇق تۈزۈمگە ۋە قالايمىقانچىلىققا مېڭىشتىن باشقا يول تاپالمايدۇ. ھازىر ياۋروپا مۇقەررەر ئۆزگىرىشكە قاراپ قەدەم تاشلىماقتا. بۇنى كەينىگە سۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىق بىھۇدە جان تالاشقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ قەدەمنى ئىلگىرىلەتكەندىلا بارلىق ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى كۈچلۈك قۇدرەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بەزى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسى ھامان بىر كۈن قانائەت تاپىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئاشۇ نىشانغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەك. ئوغلۇم نۇرغۇنلىغان زور قىيىنچىلىقلاردىن ھامان خالى بولالمايدۇ. لېكىن مەن شارائىتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى قورال كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىشلارنى ئۇ پەقەت كۆپچىلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك....

ئوغلۇم يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن قانۇن تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئەنزىلەرنىڭ يىللىق سانىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزۈش، قانۇنغا خىلاپلىق

قىلىش ئىشلىرىنىڭ سانى كۆپەيسە، كەمبەغەلچىلىكمۇ كۆپىيىـ
ۋاتقان، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ياخشى بولمايۋاتقان
بولىدۇ؛ ئەگەر بۇ سان ئازايغان بولسا، ئۇ ئىشلار ئەكسىچە
بولغان بولىدۇ.

دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى بەزى ئىچى تار پەيلاسوپـ
لارنىڭ تەرغىباتىنىڭ تەسىرىدىن چوڭ. ئۇ ئىنسانىيەتكە
ناھايىتى زور ياخشىلىقلارنى ئەكېلەلەيدۇ. ئەگەر پاپا
بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ياخشى يۈرۈشتۈرۈپ كېتىلسە، نەچچە
يۈز مىليون ئادەم دىيانەت يولىدا ماڭىدۇ. پىئۇس VII ئوغلۇمنى
خېلى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ كەڭ قورساق، تەرەققىيپەرۋەر زات.
بالايىئاپەتلىك ۋەزىيەت مەن بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى قار-
شىلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇنىڭغا مەن چوڭقۇر ئېپسۇسلىنىمەن...

ئەگەر سەن فرانسىيەگە قايتىش رۇخسىتىگە ئېرىشەلىسەڭ،
ئۇ يەردە مېنى سادىقلىق بىلەن ئۇنتۇماي كېلىۋاتقان نۇرغۇن
ئادەملەرنى ئۇچرىتالايسەن. ئۇلار مەن ئۇچۇن تىكلىگەن ئەڭ
ياخشى يادنامىلەرنى، يەنى مېنىڭ ئېپىردىيىنى سورىغان ۋاق-
تىمدىكى دۆلەت يىغىنلىرىدا قىلغان پىكىرلىرىمنى، ۋەزىرلەرگە
بەرگەن كۆرسەتمىلىرىمنى، فرانسىيە، ئىتالىيىلەردە كۆرسەتكەن
تۆھپىلىرىم ۋە باشقا ئىشلىرىمنىڭ ھۆججەتلىرىنى ساڭا يىغىپ
بېرىشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق، ئەسەرلەرنى يېزىشقا ماھىر،
داللىبى، مورىتان، مىلان، كانباسىلار كۆچ چىقىرالايدۇ. بۇ
ئەسەرلەر مەن بىنىۋونغا يېزىشقا تاپشۇرغان مېنىڭ دىپلوماتىيە
سىياسىتىم توغرىسىدىكى كىتابنىڭ تولۇقلىمىسى بولالايدۇ...
مېنىڭ دۆلەت يىغىنلىرىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىمنىڭ ئىچىدە
بەزىلىرى پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارغىلا قارىتىلغان، بە-
زىلىرى مەڭگۈلۈك تەدبىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنى
پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

ئوغلۇم دائىم تارىخنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ تۇر-

سۇن. بىردىنبىر ھەقىقىي پەلسەپە دېگەن ئاشۇ. تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ قوماندانلارنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى كۆرسۇن ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلسۇن. ئۇرۇش ئىلمىنى توغرا ئۆگىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مۇشۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئاشۇ مۇقەددەس ئوت، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ياخشىلىققا قارىتىلغان قىزغىنلىق بولمىسا، ئۇ چاغدا سېنىڭ ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن گەپلىرىڭنىڭ، ئۇنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانچە پايدىسى بولمايدۇ.

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان تەقدىرگە مۇناسىپ ئىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# گيوتې (1749 — 1832)

## دادامنىڭ ئۆمىدى

گيوتې — گېرمانىيە شائىرى، دراماتۇرگ ۋە مۇتەپەككۇرى، فرانكفورتتىكى بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» ناملىق ئەسىرى XVIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى گېرمانىيە شىددەتلىك بوران زەربىدارلار ھەرىكىتى داۋامىدا ئۆزىنى تونۇتقان ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئوداللىق جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىق ۋە ئارشىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «فائۇست»، «ئېگمىنت»، «تاسسو»، «يېقىنلىق ۋە كۈچ» قاتارلىقلار بار. گيوتې ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغاندىن باشقا، يەنە جىق ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ تەبىئىي پەن تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ھەم بۇ ساھەگىمۇ نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. تۆۋەندىكى ماقالىنىڭ ماۋزۇسى تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

دۇنيادىكى بارلىق ئاتىلارنىڭ بىر سەممىي ئارزۇسى، يەنى ئۆزى ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنى ئوغلىنىڭ ئورۇندىغانلىقىنى كۆرۈش ئارزۇسى بولىدۇ. بەلكىم ئۇلار بۇنىڭدىن ياشلىقىغا قايتقاندەك، ئەجدادلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى جايىدا ئىشلىتىۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇغا كەلسە كېرەك. دادام ئۆزىنى بىلىملىك ۋە ھەقىقىي غەيرەتلىك ھېسابلايتتى، شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا تازا ئىشەنمىگەچكە، مېنى ئۆز قولى بىلەن ئوقۇتۇپ، پەقەت بەزى دەرسلەرگىلا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. دادامنىڭ ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولۇپ بېقىش ئارزۇسىغا كەلگەنلىكىگە، بەلكىم شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆرەڭلىكى ۋە ئۆزىنى سىرلىق تۇتۇشلىرى سەۋەبچى بولغاندۇ. ئۇ مېنى ناھايىتى ياخشى چارە بىلەن ئوقۇتۇشنى ئويلايتتى، لېكىن كەسپىي ئوقۇتقۇچى ئۆگەتمىگەن دەرسلەردە ئورغۇن يېتەرسىزلىك بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

شۇ چاغلاردا دادام ئۆز تۇرمۇشىدىن خېلىلا مەمنۇن ئىدى، مېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىش كۆرۈشكە، لېكىن ئۆزىدىن ياخشىراق، ئازادىرەك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۈندەيتتى. ئۆزىنى ئەسلى سەل قابىلىيەتسىز، ھەممە ئىشنى قاتتىق تىرىشىش، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا چىداپ تەكرار ھەپىلىشىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن دەپ ھېسابلىغاچقا، مېنىڭ تالانتىمغا ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭا مەيلى رەسمىي مەيلى چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلسىمۇ شۇ بىر گەپنى، يەنى ئەگەر ئۆزى ماڭا ئوخشاش تالانتلىق بولغان بولسا، بۇ تالانتقا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ھەرگىز مەندەك زايا قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنىدى.

ئۆزۈم چېچەن ھەم ئۆتكۈر بولغاچقا، دادام ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۆگەتكەن دەرسلەرنى ئۆزۈن ئۆتمەي ئۆگىنىۋالدىم. لېكىن دەرسلەر سىستېمىلىق بولمىغاچقا، ھېچقانداق پەندە ئۆزۈمگە ئاساس تەييارلىيالمىدىم. مەن گىراماتىكىنى ياقتۇرمايتتىم، چۈنكى ئۇنى كەلسە ــ كەلمەس تۈزۈۋالغان نېمىكەن دەپ قارايتتىم. گىراماتىكىنىڭ قائىدىلىرى ماڭا بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. چۈنكى شۇ قائىدىگە بېقىنمايدىغان سۆزلەرمۇ جىق ــ دە. قائىدىدىن مۇستەسنا قىلىنغان ئۇ نەرسىلەرنى يەنە ئالاھىدە ئۆگەنمىسە بولمايدىكەن تېخى. ئەگەر دەسلەپتە ئۆگەنگەن لاتىنچە تىل قاپىيىگە سېلىنمىغان بولسا، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ خۇشۇم كەتكەن بولاتتى. بىراق ئۇ ناھايىتى جاراڭلىق قاپىيىگە سېلىنغاچقا ئۇنى ناھايىتى ھەۋەس بىلەن ئۆگەندىم. بىر جۇغراپىيە كىتابىمىز بولىدىغان، ئۇمۇ ئوخشاي ئەستە ساقلىغىلى بولىدىغان شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغانىكەن، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر ھېلىغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەن بىرىكمە سۆز ۋە ئىدىيوملارنى ئوڭايلا چۈشىنىۋالاتتىم، ئۇقۇملارنىمۇ تېز ئۆزلەشتۈرۈۋالاتتىم، گىراماتىكىدا باشقىلارنىڭ سەل كەينىدە بولسامىمۇ، لېكىن ستىلىستىكىدا، ماقالە يېزىشلاردا ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتىم. دادامنى ئالاھىدە خۇشال قىلىپ ماڭا پۇللارنى بەرگۈزۈۋېتىدىغان ــ بۇ پۇل مەندەك بالا ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى ــ دەل مېنىڭ ئاشۇ ماقالىلىرىم ئىدى.

مەن لاتىنچە ئۆگىنىدىغان نۆۋەتتە دادام سىڭلىمغا ئىتالىيان تىلى ئۆگىتەتتى. مەن دەرسىمنى بىردەمدىلا ئۆگىنىپ بولۇپ، سىڭلىمنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنىغا قۇلاق سالاتتىم، شۇنداق قىلىپ دەم ئېلىشىنىڭ ئورنىدا ئىتالىيان تىلىنىمۇ تېزلا ئۆگىنىۋالدىم.

ئەستە ساقلاش ۋە پەرەز قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە

مەندىمۇ بالدۇر يېتىلىش ئالامەتلىرى بولغان. مۇشۇنداق ئىشلار تۆپەيلى خاسىيەتلىك بالا، دەپ ئاتالغانلار بىلەن مېنىڭ ئورتاق يېرىم مۇشۇ. شۇڭا دادام مېنى بالدۇرراق داشۆگە بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەن. ئاردىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ مېنى ئۆزى بەك ماختايدىغان لېيىپسىگ داشۆسىگە بېرىپ قانۇن ئوقۇتىدىغانلىقىنى، ئاندىن باشقا بىر داشۆگە كىرىپ دوكتور بولۇپ چىقىشىم لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. يەنە بىر داشۆنىڭ قايسى بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ چاتىقى يوق ئىكەن، ئىشقىلىپ گيوتتېنگېن داشۆسى بولمىسىلا، قايسىسىغا بولسىمۇ كىرسەم بولۇۋېرىدىكەن. دادام نېمىشقىدۇر ئۇ داشۆگە ئۆچلۈك قىلاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئەپسۇسلىنىپ قالدىم. چۈنكى مەن دەل ئاشۇ داشۆگە بەك ئىشىنەتتىم ۋە ئۇنىڭغا چوڭ ئۈمىدىم بار ئىدى.

ئۇ ماڭا ۋېيتىسلار، رېگېنسبۇرگ ۋە ۋېناغا، ئاندىن ئىتالىيەگە بېرىشىم كېرەكلىكىنى دېدى. لېكىن ئۇ ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن پارىژنى كۆرمىسە بولمايدۇ، دەپ جىق ئېيتقان، چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ئىتالىيىدىن چىقسىلا «ھەممىنى كۆرگەن» دەك تەسىراتقا كېلىپ قېلىپ باشقا يەرلەرنى كۆرگۈسى كەلمەيدىكەن.

مەن دادامنىڭ ئاغزىدىن مەن چوڭ بولغاندا قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئاخىر ئىتالىيەگە كېلىپ نېپىپول بىلەن تۈگەللىنىدىغان ساياھەتچىلەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدىم. ئۇ بۇ پاراڭلارنى قىلسا ئادەتتىكى جىددىي قىياپىتى ۋە ۋەزمىنلىكىنى بىراقلا يوقىتىپ ئاجايىپ جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ گۆدەك قەلبىمىزگە بۇ دۇنيانىڭ ئارامگاھلىرىدىن ئۆزىمىزگە تۇشلۇق بىر ئورۇن ئېلىشتەك قىزغىن ئىنتىلىشنى سالغان.

# توماس جېففېرسون (1743 — 1826)

## كۆندىلىك تۇرمۇشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئون ئىش

توماس جېففېرسون — ئامېرىكىنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر ۋە سىياسىيون، ۋىرگىنىيەدىكى بىر ئېكىنزار خوجايىنى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ۋىلىيام - مارى داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، كېيىن ئادۋوكات بولغان، 1773 - يىلى ۋىرگىنىيە «ئالاقىلىشىش كومىتېتى»نى تەشكىللەپ، مۇستەملىكىلەرنى مۇستەقىل قىلىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، 1775 - يىلى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلىغاندا، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يېزىشقا قاتناشقان. 1789 - يىلى ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان، 1796 - يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، 1801 - يىلدىن 1809 - يىلغىچە ئۇدا ئىككى نۆۋەت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان.

جېففېرسون بۇ خەتنى ئوغلىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە نەۋرىسى مونتىسروغا يېزىپ قالدۇرغان. بۇ نەۋرىسىنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىگە قارىتا تولۇپ - تاشقان ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان نەسىھەت.

سەن تاپشۇرۇۋالغان بۇ خەت بىر رەھمەتلىكنىڭ خېتى بولۇپ قالغۇسى. چۈنكى سەن بۇنىڭدىكى نەسىھەتلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ بولغۇچە بۇنىڭ يازغۇچىسى قەبرىسىگە كىرىپ بولىدۇ. سېنىڭ مېھرىبان، ئېسىل دادىڭ مەندىن سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭغا پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرەر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. مەن سەن بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىمەن. سېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز نەسىھەت قالدۇرۇشۇم ئىنتايىن زۆرۈر. خۇدانى ئۇلۇغلا، ئاتا - ئاناڭنى چوڭ كۆر. قولۇم - قوشنىلىرىڭغا ئۆز ئۆيۈڭنىڭ ئادەملىرىدەك مۇئامىلە قىل. ۋەتەننى ئۆزۈڭدىن ئارتۇق قەدىرلە. ھالال، ساداقەتمەن ئادەم بول. خۇدا پېشانەڭگە پۈتكەن تەقدىردىن ئاغرىنما. مۇشۇنداق قىلالىساڭ، تۇرمۇشۇڭ مەڭگۈ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭدا تۆۋەندىكى ئون ئىشتىن ساقلان:

1. بۈگۈنكى ئىشنى ھەرگىز ئەتىگە قويما.

2. ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشقا ھەرگىز باشقىلارنى ئاۋارە قىلما.

3. قولۇڭغا كىرمىگەن پۇلنى ئالدىنئالا خەجلىمە.

4. ئەرزان ئىكەن دەپ، ئۆزۈڭگە كېرەكى بولمىغان نەرسىنى سېتىۋالما. بۇ ئەكسىچە ساڭا قىممەت توختايدۇ.

5. تەكەببۇرلۇق قىلما. تەكەببۇرلۇق ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ يامان.

6. ئوپقانلىق قىلما. ئاز يېسەڭمۇ يە، كېيىن پۇشايمان يېمە.

7. ئۆزۈڭ خالىمىغان ئىشقا ئۆزۈڭنى مەجبۇر قىلما.

ئۆزۈك خالىغان ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايسەن ھەم ئۇنىڭ-دىن زېرىكمەيسەن.

8. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما.

9. ھەرقانداق ئىشتا ئۇسۇل - چارىگە دىققەت قىل.

10. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئاۋۋال ساناقتىن ئۇننى سانىۋې-تىپ ئاندىن گەپ قىل؛ غەزەپىڭ تاشقاندا ئۇنىڭ ئورنىغا 100 نى سانا.

# ۋاشىنگتون (1732 — 1799)

## بوشرود ۋاشىنگتونغا يېزىلغان خەت

ۋاشىنگتون — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى زۇڭتۇڭى (1789 — 1797)، چوڭ ئېكىنزار خوجايىنى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەسلەپكى يىللاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان، 1 — ، 2 — نۆۋەتلىك چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولغان، 1775 — يىلى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پارتلاپ تاكى غەلىبە قىلغۇچە 13 شتات قوزغىلاڭچى قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى بولغان، 1787 — يىلى فىلادېلفىيە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ قوشما شتاتلار ئاساسىي قانۇنىنى تۈزگەن، 1789 — يىلى زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان.

بۇ نەسىھەت خەتتە ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى بوشرود ۋاشىنگتونغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1783 ـ يىلى 15 ـ يانۋار

قەدىرلىك بوشرود: بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىڭىزدا بەلكىم ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر مەن بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىمگە يېتەلىسەم، بۇنىڭغا كەتكەن ۋاقتىم ھەرگىز بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ. داداڭ سىزنى بەك ئىقتىسادچىل دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ، ئىلاھىم، ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئادەم بولغايسەن. ئۇ يەنە خېتىدە ساڭا پۇل ئەۋەتىشتە سەل تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ تاپاۋىتىنىڭ ئازلىقىمۇ ياكى سىزنىڭ جىقراق تەلەپ قىلغانلىقىڭمۇ، بىلەلمىدىم. مەن، ئىشقىلىپ، كېيىنكىسى ئەمەستۇ دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئەتراپلىق ئويلاپ ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ھەر ھالدا تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ھەرگىز چوڭ تەلەپ قويۇپ دادىسىنى خىجالەت تارتقۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، يەنە دادىسىنىڭ باشقا بالىلىرىنىمۇ باقىدىغان مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ. لېكىن داداڭنىڭ خېتىگە قاراپمۇ ھەرگىز سېنى ئۇنداقكەن دەپ يەكۈن چىقىرالمايمەن. شۇنداقتىمۇ سىلەر ياشلار سەل تەجرىبىسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە ھەر خىل جىنايەتلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، باج ـ سېلىقنىڭ كۆپلۈكى ۋە بازارنىڭ كاساتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى تۈپەيلى ۋىرگىنىيىدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭمۇ بېشى قېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەبلەرنىمۇ ھېسابقا ئالماي بولمايدۇ. مەن ساڭا ئۆزۈمنى يېقىن تۇتۇپ تۆۋەندىكىدەك نەسىھەت قىلىپ قويماقچىمەن.

فىلادېلفىيىگە بېرىشتىكى مەقسىتىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. سەن ئۇ يەرگە قانۇن ئۆگىنىش ئۈچۈنلا بارغان ئەمەس، بەلكى شۇ كەسىپتە ئۆزۈڭ چىقىش ئۈچۈن بارغان، پەقەت شۇنداق قىلالىغاندىلا شان ـ شۆھرەت قازىنالايسەن. قانۇن

ئۆگىنىش ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇيۇڭ، شان - شۆھرەت قازىنىشمۇ ئۆزۈڭنىڭ تىلىكىڭ. لېكىن باشباشتاقلىق ئۇ ئارزۇلىرىڭ بىلەن چىقىشالمايدۇ. دوستلىرىڭنىڭ ئىچىدە ساڭا ھەممىدىن چوڭ ياردەم بەرگەنلەرگە ئازراق پۇل خەجلىشىڭگە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە. مەن بەكمۇ پىخسىقلىق قىلىپ كەتكىن، ھەمىشە پالاتا ئەزالىرى بىلەن، پەيلاسوپلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈر، دېمەكچى ئەمەسمەن. شۇنداقتىمۇ، دوست تۇتۇشتا سەل ئېھتىيات قىلمىساڭ بولمايدۇ. دوست بولۇش ئوڭاي، لېكىن يامان ئادەملەر بىلەن دوستلىشىپ قالساڭ ئۇلاردىن قۇتۇلماق تەس. بۇنداق دوستلار ئادەمنى يولدىن چىقىرىدۇ، تەس كېچىككە سېلىپ قويىدۇ. دەرد - ئەلەممۇ، ئىزا - ئاھانەتمۇ ئاشۇلاردىن كېلىدۇ.

ئۇمۇمەن ئادەملەر بىلەن ياخشى ئۆتۈش كېرەك، بەك يېقىن ئۆتىدىغان ئادەملەر ھامان ئاز سانلىق بولىدۇ. سىناقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۇلارغىمۇ ئىچى - قارنىنى تۆكۈۋەتمەسلىك كېرەك. ھەقىقىي دوستلۇق ئالدىرىماي پىشىدىغان زىرائەتكە ئوخشايدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان دوستلۇقلا ھەقىقىي دوستلۇق.

ئادەملەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتكە، بەختسىزلىكلىرىگە ھېسداشلىق قىلىش كېرەك. چامى يەتسە ئۇلارغا ياردەم بەرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ياردەمنى دەل جايىغا تەگكۈزۈپ قىلىش كېرەك. بۇ تەلەپ قىلغانلىكى ئادەمگە ياردەم قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىڭدىمۇ ئەھۋالغا قاراش كېرەك. بولمىسا، ئەسلى تېگىشلىك ئادەم ياردەم ئالالمايدىغان ئىش چىقىدۇ.

ئۇچار قانات رەڭدار پەيلىرى بىلەنلا چىرايلىق، ئادەم يۈزۈر ئۇستىباشلىرى بىلەنلا ئېسىل دەپ قالما. بىساگەن ئادەمگە ئاددىي، چوڭ سۈپەت كىيىم ھامان ۋال - ۋۇل كى

يەمدىن ئېسەل بىلىنىدۇ.

ساڭا دەپ قويىدىغان ئاخىرقى ئىش، ھەممىدىن مۇھىم ئىش شۇكى، ھەرگىز قىمار ئوينىما. قىمار پۈتۈن ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى. ئۇ ئادەمنى ئەخلاقتىنلا ئەمەس، سالامەتلىكتىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. قىمارۋازلىق نەپسانىيەتچىلىكنىڭ مەھسۇلى. قىمارۋازلىقتىن جىنايەت، جىنايەتتىن خىلمۇخىل بەختسىزلىكلەر تۇغۇلىدۇ. قىمار نۇرغۇن ئابرويلۇق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈزىنى يەر قىلغان، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. قىمار دېگەننىڭ مېھرى ئىسسىق نېمە، ئۇتقانلىرى تەلىيىم كەلدى دەپ قول ئۈزەلمەيدۇ؛ ئۇتتۇرغانلىرى تەلىيىم كېلىپ قالار، دەپ نېرى كېتەلمەيدۇ. ئاخىر بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىپ ھەممىنى بىراقلا دو تىكىدۇ ـ دە، گاڭسا ـ جىسا بولۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. قىسقىسى، قىمار دېگەن بۇ رەسۋا ئويۇندىن زىيان تارتقانلار باركى، پايدا ئالغانلار يوق.

بەلكىم سەن: «دېمىسىڭمىزدۇ مەن مۇشۇ نەسىھەتتىكىدەك ئىش تۇتقان» ياكى «مەندە سېنى دېگەنىدەك ئىشلار يوق» دېيىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا، مەن خۇشاللىقىمدىن بۆكۈمنى ئاسمانغا ئاتىمەن. تۇغقىنىمنىڭ يامان يولغا كىرمەي ياخشى ئادەم بولغانلىقىنى كۆرۈش، ئەلۋەتتە، مەن ئۈچۈن خۇشاللىنىدىغان ئىش. مەنمۇ دەل شۇنداق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا، دۆلەت سېنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇپ ساڭا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. ياخشى پەزىلەت ھامان مۇكاپاتقا سازاۋەر بولماي قالمايدۇ.

## رۇسسو (1712 — 1778)

## دېفىنىسي خانىمغا يېزىلغان خەت

رۇسسو — فرانسىيىنىڭ ئاقارتىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرى، جەمئىيەتشۇناسى، ئەدىب، شۋېيتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئىجتىمائىي ئەھدە تەلىماتىنى راۋاجلاندۇرغان. «ئىنسانىيەت باراۋەرسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى»، «ئىجتىمائىي ئەھدە توغرىسىدا»، «ئىستىغپارنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

خانىم، ئوغلىڭىزغا يازغان خەتلىرىڭىزنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. خەتلىرىڭىز ئوبدان يېزىلغىنىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ. گېپىمنى تۈزلا ئېيتتىم، خاپا بولماسسىز. گەرچە ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىڭىز سەممىي بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا سەل ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدا پىلانىڭىز بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. دەل ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، مەقسەتكە يېتىمەن دەيدىكەنسىز، بالىڭىز پىلانىڭىزنى سېزىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇ 20 ياشقا كىرگەن يىگىت بولغان بولسا، خېتىڭىزدىكى گەپلەرنى ئۇنىڭغا قاتتىق كەتمەيدۇ دېسەكمۇ بولاتتى، شۇنداقتىمۇ خېتىڭىز سەل قۇرغاقراق.

ئىشىنىمەنكى، بالىغا خەت يېزىش ياخشى چارە. بالىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەقىل ـ ھوشىنى يېتىشتۈرۈشتە بۇنىڭ پايدىسى بار. لېكىن، بۇنىڭدا ئىككى شەرت ھازىرلانغان بولۇشى، يەنى ئۇ چۈشىنەلەيدىغان ھەم جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. سىز خەتنى ئۇنىڭغىلا قارىتىپ يازغان، لېكىن ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىككى پارچە خېتىڭىزگە قارىسام، ئۇنىڭ چوڭ ئادەملەرگە پايدىسى بار، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانچە پايدىسى يوقتەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خەتلەرنى ساقلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا چوڭ بولغاندا بەرسىڭىز بولىدۇ. ھازىر يەنىلا ئۇنىڭغا بەزى ھېكايە، مەسەللەرنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ ئەخلاقىي كۈچ ۋە ئۆزىگە ئەسقاتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغىنىڭىز تۈزۈك. دىققەت قىلىڭ، قېلىپلىشىپ قالغان ئالىلىقاندا قىلىنغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلماسلىققا ھەرگىز بولمايدۇ. تەربىيىنى مەيلى ياخشى مەيلى يامان ئىش بولسۇن، ئۇ دىققەت قىلغان ئىشتىن باشلاش كېرەك. ئۇنىڭ تۇرمۇش

كۆز قارىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا مەسىلىلەرنى قانداق تەھلىل قىلىشنى، قانداق سېلىشتۇرۇشنى ئۆگەتسىڭىز بولىدۇ. خېتىڭىزدىكى گەپلەرنىڭ قويۇلۇشىنى ئۇنىڭ پىكىر قىلىشتىكى تەرەققىياتىغا ۋە ئەقلىي كۈچىگە ماسلاشتۇرۇشنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئوغلىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى، ئەقىل - ھوشىنى يېتىشتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئوغلىڭىزغا ئاشكارا ئېيتسىڭىز، ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چۈشەندۈرسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇ سىز دېگەن نەرسىلەردىن چۆچۈيدىغان، ھەممىشە سىزنىڭ سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقمايدىغان تۇيغۇغا كېلىپ، ھەتتا ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىز كۆزلىگەن مەقسىتىڭىزگە يېتىمەن دېسىڭىز، شۇ مەقسىتىڭىزنى يوشۇرۇشنى بىلىڭ.

ئېيتايلۇق، ئۇنىڭغا ئانىلىق مەجبۇرىيىتىڭىزنى سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ نېمىشقا ئۇنىڭ قۇلىقىغا «بويسۇنۇش»، «مەسئۇلىيەت»، «پەخەس بولۇش»، «ئەقىللىق بولۇش» دېگەندەك گەپلەرنى قويۇۋېرىسىز؟ ئۇنىڭ يېشىدىكى بالىلار بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن قورقىدۇ. مۇھىمى مۇشۇنداق سۆزلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەت. ئۇلار شۇندىلا بىلىدۇ. ھازىر بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرىمەن دەپ زورۇقۇپ كەتمەڭ. بىر كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدە بۇ گەپلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىدۇ. شۇ چاغقىچە تەخىر قىلىش كېرەك. يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدا ۋە خۇشاللىقتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلسۇن. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ بويسۇنۇش بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ.

1766 - يىلى مارت

# بېنجامىن فرانكلىن (1790—1706)

## ئوغلىغا يېزىلغان خەت

بېنجامىن فرانكلىن — ئامېرىكا بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى دېموكرات ۋە ئالىم، بوستون شەھىرىدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئاران ئىككى يىللا ئوقۇپ، ئون يېشىدا ئوقۇشتىن توختاپ، ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىكىگە قارىشىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن «بىللە ئوقۇش جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ، ئۆز يەردە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيىگە قارشى كۈرەشكە ھەمدە مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى يېزىشقا قاتناشقان. دۇنيا بويىچە تۇنجى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتاپ، ئېلېكتر تەتقىقاتىغا يول ئاچقان ۋە چاقماق قايتۇرغۇچنى ئىجاد قىلغان.

# 1

قەدىرلىك ئوغلۇم:

مەن ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يېزىۋېلىشقا ئامراق. ئىككىمىز ئەنگلىيىدىكى چاغدا مۇشۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلايمەن دەپ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قانچىلىك قاتراپ كەتكەنلىكىم ئېسىڭدە بولسا كېرەك. سېنىڭمۇ مېنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شارائىتىمنى بىلگۈڭ بارلىقىنى سەزدىم. سەن مەن ماڭغان مۇساپىلەرنىڭ نۇرغۇنىنى بېسىپ باقمىغان. شۇ تاپتا يېزىدا ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغان بىر ھەپتىلىك ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن ھەم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم توغرىسىدىكى ئىشلارنى ساڭا خەت يۈزىدە ئىزھار قىلماقچىمەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە بەزى مۇددىئالىرىممۇ بار. مەن كەمبەغەل مۇھىتتا چوڭ بولغان، لېكىن ھازىر تۇرمۇشۇم باياشات ھەم دۇنيادا خېلى ئابروييۇممۇ بار. ھاياتىمدا مېنىڭ ئىشلىرىم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇ پۈتۈنلەي خۇدانىڭ مېنى ئەزىز ۋە بەختلىك قىلىپ ياراتقانلىقىدىن بولغان. مېنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىممۇ ماڭا ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە مېنىڭ روھىمنى ئۆلگە قىلىش ئۈچۈن مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇسۇلۇمنى بىلىشنى خالىسا كېرەك.

ئامەتلىك ياشىغانلىرىمنى ئويلىغىنىمدا، ئەگەر ماڭا يەنە بىر قېتىم يېڭىباشتىن تۇغۇلۇش پۇرسىتى بېرىلسە، چوقۇم يەنە بۇرۇنقىدەك ياشىغان بولاتتىم، دېگۈم كېلىدۇ. بىرلا ئارزۇيۇم كىتابى قايتا نەشر قىلىنغان يازغۇچىغا ئوخشاش بۇرۇن كەتكۈزۈۋەتكەن خاتالىقلىرىمنى قايتا تۈزىتىۋېلىشقا پۇرسەت بېرىلسىلا بولدى. ئۇ چاغدا مەن خاتالىقلىرىمنى تۈزىتىۋالغاندىن باشقا،

يەنە بەزى بەختسىز ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەن بولاتتىم؛ ئەگەر بۇ تەلىپىم رەت قىلىنسا. يەنە بىر قېتىم بۇرۇنقىدەكلا ياشىۋالسام بولىدى؛ ناۋادا بۇمۇ مۇمكىن بولمىسا، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ھۇزۇرلىنىش ۋە ئۇنى يېزىپ قويۇشتىن بۆلەك ماڭا پەيزى ئىش بولمىسا كېرەك.

دادام ناھايىتى ياش ئۆيلىنىپتىكەن ھەم 1682 - يىلى خوتۇنى ۋە ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ نيۇ - ئىنگلىيەندقا كۆچۈپ كەپتىكەن. ئۇ چاغدا قانۇن غەيرىي دىنىي يىغىلىشلارغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن دادامنىڭ بىر قىسىم يېقىنلىرى پاراكەندىچىلىكتىن قېچىپ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇققا كەتمەكچى بوپتۇ ۋە دادامنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتىشكە ئۈندەپتۇ. ئۇ ئۆزى ئىختىيار قىلغان دىندىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇققا كۆچۈپ كەپتۇ. خوتۇنى ئۇيەردە تۆت بالا تۇغۇپتۇ، يەنە ئىككىنچى خوتۇنىدىن ئون بالىلىق بولۇپ، ھەممە بالىسى 17 بوپتۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، دادام بىلەن بىز 13 بالا بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىناتتۇق. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى توي قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئەڭ كىچىك بالىسى، يەنى ئاخىرقى بالىسى. مەن نيۇ - ئىنگلىيەندىنىڭ بوستون دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

بەلكىم دادامنىڭ ئەھۋالىنى سېنىڭمۇ بىلگۈڭ كەلسە كېرەك. ئۇ بەستلىك، ئوتتۇرا بوي، ئۇستىخىنى كېلىشكەن، ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىق، رەسىم سىزىشقا ئۇستا، مۇزىكىنىمۇ خېلى چالالايدىغان، ناخشىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتالايدىغان ئادەم ئىدى. كەچكى تاماقتىن كېيىن ئىسكىرىپكىسىنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ھەممىمىزنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇۋالاتتى. ھۈنەرۋەنچىلىكتىمۇ قالتىس ئېپى بار ئىدى، ھەر قانداق ئۇستىكارنىڭ جابدۇقىنى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك ئەپچىل ئىشلىتەلەيتتى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ

ئارتۇقچىلىقى — ئومۇم بىلەن شەخسكە چېتىلىدىغان ئىشلاردا ناھايىتى ئوبدان ھۆكۈم چىقىرالايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىرەر ھۆكۈمەت ئورگىنىدىمۇ ئىشلەپ باقمىغان. چوڭ بىر ئۆينى باقىمەن، بالىلىرىمنى ئوقۇتىمەن دەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن بىر كۈنمۇ نېرى بولغان ئەمەس ئىدى. لېكىن شۇ ئىشلار ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، يەرلىك باشلىقلار دائىم ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە ئۆزلىرىگە قاراش-لىق چېركاۋلار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە، ھۆكۈملىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى. ئاممىمۇ بەزى جېدەل - تالاشلىرىنى ھەل قىلالماي قالسا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ بۇنداق ئىشلاردا ياخشى كېسىمچى ئىدى. ئۇ بىلىم-لىك ئاغىنىلىرىنى ۋە قولۇم - قوشنىلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇلار بىلەن داستىخاندا بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار پاراڭنى ھە دېگەندىلا ناھايىتى مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك تېمىلاردىن باشلايتتى ۋە بۇ ئارقىلىق بىزگە تۇر-مۇشتىكى ھەقىقىي گۈزەل، ئادالەتلىك ئىشلارنى تونۇتۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىز داستىخاندىكى تاماقلارغا قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتۇق، ھەتتا تاماق ئوخشىدىمۇ، ئوخشىمىدىمۇ، ئۇ بىز يەيدىغان تاماقمۇ، ئەمەسمۇ، شۇلارغىمۇ دىققەت قىلمايتتۇق. ئەگەر بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن بىرەرى، بايام نېمە يېدىڭ، دەپ سوراپ قالسا، شۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرەلمەي قالاتتىم. بۇ ئادەت كېيىن ماڭا سەپەرلەردە جىق ئەسقاتتى. سەپەرداشلىرىم تاماق ئاغزىغا تېتىماي ئېشتىي تۇتۇلۇپ ئولتۇرۇپ كەتسە، مەن پەرۋا قىلماي تاماقنى يەۋېرەتتىم.

ئاپامنىڭمۇ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆزىلا ئون بالىنى بېقىپ قاتارغا قاتقان. مەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان شۇ كېسەلدىن باشقا كېسەل بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان. دادام 89 يېشىدا، ئاپام 85

يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككىلىسىنىڭ يەرلىكى بوستوندا. مەن بىرنەچچە يىل ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە مەرمەر تاش تىكلەپ قويدۇم.

## 2

ئېھتىمال شۇ ۋاقىتلاردا بولسا كېرەك، مەن ئۆزۈمنى پەزىلەت جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈرەكلىك ھالدا بىر قىيىن پىلان تۈزدۈم. ھەر قانداق چاغدا ئۆزۈمدە گۈزەل پەزىلەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەر خىل نەپسانىيەتچىلىكلەردىن ۋاز كېچىشىم، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئاغىنىلىرىمنىڭ ئازدۇرۇشىدىنمۇ نېرى تۇرالىشىم كېرەك ئىدى. مەن نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئىشلارنىلا قىلالمايدىكەنمەن. مەن ئۆز پىلانىمغا تۇتۇش قىلغان چاغدا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەسلى ئويلىغىنىمدىن جىق قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئويلاپ باقسام مەن بىر خاتالىقتىن مىڭبىر جاپادا ساقلانغان چېغىمدا ئۆزۈممۇ سەزمەيلا يەنە بىر يېڭى خاتالىققا يول قويىدىكەنمەن. سەللا بىخۇدلۇق قىلسام، كونا ئادەت پىلانىمنى تۈيدۇرماي بۇزۇۋېتەتتى، بەزىدە ئەقلىم كۈچلۈك ھېسسىياتىمغا هاي بېرەلمەي قالاتتى. ئاخىر مەن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇرۇق خىيالغىلا تايانغىلى بولمايدىكەن. مۇقىم، ماسلاشقان، ھالال ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم كونا ئادەتنى تولۇق بۇزۇۋېتىپ، يېڭىچە بىر ياخشى ئادەتنى يولغا قويۇش كېرەك ئىكەن. مەن بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىرنەچچە تۈرلۈك ئۇسۇل ئويلاپ چىقتىم.

ئۆزۈم ئوقۇغان كىتابلارغا قاراپ باقسام، ئاپتورلار بىر

ياخشى ئاتالغۇنى ھەر خىل ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بەزىلىرى كېڭەيتىپرەك، بەزىلىرى تارايتىپراق چۈشەندۈرىدىكەن. مەسىلەن، «نەپسىگە ھاي بېرىش» نى ئېيتايلۇق، بەزىلەر ئۇنى يېمەك - ئىچمەك نۇقتىسىدىلا چۈشەندۈرىدىكەن، بەزىلەر بولسا ئۇنى ئويۇن ـ تاماشا، ھەۋەس، خۇمار، ئارزۇ، كەيپىيات، يەنى فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق جەھەتلەرگىچە كېڭەيتىپ، ئاچكۆز-لۇك، شۆھرەتپەرەسلىكمۇ شۇنىڭ چەكلىمە دائىرىسىدە بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. مەن بىر قاراپلا چۈشىنەلەيدىغان مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاتالغۇلارنى جىقراق ئىشلىتىپ ئۇنىڭ مەنىسىنى تارايتىش كېرەككى، ھەرگىز بىر ئاتالغۇنىڭ ئۈستىگە جىققىنا يۈك ئارتىپ قويماسلىق كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن تۈۋەندىكىدەك 13 پەزىلەتنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قاراپ، ھەر بىرىنىڭ كەينىگە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئېنىقلىما بەرگەنىدىم.

بۇ پەزىلەتلەرنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. نەپسىگە ھاي بېرىش ــ تاماقنى زىيادە يېمەسلىك، ئىچىملىكنى زىيادە ئىچمەسلىك.

2. كەم سۆزلۈك ــ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يېتىدىغان گەپ قىلماسلىق، ئېتىقسىز پاراڭ سالماسلىق.

3. تەرتىپلىك ــ نەرسە كېرەكلىرىنى سەرەمجان قويۇش، ئىشنى ئۆز قەرەلىدە قىلىش.

4. كەسكىنلىك ــ ئۆز زىممىسىدىكى ئىشنى ئورۇنداشقا قەتئىي نىيەت قىلىش، قارارىنى ئوڭاي ئۆزگەرتمەسلىك.

5. ئىقتىسادچانلىق ــ ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ پايدىسىز ئىشلارغا بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ ئىسراپ قىلماسلىق، ھەر قانداق نەرسىنى ئىسراپ قىلماسلىق.

6. ئەمگەكچانلىق ــ ۋاقىتنى قەدىرلەش، پايدىسىز، بىھۇدە ئىشلاردىن ساقلىنىش.

7. سەممىيلىك — خەقنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان ئىش قىلماسلىق؛ ئىدىيىدە ساپ، ئادىل بولۇش؛ دەلىل - ئىسپاتلىق گەپ قىلىش.

8. ئادىللىق — خەققە زىيانكەشلىك قىلماسلىق، ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىق.

9. مۇرەسسە قىلىش — چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش؛ كەڭ قورساق بولۇش.

10. پاكىزلىق — تېنىنىڭ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ۋە تۇرۇۋاتقان جايىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش.

11. كۆڭۈل ئازادىلىكى — ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ ياكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، ئادەتتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار تۈپەيلى كۆڭۈل ئارامىنى بۇزماسلىق.

12. پاكلىق — سالامەتلىكنى ئاسراش، ئەۋلاد قالدۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇش، شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلىپ كەتمەسلىك؛ ئىشرەتۋازلىق قىلىپ روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكتىن، سالامەتلىكتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆزىنىڭ ۋە خەقنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ۋە ئابرويىنى يوقاتماسلىق.

13. كەمتەرلىك — خىرىستوس ۋە سوقراتنى نەمۇنە قىلىش.

مېنىڭ مەقسىتىم بۇ پەزىلەتلەرنى ئۆز ئادىتىمگە ئايلاندۇرۇش ئىدى، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا مەن بۇنىڭدا بەش قولنى بىراقلا ئاغزىمغا تىقماي، تەدرىجىي ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم، ئاۋۋال بىرى بىلەن ھەپىلەشتىم، ئۇ ماڭا ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىگە تۇتۇش قىلدىم، شۇنداق قىلىپ بۇ 13 پەزىلەتنى ئاستا - ئاستا ئىگىلىمەكچى بولدۇم. بۇنىڭدا مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار: ئاۋۋال بىر پەزىلەتنى ئۆزلەشتۈرگەندە ئۇنىڭ كېيىنكى پەزىلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكىمۇ پايدىسى بولىدۇ. مەن مۇشۇ

كۆز قارىشىمغا ئاساسەن ئۇلارنى رەتكە تىزدىم. ئەڭ ئاۋۋال قاتارنىڭ بېشىغا «نەپسىگە هاي بېرىش» نى قويدۇم. چۈنكى مەن نەپسىمگە هاي بېرەلىگەندىلا، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان سەگەك كاللىغا ئىگە بولالايتتىم؛ كونا ئادەتلىرىمنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈپ قېلىشىدىن، باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشتا هەر قاچان هوشيار تۇرالايتتىم. ئەگەر مەن ئۆزۈمگە هاي بېرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلىسەم، ماڭا «كەم سۆزلۈك» بولۇش ئۇڭايغا توختايتتى. مېنىڭ ئۆزۈمدە پەزىلەت يېتىشتۈرۈش داۋامىدا بىلىمىمنى چوڭقۇرلىتىش ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى. سۆزلەشكە قارىغاندا ئاڭلاشتىن تېخىمۇ جىق بىلىمگە ئىرىشكىلى بولىدۇ-دە. شۇڭا مەن هەدېسىلا سۆزلەپ كېتىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك. بۇرۇن بىكار تەلەپ ئادەملەرنى ئەتراپىمغا يىغىۋېلىپ تېتىقسىز، چاقچاق پاراڭلارنى قىلىشقا ئامراق ئىدىم. شۇڭا «كەم سۆزلۈك» نى ئىككىنچى ئورۇنغا تىزدىم. «تەرتىپلىك» بولۇشنى ئۇنىڭ كەينىگىلا قويدۇم. چۈنكى، تۇرمۇشنى مەلۇم بىر تەرتىپكە سالغاندا، ئۆگىنىشكە ۋە پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ جىق ۋاقىت ئاجراتقىلى بولىدۇ. «كەسكىنلىك» ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندە، يۇقىرىقىدەك ئارزۇلارغا يېتىدىغان ئىرادەمنى چىڭىتقىلى بولىدۇ. «ئىقتىسادچانلىق» بىلەن «ئەمگەكچانلىق» مېنى قەرز بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپلا قالماستىن، يەنە باي، مۇستەقىل شارائىتقا ئىگە قىلىدۇ، بۇنىڭ «سەمىمىيلىك» ۋە «ئادىللىق» لارنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا جىق پايدىسى بار. ئۇ چاغلاردا مەن پىفاگورنىڭ ① «ئالتۇن شېئىر» دىكى نەسىهەتلىرىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۆزۈمنى هەر كۈنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تەكشۈرۈپ چىقاتتىم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە ئۇسۇل قوللانغان:

---

① پىفاگور — يۇناننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 497 - يىللاردا ۋاپات بولغان پەيلاسوپى ۋە ماتېماتىكا ئالىمى.

ئۆزۈم بىر دەپتەر ياسىۋالدىم، ھەربىر پەزىلەت بىر بەتنى ئىگىلىدى. ھەر بىر بەتكە قىزىل قەلەم بىلەن ھەر بىرى بىر كۈنگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يەتتە تىك سىزىق سىزدىم، ئاندىن توغرىسىغا يەنە 13 سىزىق سىزىپ، ھەر بىر توغرا سىزىقنىڭ بېشىغا ھەر قايسى پەزىلەتلەرنىڭ باش ھەرپىنى يېزىپ قويدۇم. ھەر كۈنى ئۆزۈمنى تەكشۈرگەندە بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى سەزسەملا، شۇنىڭغا ئالاقىدار كاتەكچىگە بىر قارا بەلگە ئۇرۇپ قويدۇم.

مەن بىر ھەپتىدە بىر پەزىلەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. بىرىنچى ھەپتىسىدە پەقەت «نەپسىگە ھاي بېرىش» قا خىلاپ كېلىدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشقىلا تىرىشتىم، باشقا پەزىلەتلەرگە بولسا بەكمۇ يېپىشىۋالمىدىم، لېكىن ئۇ جەھەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم بولسا، ئاخشىمى دەپتەرگە تىركەپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدىم. شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئەگەر «نەپسىگە ھاي بېرىش» دېگەن كاتەكچىگە ھېچقانداق بەلگە چۈشمىگەن بولسا، دېمەك، بۇ جەھەتتە خېلى ئىلگىرىلەپتىمەن، نەپسىمگە خېلى ئىگە بولالايدىغان بوپتىمەن، دەپ ئويلاپ، دىققەت-ئېتىبارىمنى ئىككىنچى پەزىلەتكە قارىتىپ، ئىككىنچى ھەپتىدە ئىككى كاتەكچىگە داغ تەگكۈزمەسلىككە تىرىشتىم. مۇشۇ بويىچە قىلسام، 13 ھەپتە بىر قارار، يەنى بىر يىلدا تۆت قارار بولىدىكەن. بۇ ئۇسۇل خۇددى گۈلچىنىڭ گۈللۈكلىرىنى ئوتىغىنىغا ئوخشايدۇ. بارلىق ئوت - چۆپنى بىراقلا ئوتۇۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ناھايىتى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭغا جانمۇ توشمايدۇ. شۇڭا گۈللۈكلەرنى ئاۋۋال كۆڭۈلدە بىر رەتكە تىزىۋېلىپ، بىرىنى ئوتاپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىنى باشلايدىغان گەپ. مەن بۇ ئىشنى بىرنەچچە مەزگىل يولغا قويغاندىن كېيىن كاتەكچىلەرگە چۈشكەن بەلگىلەر يوقسا، بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ

تېخىمۇ تىرىشسام، ئاخىر بىر كۈنى ھېچقانداق بەلگە چۈشمە-
گەن دەپتەرنى كۆرسەم، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم.

مەن بۇ ئىشنى ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ تۈرۈش ئۈچۈن قىلغان. ئارىدا بىر مەزگىل ئۈزۈپ قويغان بولساممۇ، لېكىن مەلۇم ۋاقىت ئۈزۈل - كېسىل قىلدىم. قاراپ باقسام كەمچىلىكلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئويلىغاندىنمۇ كۆپ ئىكەن، شۇن-داقتىمۇ خۇشال بولىدىغان يېرىم شۇكى، ئۇ كەمچىلىكلىرىمنى ئازايتتىم. دەپتەرنى بىر مەزگىل ئىشلىتىپ توشقاندىن كېيىن ئىچىدىكى بەلگىلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يەنە قايتا ئىشلەتتىم، تولا ئۆچۈرۈۋېرىپ ئاخىر قەغەزلىرىمۇ تېشىلىپ كەتتى. دەپتەر ئالماشتۇرۇشتىن قېچىپ خاتىرىنىڭ يىل چىشى رەڭگىدىكى قېلىن قەغىزىگە ھېلىقى جەدۋەلنى قىزىل سىياھ بىلەن سىزدىم، كاتەكچىنىڭ ئىچىنى تولدۇرغاندا قېرىنداش ئىشلەتتىم، كېيىن دەپتەر توشقاندا ئۆچۈرگۈچ بىلەن بىرلا ئۆچۈرسەم قېرىنداشنىڭ ئىزى چىقىپ كەتتى. ئارىدا مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشنى يىلدا بىر قېتىم، كېيىن بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم قىلىدىغان بولدۇم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا دائىم چەت ئەللەرگە خىزمەتكە چىقىدىغانلىقىم ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىم-نىڭ جىقلىقى تۈپەيلى بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتىم، شۇنداقتىمۇ ھېلىقى دەپتەرنى يېنىمدىن ئايرىپ باقمىدىم.

نەۋرىلىرىمىز شۇنى بىلىشى كېرەككى، مەندەك بوۋىسىنىڭ 79 ياشقا كىرىپمۇ بۇنداق كىتابنى يېزىپ چىقالىشى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئاشۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلالىغانلىقىدىن ۋە خۇدانىڭ مەرھەمىتىدىن بولغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا بىرەر پالاكەتكە ئۇچرامدىم - يوق، بۇ پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. ئەگەر ھەقىقەتەن بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسام، بۇرۇنقى خۇشاللىق ئەسلىمىلىرىم مېنىڭ ئۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمغا ياردەم قىلالايدۇ. نەپسىمگە ھاي بېرە-

لىگەنلىكىم ئۈچۈن سالامەتلىكىم جايىدا، ھېلىغىچە بەقۇۋۋەت ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئەمگەكچانلىقىم، ئىقتىسادچانلىقىم تۈپەيلى تۇرمۇشۇم باياشات بولۇپ نۇرغۇن بايلىقمۇ ئېرىشتىم. بىلىمگە ئىنتىلىش ئارقىلىق، يارامىلىق ئادەم بولۇپ ئالىملار ئارىسىدا خېلى شان - شۆھرەتكە ئېرىشتىم. مەن يۇقىرىدىكى پەزىلەتلەردە گەرچە ئۆزۈم ئويلىغاندەك مۇكەممەل دەرىجىگە يېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن شۇنىڭ تەسىرىدىن تەمكىنلىككە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم، كىشىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان بولدۇم. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ياشلارمۇ مەن بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ئامراق. شۇڭلاشقا مەن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمدىن مېنى ئۈلگە قىلىپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

# باكون (1561 — 1629)

## ئائىلە توغرىسىدا

باكون — ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ، ھازىرقى زامان تەجرىبە پەنلىرىنىڭ بوۋىسى. ئۇ مۆھۈردار، ئالىي سودىيە بولغان. مەدرىس پەلسەپىسىگە قارشى تۇرۇپ، بۇتلارنى چېقىشنى، بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىشنى قۇۋۋەتلىگەن، تەبىئەت ماددىدۇر، ھەرىكەت ماددىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىك دەپ قارايدۇ. بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر، دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان، بارلىق بىلىملەرنىڭ مەنبەسى تۇيغۇ دەپ تەكىتلىگەن، يىغىنچاقلاش قانۇنى ھەقىقەتنى بايقاشنىڭ يولى، قوش ھەقىقەت نەزەرىيىسىنى تۇتۇش لازىم، ئىلىم - پەن بىلەن ئىلاھىيەتشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق داۋلىسى بار، دەپ ھېسابلىغان.

ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھەرخىل خۇشاللىقلىرىنى، پەرىشانلىقلىرىنى ۋە تەشۋىشلىرىنى يوشۇرۇشى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پەرىشانلىقلىرى بىلەن تەشۋىشلىرىنىمۇ دېمەسلىكى كېرەك. جاپا - مۇشەققەت ئۇلارنى ھالاۋەتكە يار قىلسا، بەختسىزلىك كۆلپەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يۈكى كۆپەيسە، ئۆلۈمگە بولغان ۋەھىمىسى يەڭگىللەيدۇ.

ھايۋانلارمۇ ئەۋلاد قالدۇرۇپ نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن شان - شۆھرەت، تۆھپە ياراتماق ۋە مېھرىبان بولماق، ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن سىجىل شۇغۇللانماق ئىنسانغىلا خاس. ئەمما بەزىلەر نېمىشقا ئەۋلاد قالدۇرماي، ئەجىر - تۆھپىلىرى بىلەن مۇبارەك ناملىرىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن كېتىدۇ؟ ئۇلار گەرچە ئۆزىگە ئوخشاش بىر تەننى ئاپىرىدە قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ روھىغا ئوخشاش بىر خىل روھنى ئاپىرىدە قىلغان. دۇنيادىن نەسىل قالدۇرماي كەتكەن بۇنداق كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر. ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى چوڭ. چۈنكى ئۇلار پەرزەنتلىرىنى جەمەتىنىڭ ۋارىسى ئەمەس، بەلكى ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىدۇ.

ئاتا - ئانا بولغۇچى، بولۇپمۇ ئانىلار ھەمىشە پەرزەنت- لىرىگە ئورۇنسىز ئامراقلىق قىلىدۇ. سورۇمېن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەقىللىق بالا دادىسىغا شادلىق ئاتا قىلسا، نادان بالا ئانىسىنى ئۇياتقا قويىدۇ» دېگەن. ئائىلىلەردە بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىلەن ئەڭ كىچىكى ئالاھىدە ئەتىۋار- لىنىشى مۇمكىن. قالغان بالىلار ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ يارامىلىق بالا شۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

پەرزەنتلەر كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا تولىمۇ بېخىل بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا، باللار پەسكەش، پۇرسەتپەرەس ھەتتا رەزىللىشىپ كېتىشى، كېيىن مال ـ دۇنيالىق بولۇپ قالغاندا، مال ـ دۇنيانى جايىغا ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەقىللىق ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. پۇل خەجلەشكە كەلگەندە پۇلنىڭ كۆزىگە بەكمۇ قاراپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى ھامان ياخشى بولىدۇ.

ياش ـ قۇرامىغا يەتكەنلەر بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىلارنى رىقابەتكە سېلىپ قويماسلىقى لازىم. ئۇلار كېيىن بىر ـ بىرىگە رەقىب بولۇپ قالىدۇ، چوڭ بولغۇچە ئىناق ئۆتمەيدۇ.

ئىتالىيىلىكلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىدا پەرزەنتلەر بىلەن جىيەنلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىل سىغمايدۇ. بۇ ئادەت قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى بۇقائىدە تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋەتكە تولىمۇ ئۇيغۇن. تالاي جىيەنلەر ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرىنى تارتماي، تاغىلىرىنى تارتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمەت نىشانىنى ئويلىغان ھالدا تەربىيىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بۇ چاغدا ئىجادچان كېلىدۇ. بىراق شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، باللارنىڭ باللىق چېغىدا ياخشى كۆرگەن ئىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياقتۇرۇپ قېلىشى ناتايىن. ناۋادا بالىدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تالانت بولسا، تالانتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكى ماۋۇ ھېكمەتلىك سۆز تولىمۇ پايدىلىق. «ئۇزۇن مۇددەتلىك ماسلىشىش مۇشكۇلنى ئاسان قىلىدۇ» يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن گۆدەك باللار كۆپ ھاللاردا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق روناق تاپىدۇ. ئىرىكتاپلارنىڭ ئىچىدىن چوڭ ئىش تەۋرىتىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز چىقىدۇ.

## مۇنتەينى (1592 — 1533)

# تەلىم - تەربىيىدە بارلىق تەن جازاسىغا ئېتىراز بىلدۈرىمەن

مـۇنـتەينى — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە ئۆتكەن فرانسىيىلىك مۇتەپەككـۇر ۋە پروزىـچى، ئۇ كاسكېن ۋىلايىتىدىكـى بىر يېڭـى ئاقسۆڭـەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، لاتىن تىلىغا پىششىق، قەدىمىي گرېك، رىم تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ياد ئالغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوت باشلىقى ۋە شەھەر باشلىقى بـولـغـان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «خاتىرىلەر» ناملىق نەسىرلەر توپلىمىدۇر. XVI ئـەسىردىكى تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرى ۋە بىلىملەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ مۇكەممەل ئەسەر — نەسىرنىڭ مۇستەقـىـل ژانىر سۈپـىـتىدە فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ئاساس سالغان ھـەمـدە بېكون، شېكسىپىر ۋە فرانسىيىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، مۇتەپەككۇرلارغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

يۈمران قەلبلەرنى پەرۋىش قىلىشتا بارلىق تەن جازا-
لىرىغا ئىتىراز بىلدۈرىمەن، قەلب — شان - شۆھرەت ۋە
ئەركىنلىك ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. مەجبۇرلاش بىلەن بېسىشتىن
ئېغىزغا ئالغۇسىز قۇللۇقنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. مەن ئويلايمەن،
ئىدراك، ئەقىل - پاراسەت ۋە چەبدەسلىك قىلغىلى بولمايدى-
غان ئىشتا، تاياق كۆچىگە تايىنىپ تېخىمۇ چوڭ ئۈنۈمگە
ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئاتا - ئانام مېنى مانا مۇشۇنداق
تەربىيىلىگەن. كۆپچىلىك دەپ باقسۇن، مەن كىچىكىمدە
ئىككىلا قېتىم تاسما يېگەن. تاسما بەدىنىمگە ناھايىتى يېنىك
تەگكەن. بالىلىرىمغىمۇ ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ
كەلدىم. لېكىن بالىلىرىم مۇشتەك تۇرۇپلا چاچراپ كېتىشتى.
تەلىيىمگە بىردىنبىر قىزىم — لىئونورلا تۇرۇپ قالدى.
ئۇ ئالتە ياشتىن ئاشقاندا مەيلى ئۇنى باشلاي ياكى سەۋەن-
لىكى ئۈچۈن جازالاي، كايىپ قويۇش بىلەن چەكلىنەتتىم.
(ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ سەۋەنلىكىگە كەڭ قورساقلىق قىلىشى
ناھايىتى تەبىئىي) ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلەپچۈزۈم بەك بوش
چىقاتتى. ئۇسۇلۇمنىڭ توغرىلىقىنى، مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى
بىلەتتىم. قىزىم مېنىڭدىن قورقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي
قالغاندىمۇ، قوللانغان ئۇسۇلۇم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىك
سانىمايتتىم. بۇنىڭ باشقا بەلگىلىك سەۋەبلىرى بار. ئوغلۇم
بولغان بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان
بولاتتىم. چۈنكى ئوغۇل بالا قىز بالىغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ
خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس. ئورۇن جەھەتتىن
ئوغۇل بالا كۆپ ئەركىن. مەن ئوغلۇمنىڭ قەلبىنىڭ ئەركىنلىك
ۋە مۇستەقىللىق بىلەن تولغان بولۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ
قىلاتتىم. قامچا بىلەن تەربىيىلەش بالىنى تېخىمۇ توخۇ يۈرەك
قىلىۋېتىدۇ ياكى ئۇنى رەزىللىكتە چىڭ تۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇم كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

بالىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكۈمىز كېلەمدۇ؟ بالىلارنىڭ بىزنىڭ ئۆلۈمىمىزنى تىلەيدىغان ئوي پىكىرلەردە بولۇشىنى خالىمايمىزغۇ؟ (بالىلاردىكى بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىستەك نورمال بولمىغان ئىستەك. بۇنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ) بىز بالىلىرىمىزنى ئىمكان قەدەر كۆڭۈللۈك ۋە مۇۋاپىق تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

مەرھۇم مارشال مونلۇك ئەپەندىمنىڭ بىر ئوغلى مادېرا ئارىلىدا قازا قىلىپ كەتكەنىدى. تەگدىشى يوق بۇ باتۇر بەگزادە دادىسىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىد چىرىغى ئىدى. مونلۇكنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئۇ ئوغلى بىلەن ھېچقاچان پىكىر ئالماشتۇرۇپ باققان ئادەم ئەمەس ئىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئوغلىدىن زوقلىنىش ھەم ئۇنى چۈشىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىمكانىيىتىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مونلۇكنىڭ ئۆزىنى ئەتەي سۈرلۈك تۇتىدىغان دادىلىق خاراكتېرى سەۋەبچى بولغان. كېيىن ئۇ شۇ قەدەر ئازابلانغان ھەم شۇ قەدەر ئىچ ئاغرىقى تارتقان! بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆكۈنۈشلۈك ئىش. ئۇ سۆزلەپ كېلىپ:

— بىچارە ئوغلۇم، مېنىڭ مىجەزىمنىڭ قوپال ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىنى مەنسىتمەيدىغانلىقىمنىلا بىلەتتى. مېنى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ بىلەتتى. پەزىلىتىنى توغرا پەرەز قىلالايدىغانلىقىمدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئوغلۇمغا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا بىر كىشىلىك مۇھەببەت بار ئىدى. بۇنى ئىزچىل يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. زادى كىم ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم؟ بۇ مۇھەببەتتىن تولۇق بەھىر

ئېلىشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئادەم دەل شۇ ئەمەسمىدى؟ مەن بۇرۇن جانغا ئەسقاتمايدىغان نىقابنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان ـ جەھلىم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، جېنىمنى قىيناپ كەلگەنىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش لەززىتىدىن ھەم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى تولىمۇ سوغۇق ئىدى. چۈنكى ئۇ مەندىن پەقەت قوپال مۇئامىلىگىلا ئېرىشەتتى. ۋۇجۇدۇمدىن مۇتتەھەملىكنىلا ئۆگىنەتتى، — ئۇ ماڭا مۇشۇنداق دېگەنىدى.

مېنىڭچە، ئەپسۇس — نادامەتكە تولغان بۇ گەپلەر ناھايىتى ياخشى دېيىلگەن. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئورۇنلۇق.

## سەنماۋ (1943 — 1991)

# مەڭگۈلۈك ئانا

سەنماۋ — ئەسلى ئىسمى چېن پىڭ، تەيۋەنلىك ھازىرقى زامان مەشھۇر ئايال يازغۇچى. جېجياڭلىق، سىچۈەندە تۇغۇلغان، تەيۋەن داشۆسىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كېيىن ئىسپانىيىنىڭ مادرىد داشۆسىدە، غەربىي گېرمانىيىدىكى «گيوتى» نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا، ئامېرىكىنىڭ چېكاگو شەھىرىدىكى ئىلىنو داشۆسىدە ئەدەبىياتنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «سەھرايى كەبىر ھەققىدىكى ھېكايىلەر»، «ئوقۇش خاتىرىسى» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلىرى «قايناق ھايات» ناملىق دراممىسى، «كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەن چاغ» ناملىق ئاخباراتلار توپلىمى بار. ئۇ 1991 - يىلى 4 - يانۋاردا تەيبېيدىكى «رونگمىن» باش دوختۇرخانىسىدا ئۆلۈۋالغان.

يازغۇچى تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن چەت ئەللەردە 20 يىلدىن ئارتۇق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ تەيۋەنگە، يەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ساپ مۇھەببەتكە تولغان «مەڭگۈلۈك ئانا» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يازغان.

مېنىڭ ئاپام ــ لېي جىنلەن خانىم. ئۇ 19 يېشىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى دادام بىلەن تېپىشىپ قالغان. بۇ شاڭخەيدە بولغان ئىش. شۇ چاغدا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتكەنىكەن.

يېرىم مەدەنىي تۇس ئالغان بـاردى ـ كەلدى بىر يىل داۋام قىلىپ، ئاپام 20 ياشقا كىرگەن چاغدا، جۇ جياڭ داشۆ-سىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋېدىغان پۇرسەتتىن ۋاز كېچىپ، دادامغا تېگىپ ئائىلە ئايالى بولغانىكەن

ئاپام تـوي قىلىشتىن بۇرۇن ئاتالمىش «ئەجنەبىيلەر مەكتىپى» دە تەربىيىلەنگەن هازىرقى زامان خېنىمى ئىكەن. شوخ هەم تېتىك بولغاچقا، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋاسكېتبول كوماندىسىغا قاتنىشىپ، بىك بولغان.

ئاپام دادامغا تەگكەن شۇ يىلى، دادام دۈشمەن ئىشغا-لىيىتىدىكى رايوندا ياشاشنى خالىماي، ئېغىر ئاياق ئاپامنى ۋاقىتلىق تاشلاپ، ئارقا سەپتە ئادۋوكاتلىق كەسپىنى قىلىش ئۈچۈن يالغۇز چۇڭچىڭغا كەتكەن. شۇ يىلى دادام 27 ياشتا ئىكەن.

ئاچام شاڭخەيدە تۇغۇلغاندىن كېيىن بوۋام بىلەن مومام ئاپامنى ئارقا سەپكە بېرىپ دادام بىلەن جەم بولۇشقا دەۋەت قىلغان. ئاپام يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، 21 يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن، شۇنداقلا ئۆزى چوڭ بولغان ئۆيىدىن مەڭگۈ ئايرىلغان.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئاپام يېشىغا توشمىغان ئاچامنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ شاڭخەيدىن چۇڭچىڭغا قانداق بارغانلىقىنى هېكايە قىلىپ ئېيتىپ بەرسە، بىز ئاڭلاپ زادىلا زېرىكمەيتتۇق. ئاپامنىڭ شۇ چاغدىكى روهىي ـ هالىتىنى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي، يىراق

ئۆتمۈشتىكى بۇ ئىشقا قىزىقارلىق ھەم كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان قاراملىقنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلاتتۇق.

ئاپام بارغۇچە، دادامنىڭ تاغىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئايالى ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىرى (مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىللىرىم) چۆچەككە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاپام خوتۇن ھەم ئانا بولۇپلا قالماي مۇرەككەپ بىر چوڭ ئائىلىدە ياشاپ ئادەم بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىغان.

ئاپام گەرچە بۇ چوڭ ئائىلىدە قېيىن ئاپا كۆرمەي ياشىغان بولسىمۇ، «ئانىنىڭ ئورنىنى يەڭگە باسىدۇ» دېگەندەك قېيىن ئاغىسىنىڭ ياشىنىپ قالغان قېيىن ئاپا ئورنىدىكى مەزلۇمى بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئۆتۈپ، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ياش ئاپام مىجەز - خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، ياشلىقىنى بارا - بارا يوقاتقان.

ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىدە تەيۋەنگە بېرىپ، مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئاندىن ئۆي ئايرىش بولدى. بۇنى ئۆي ئايرىش دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مال - مۈلۈكلىرى قالمىغانىدى. بىز چوڭ ئائىلىدىن ياپون پاسونىدا سېلىنغان كاتەكتەك ئۆيگە كۆچتۇق.

يېڭى ئۆيىمىزدە بىر بامبۇك ئۈستەل، بىرنەچچە بامبۇك ئورۇندۇق، بىر يوغان بامبۇك كارىۋات بار ئىدى. بارلىق بىساتىمىز مۇشۇ ئىدى. ئۆي كۆچكەن كۈن خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى ئاپام ھەرقايسىمىزغا سومكىلىرىمىزنى ئېسىشىمىزنى تاپىلىدى. دادام بىر رىكشا يالالاپ، رىكشىغا ئازغىنا كېيىم - كېچەك بىلەن يوتقان - كۆرپىلەرنى باستى. ماڭىدىغان چاغدا ئاپام بىر قولىدا ئىنىمنى يېتىلەپ، يەنە بىر قولى بىلەن دادامغا ياردەملىشىپ، رىكشىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ چوڭ ئاپامغا ئېگىلىپ پەس ئاۋازدا:

— چەن رۇەن، ئەمىسە بىز ماڭدۇق.

ھېلىمۇ يادىمدا، ھەممىمىز جەم بولۇپ ھەر قېتىم بامبۇك ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئۆيىدە تاماق يېگەن چېغىمىزدا ئاپامنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچىلا چاقناپ كېتەتتى. يېۋاتقىنىمىز گەرچە قۇرۇق سۇغا سالغان چۆپ بولسىمۇ، بىراق ئاپامنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە پاتماي قالغان خۇشاللىقلىرىدىن بالىلارنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ مەنىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولاتتىم.

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا ئاپامنىڭ چوڭ ئائىلىدە ئېچىلىپ ياكى تۇتۇلۇپ قالغان چاغلىرىنى كەمدىن كەم كۆرەتتىم. چىرايى ھەرقاچان خاتىرجەم ئىدى. ئاشۇ خاتىرجەملىكىنىڭ كەينىگە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان تېگىرقاش يوشۇرۇنغا-نىدى. بۇنى ئاپام دېمىگەن ھالەتتىمۇ بىلەتتىم. ئۇنىڭ دىلى ئۇزۇك ئىدى.

دادام ئىزچىل تۇردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا بىز ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتۇق ھەتتا ئۇنىڭدىن قورقاتتۇق. دادام ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايتتى ۋە ئاسان كۈلمەيتتى. لېكىن دادىلىق بۇرچىنى ئادا قىلاتتى. بىزگە ئىچىدە كۆيەتتى. بىرەرىمىز چۈشكۈرۈپ قالساق، دادام قايسىلا ئۆيدە بولسۇن، شۇ ئۆيدىن دادام «كىمۇ؟» دەپ توۋلايتتى. كېيىنگە جاۋاب بەرسەكلا، چىقىپ قاينىماق سۇ ئىچكۈزۈپ، قېلىنراق كىيىنىشىمىزنى تاپىلايتتى. دادام ئاپامغىمۇ بەزىدە شۇن-داق سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. كۆپ پاراڭ قىلمايتتى. ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىدىمۇ دادامنىڭ قىزغىنراق بولۇپ باققانلىقىنى بىلمەيمەن. ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، دادام بىلەن ئاپام ياخشى ئۆتەتتى. بىز تۆتەيلەنگە كۆيەتتى.

تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىز تۆتىمىز خۇددى تېز سۇرئەتتە يوغىنىغان كۆچەتتەك چوڭ بولدۇق. شۇ كۈنلەردە

ھاياتلىق ئاپامغا خۇددى نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلغاندەك ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى ئاۋازى بارغانسېرى ئۇرغۇلۇق چىقىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ دەۋرلەر ئاپامنىڭ ئاستا - ئاستا ئىشەنچىگە ۋە ئىستىقبالغا ئىگە بولغان دەۋرلىرى ئىدى.

مەن داشۆدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاپامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، قەدىر - قىممىتىنى يەنە بىر نۆۋەت باھالاپ، ئاندىن بىلگەنىدىم. ھېلىمۇ يادىمدا، ھەر دورەم مەكتەپتىن كەلسەم، ئاپام ھامان ئاشخانىدا بولاتتى. بىر قېتىم ئاپامدىن: «ئاپا، سىز نېتشىنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىدىم. ئاپام بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن يەنە: «ئەمىسە شوپېنخاۋېر، كانت ۋە ساتىنچۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا گېگېل، دېكارت، چىركىگولىنچۇ؟... بۇ پەيلاسوپلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەمسىز؟» دېدىم. ئاپام يەنىلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئارقىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ ئاپام مۇشۇنداق بىر ساۋاتسىز ئايال ئىكەنغۇ دېگەن تۇيغۇدا خورسىنىپ بىر پەس تۇرۇپ كەتتىم. سەل ئاچچىقىم كەلدى. «ئوقۇسىڭىز بولمامدۇ!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئاۋازىمنى قورۇما قورۇۋاتقان ئاپامنىڭ قولىدىكى ساپلىقىنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى. كىتابلىرىمنى ھۇجرامغا ئەكىرىپ قويدۇم. ئاپام: «تامىقىڭنى يە، بۈگۈن سەن ئامراق قورۇمىنى قورۇدۇم» دەپ مېنى چاقىردى.

ئاردىن يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر ئۆي بېشىمغا كىيىلىپ، ئاپامغا ئوخشاش ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغان چېغىمدا، ساپلىقنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاپامغا بىھۆرمەتلىك قىلغان ياشلىق چېغىمدىكى ئاشۇ مىنۇتلارنى ئويلايتتىم. بۇ چاغدا پۇشايمان ئالدىغان قاچا تاپالماي ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كېتەتتى.

ئاپام شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن باشقا ھېچقانداق دۆلەتكە بېرىپ باقمىغانىدى. سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا دادام ئىككىسى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مېنى ۋە نەۋ-

رىسىنى كۆرگىلى ياۋروپاغا باردى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاپام شۇ نۆۋەت ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى تارتىۋالدى. نەۋرىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت چاچراپ كېتىشى بىلەن دادام ئىككىسىنىڭ چاچلىرى بىر كېچىدىلا ئاقىرىپ كەتتى. يەنە كېلىپ قېرىشقاندەك ئانا ــ بالا ئايرىلىپ 13 يىلدىن كېيىنكى تاۋۇز چاغىمىدا ئائىلىمىزنىڭ سۆيۈملۈك بىر ئەزاسىنى يەرلىككە قويدۇق. بۇ ھەرگىزمۇ ئاتا ــ ئانامنى ئازابلاش ئۈچۈن قەستەن قىلىنغان ئىش بولمىسىمۇ، ئاتا ــ ئانامنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن ئاشۇ چاچلىرىنى ئويلىسام، كۆز ياشلىرىم كۆڭلۈمنىڭ ئېتەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ.

ۋەتەندىن ئايرىلغىنىمغا 20 يىل بولغان كۈنى، ئاخىرى ئاتا ــ ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئاپاممۇ، داداممۇ ھەر ئىككىلىسى قېرىپتۇ. مەن بالىسى تۇرۇپ ئاپامنىڭ قولىنى سۇۋۇتۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، پارچە ــ پۇرات ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يەنىلا ئاپامنى ئاۋارىچىلىققا سالدىم. گەرچە شۇنداق دېيەمۇ، لېكىن دادام ئىككىسىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى مەن ئىدىم. بۇنىسى ئېنىق. شۇ تاپتا ئىككىسىگە ئەڭ كۆپ خۇشاللىق يېتىشى ۋە ئەڭ زور شادلىق ئاتا قىلىدىغان مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

ئاپامنىڭ ھاياتى قارىماققا ئاددىيدەك قىلغىنى بىلەن، لېكىن ئۇلۇغ ئىدى. دادام بىللە ئۆتكەن 40 يىل داۋامىدا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ۋايساپ باقىنىنى كۆرمىدىم، خاپىلىق ئۇنىڭغا يات ئىدى. ئۇ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە، قەتئىيلىكىدىن شۇنداق ئىدى. ئاپام 40 نەچچە يىلدىن بېرى پىداكارلىق بىلەن ياشىدى. ئۇ گويا يوغان دەرەختەك ھەرقانداق بوران ــ چاپقۇنلاردا دادام بىلەن بىز تۆتەيلەننى ھىمايە قىلدى. ئۇ ھېچقاچان دادامنى ياخشى كۆرۈش توغرىسىدىكى گەپ ــ سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى. ئەمما دادام كەچلىك تاماققا ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىسە، ئۇ ھەمىشە بىز-

نىڭ تامىقىمىزنى بېرىۋېتىپ، دادامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۆزى ئاچ ئولتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

ئاپامنىڭ پۇتى كۆزگە كۆرۈنمەس لېنتا بىلەن باغلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاشخانا بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈشىگە يەتكۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى لېنتا ئىدى. ئىشىككە گەرچە قۇلۇپ سېلىنمىغان بولسىمۇ، قەلبىدىكى مۇھەببەت ئۇنى بىر ئۆمۈر ئۆيگە سولىنىپ ئۆتۈشكە رازى قىلدۇرغانىدى.

ئاپام ئۆزىنىڭ دادامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ دادامنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن چوڭقۇر دەپ قارايتتى. مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىناتتىم. ھەتتا كىچىك ۋاقتىمدا بىر قېتىم ئاپام خورسىنىپ تۇرۇپ: «داداڭلار مېنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاپام بىزنى كىچىك چاغلاپ شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك. ئاپام بۇ گەپنىڭ ئۆمرۈمنىڭ تېگى ئۆتۈپ كەتكۈچە، قەلبىمگە مىختەك ئورناپ قالىدىغانلىقىنى، قومۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان شۇ مىخنىڭ قەلبىمنى ئازابلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغان بولسا كېرەك.

توققۇز يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن. كىچىك ئىنىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى — قۇتلۇق مەرىكە تەنتەنىسى ئىچىدە باشلاندى. شۇ كۈنى دادام ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا دادىللىق سۈپىتىدە گەپ قىلدى. سورۇن ئەھلى تىنچلانغان چاغدا دادام ئەڭ كىچىك ئوغلىغا — يىگىتكە قاراپ تەبرىك سۆزىنى باشلىدى.

دادامنىڭ نېمە دېيىدىغانلىقىدىن ئاپام بىخەۋەر ئىدى. دادام سۆزىنى ناھايىتى تەسىرلىك باشلاپ، ئوغلىنىڭ تويىغا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە دوست - يارەنلىرىگە رەھمەت ئېيتتى. ئاخىرىدا ئۇ سۆزىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ: «شۇنىڭ بىلەن ئايالىمغىمۇ كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ بولمىسا، سەمىمىي، دۇرۇس تۆت پەرزەنتكە ئىگە بولالمايتتىم

شۇنداقلا، كۆڭۈللۈك ئائىلىگىمۇ ئېرىشەلمەيتتىم...» دېدى.

دادام سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئاپامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ سورۇن ئەھلىگە پەرۋاقىلماي كۆزيېشى قىلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزلىرى ياش ھالدا دادامنىڭ گېپىگە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى. مەن ئىشىنىمەن، ئاپامنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جاپاسىنىۋە قىلغان ئەجرىسىنى ئاخىرى دادام مۇئەييەنلەشتۈردى. چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە يىغلاۋاتقان ئاپامنىڭ شۇ تاپتا ھاردۇقى چىققاندى. ئۇنى دادامغا مۇھەببەت قويغانلىقىغا ھەرگىز ئۆكۈنمەيدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. كۆڭلىنى ئاسان ئىزھار قىلالمايدىغان دادام كىچىك ئىنىمنىڭ توي، مەرىكىسىدە ئائىلىسىگە بولغان مۇھەببىتىنى بىر ئۆمۈر دېمەي كېلىپ، بۈگۈن بىراقلا دەۋەتكەندى.

بىرنەچچە كۈن بولدى، مەن ھەر دورەم كەچلىك تاماقتا ئولگۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن سىرتتىن ئالدىراش ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئاپامنىڭ ئۆمۈر بويى ساپلىق تۇتقان قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ قولى بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ ئۆيىمىزنى پىرقىرىتىپ كەلگەنىدى. بېلىدىكى ئاشۇ پەشتامبالنى بېلىگە تارتىپ، بېلىدىن يەنە يېشىپ بىزنى بىر ۋاخ تاماقسىز قويمىغانىدى. ئۆمرى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇ ئايال قىلچە ۋايسىماي، ھەتتا ھېچقانداق نەرسە تەمە قىلماي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى دادامغا ۋە بىزگە ئاتىغانىدى.

ئاپامنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەش كۇپايە قىلمايدۇ. ئاپام مېنىڭ قەلبىمدىكى ھەقىقىي پاسىبان پەرىشتە ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر تەرىپىنىلا تەرىپلەپ بېرەلىدىم. تولۇق تەرىپلەپ بېرەلمەسلىكىمگە ئاپام سەۋەبچى.

ئاپامنى رەنجىتىپ ۋە ياخشى كۆرۈپ ئۆتكەن ئۆمرۈمنى،

داشۆدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا. پەلسەپە بىلمەيدۇ. دەپ ئاپامنى كەمسۇندۇرغان گۇناھىمنى ئەسلىسەم، شۇئان ئاپامدىن كەچۈرۈم سورىغۇم كېلەتتى. دېمەكچى بولغان گەپلىرىم ھەمىشە بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولاتتى. كونكرېت ئىشلارنى قىلىپ ئاپامنى خۇش قىلسام دەيتتىم. لېكىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ماڭا ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ ئاپامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشىم كېرەكتەك ۋە بالىلىقنى يەتكۈزۈشنىڭ بىردىنبىر يولى مۇشۇدەك تۇيۇلاتتى. مەن پات ـ پاتلا ئۆزۈمچە ئازاب چېكەتتىم. ھەر بىر يېڭى كۈن ماڭا شادلىق ئاتا قىلمايتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانام بىلەن جەم بولغان كۈنلەردىن بىر كۈننىڭ ئازايغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. «ۋاپادار بولۇش» دېگەن سۆزنى ئويلىسام، مەن گەرچە ۋاپادار پەرزەنت بولمىساممۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانام بىلەن جەم بولغان ھەر بىر كۈننى ئوخشاشلا قەدىرلەيتتىم.

بۇ ماقالەم بېسىلىپ چىقسا، دېيەلمىگەن يۈرەك سۆزۈمنى ئاپام ئوقۇپ چىقسىكەن دەيمەن. ئاپامغا، كىشىلىك ھاياتنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشى ـــ سىز، ئۇزۇن مۇساپىنى ھەقىقىي بېسىپ ئۆتكەن كىشى ـــ سىز. نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. شۇنداقلا، مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن كىشى ھەم سىز، دېگۈم كېلىدۇ.

ھايات مۇساپىسىدە ھەرقانداق بىر پەلسەپە كىتابلىرى بېرەلمىگەن چوڭقۇرلۇقنا ۋە كەڭلىككە ئىگە ھاياتنى ماڭا ئاپام بەردى.

ئاپا، ئاپا، قەدىرلىك ئاپا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قىزىڭىزنىڭ نەزەرىدە، پەرزەنتلىرىڭىز قەلبىدە ئۆزىڭىز مەنبەئە. مۇھەببەت ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىسىڭىز كېرەك.

سىز مەن بىر ئۆمۈر ئىزدىگەن يول. ھەقىقەت ۋە ھايات.

# ۋاڭ زىڭچى (1920 — )

## دادا - بالا بارا - بارا ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ قالدۇ

ۋاڭ زىڭچى — ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى، جياڭسۇ گاۋيۇلىك، غەربىي - جەنۇب بىرلەشمە داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مۇزېي خىزمەتچىسى بولغان، 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 4 - دالا ئارمىيىسىنىڭ خىزمەت ئۆمىكى تەركىبىدە جەنۇبىي جۇڭگوغا بارغان، 1950 - يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ نەشر ئەپكارى «بېيجىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن، 1962 - يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك جىڭجۈي ئۆمىكىدە تەھرىر بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ۋاڭ زىڭچى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلار بار.

بۇ دادامنىڭ مەشھۇر سۆزى.

دادام ئاجايىپ ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ رەسسام ئىدى، تامغا ئويياتتى. گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزاتتى. تامغا ئويۇشتا دەسلەپتە جىجىلاڭ ئۇسلۇبىنى، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغاندا خەن ئۇسلۇبىنى قوللاندى. دادام قولىغا چىققانلىكى سازنى ـــ پىپا، غىجەك ھەم يەللىك سازلارنىڭ بارىنى چالالايتتى. سازلارنىڭ ئىچىدە غىجەكنى چالماق ئەڭ قىيىن، قارىماققا، ئىككى تارىسى بار، ئاددىيدەك قىلغىنى بىلەن ھەر ئىككى قولدا ماھارەت بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ كونىچە غىجەك چالاتتى. كونىچە غىجەكنىڭ كامالچىسى قاتتىق، شۇڭا دېۋىرقايىنى قويۇق سۈركىمىسە بولمايتتى. ھازىرقى غىجەكلەر دېۋىرقايىنى ئانچىكى سۈركەپ قويىسىلا بولۇۋېرىدۇ. دادامنىڭ غىجىكىنىڭ ئاۋازى ياڭراق ئىدى، پەدىلىرىنى ئۆزى باغلايتتى. دادام ماگىزىندىكى غىجەكلەرنى ياراتمايتتى. ئۇ قارا چېكەتكە، قۇشقاچ باقاتتى، گۈلمۇ باققانىدى. بىر تەشتەك يەسمەن گۈلى بېقىۋىدى، بۇگۈل ئاپام تۈگەپ كەتكەن يىلى ئۆلۈپ قالدى. دادام شۇنىڭدىن كېيىن گۈل باقمىدى. ئۇئاپام تۈگەپ كەتكەندە ئاپامغا ئۆز قولى بىلەن نەچچە ساندۇق ئاخىرەتلىك تەييار قىلدى. بىز تەرەپلەردە ئاخىرەتلىكلەرنى كۆيدۈرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئاپام ياخشى كۆرىدىغان ھەرخىل گۈللۈك قەغەزلەردىن تۆت پەسىلگە ئاتاپ يالاڭ، ئەستەرلىك ۋە قىشلىق ئاخىرەتلىك راسلىدى. بۇ ئاخىرەتلىكلەردىن باشاق، قوزا، كۆلرەڭ چاشقان ۋە تۈلكىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى.

دادام ناھايىتى رايىش ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خاپا بولغىنىنى تولىمۇ ئاز كۆرەتتىم. باللىرىغا ھەرگىز تەرىنى تۈرمەيتتى. بەكمۇ ئامراق ئىدى. بىز بىمالەنلا ئوينىغۇسى

كېلەتتى ھەم بىللە ئوينايتتى. ھامام دادامنى «باللارنىڭ ئاتامانى» دەيتتى. ئەتىيازدا دادام چوكانتال كېلەر ـ كەلمەستىن بىزنى باشلاپ ئېتىزلىقلاردا لەگلەك ئۇچۇراتتى. دادام سەك-سەنپۇت سۇرىتىدىكى لەگلەكلەرنى شايىنى بوياپ ياسايتتى. (بىز تەرەپلەردە يۇز پۇتمۇ دېيىلىدۇ) غىجەكنىڭ كونا تارلىرىنى يىپ ئورنىدا ئىشلىتەتتى. كونا تار چىداملىق ۋە يەڭگىل بولاتتى. بۇنداق لەگلەكلەر قورساق سېلىۋالماي، ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلەتتى. غىجەك تارىسىنى يىپ ئورنىدا ئىشلىتىپ لەگلەك ئۇچۇرغان دادامدىن باشقا ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم. چوكانتال بايرىمىدىن ئاۋۋال كۈزگى يۇغداي تېخى بىخ يېرىپ يەر يۈزىگە چىقمايدۇ، كۈزگى بۇغدايلىق دەسسىلىشتىن قورقمايدۇ، قانچە كۆپ دەسسەلسە، كېيىن شۇنچە ئوبدان ئۆسىدۇ. قىشچە ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ باھار كېلىشى بىلەن ئېتىز ـ دالىدا قىيغىتىپ ئوينىشاتتۇق. كەيپىياتىمىز ناھايىتى خۇشال بولاتتى. دادام ئالماس بىلەن ئەينەكنى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە پارچە ـ پارچە كېسىپ، ئاندىن يېلىم بىلەن چاپلاپ كۆۋرۈك، راۋاق ۋە سەككىز قىرلىق خرۇستال شار ياسايتتى. كۆۋرۈك، راۋاق ۋە شارلارنىڭ ئىچى كاۋاك بولاتتى. دادام شۇنىڭ ئىچىدە قۇشقاچ باقاتتى. سىرتىدىن قاراپ قۇشقاچنىڭ ئەركىن بېغىرلاپ يۈرگەنلىكىنى، قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ سايراۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. دادامنىڭ قولىدىن خىلمۇ خىل پانۇس-لارنى ياساشمۇ كېلەتتى. ئۇ سۇس يېشىل پارىلداق قەغەزدىن توقۇمىچى قىزنى خۇددى تىرىكتەك ياسايتتى. ئادەتتە گۈل بەرگىنى قىزىل رەڭ ئىشلىتىپ، ئۈستىگە قېنىق، ئاستىغا سۇس قىزىل رەڭ بېرىپ چىقىراتتى. دادام بەزىدە قوش بەرگىلىك نىلۇپەرگە تەقلىد قىلىپ، قاراپ ئولتۇرغۇدەك پانۇس ياساسا، بەزىدە تاۋۇز خەمىكىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، ئىچىدىكى گۆشىنى ئېلىۋېتىپ، پوستىغا ئىنچىكە گۈل چىقىرىپ تاۋۇز

خەمىكىدىن پانۇس ياسايتتى. بىز پانۇسنىڭ ئىچىدىكى شامنى ياندۇرۇپ كوچا ئايلىناتتۇق. قولۇم ـ قوشنىلىرىمىزنىڭ باللىرى يۈگۈرۈشكىنىچە كۆرگىلى كېلەتتى، تولىمۇ زوقلىنىپ كېتىشەتتى.

دادام مېنىڭ ئوقۇشۇمغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. لېكىن مەجبۇرلىمايتتى. ئۆزۈمنىڭمۇ زېھنى ئۆتكۈر ئىدى. تىلدا نەتىجەم هامان سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولاتتى. ماقالەم ئەلا باهالىناتتى. دادام ماقالەمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باشقىلارغا كۆرسىتەتتى. ماتېماتىكا نەتىجەم ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن دادام مېنى ئەيىبلىمەيتتى. لاياقەتلىك بولسىلا، دادامغا شۇ كۇپايە ئىدى. دادام رەسىم سىزاتتى، مەنمۇ رەسىم سىزىشقا خۇشتار ئىدىم. لېكىن دادام ماڭا ئۆگەتمەيتتى. ئۇ رەسىم سىزغان چاغدا يېنىدا قاراپ ئولتۇراتتىم. باشقا ۋاقىتلاردا رەسىم ئەندىزىسىنى قالايمىقان ئاختۇرۇپ ئۆزۈمچە بىر نەرسىلەرنى سىزاتتىم. مەن گۈل ـ گىياهلارنى سىزىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم. يوغان شاپتۇللارنى ياكى مەن هېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان شارقىراتمىلارنى سىزىشقا ئامراق ئىدىم. كىچىكىمدە پۇچۇركام يامان ئەمەس ئىدى. دادام ماڭا ئاز ـ تولا مەسلىهەت بېرەتتى. مەن بىر مەزگىل «خاتىرە تېشى خەت ئۇسلۇبى» بىلەن «كۆپ قىرلىق خەت ئۇسلۇبى» نى ئۆگەنگەندىن كېيىن، دادام ماڭا «جاڭ مېڭلۇڭنىڭ ئۇسلۇبى» نى ئۆگىنىش هەققىدە تەكلىپ بەردى. دادامنىڭ تەكلىپى ناهايىتى توغرا ئىدى. مېنىڭ هازىرقى پۇچۇركامدىمۇ «جاڭ مېڭلۇڭ» نىڭ تەسىرى بار. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا چاڭچىلە ئېيتىشقا، قارا كىيىم كىيىشكە ئامراق ئىدىم. ئاۋازىم بەك ساز ئىدى، ياڭراق هەم يېقىملىق چىقاتتى. ئۆيدە دادام غىجەك چالسا، مەن چاڭچىلە ئېيتاتتىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا چاڭچىلە ئېيتالايدىغانلاردىن بىرقانچىسى بار ئىدى، مەكتەپتە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولسا، دادام تەكلىپ بىلەن مەكتەپكە بېرىپ غىجەك

چىلىپ بېرەتتى. بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىم گىرىمسىز، ھەرىكەت-
لىرىنى ئورۇندىماي چاقچاقلا ئېيتاتتى. بىر قېتىم فىي
فامىلىلىك بىر ساۋاقدىشىم ئاربىيەتكە ئالغان ئەمەلدارلىق
قالپىقى بىلەن كۆك ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيىپ «جۇساجىن»
دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. لېكىن قوشۇمچە رولغا ھېچكىم
چىقمىدى. جاۋ لىيەن ئىسىملىك پېرسوناژلا قامچىسىنى پۇلاڭلات-
قان ھالدا سەھنىنى ئىككى ئايلىنىپ «ئاتلىق يۈرگەن ئامبال-
نىڭ كۆڭلى بىئارام» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ سەھنىدىن
چۈشۈپ كەتتى. دادام شۇنچە چوڭ تۇرۇپ مەن دېمەتلىك
بىرنەچچە بالىلار بىلەن بىر چۈشتىن كېيىن بىللە ئويناپ
بېشى كۆككە يەتتى. مەن 17 يېشىمدا تۇنجى قېتىم مۇھەببەت
باغلىدىم. يازلىق تەتىلدە ئۆيدە مۇھەببەت مەكتۇپى يازدىم.
دادام يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا ئەقىل كۆرسەتتى. مەن ئون نەچچە
ياش ۋاقتىمدا ھاراق ئىچىشنى، تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم.
دادام ھاراق ئىچكەندە، ماڭىمۇ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ
بېرەتتى، تاماكا چەككەندە ئىككى تال تاماكا ئېلىپ بىرىنى
ماڭا بېرىپ، يەنە بىرىنى ئۆزى چېكەتتى. سەرەڭگە يېقىپ
ئاۋۋال مېنىڭ تاماكامنى تۇتاشتۇرۇپ بېرەتتى. بىزنىڭ بۇخىل
مۇناسىۋىتىمىزدىن باشقىلار ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. دادام:
«دادا ـ بالا بارا ـ بارا ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ
قالىدۇ» دەيتتى.

مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ يامان ئەمەس
ئىدى. مەن «ئوڭچى» قالپىقنى كىيىپ، جاڭجياكۇدىكى بىر
يېزىغا تۆۋەنگە چۈشتۈم. شۇ چاغدا ئوغلۇم يەسلىنى تۈگىتىپ
پىنيىن ھەرپلىرىنى بىلىدىغان ھالەتتە ئىدى. پىنيىن بىلەن
ماڭا بىرىنچى قېتىم خەت يازدى. ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىش
ئۈچۈن پىنيىن ئۆگىنىشكە دەرھال كىرىشتىم. «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» دا «قارا يىپ» بولۇپ «كالا قوتان» غا سولاندىم.

ئاردلاپ ئۆيگە بېرىپ تۇراتتىم. باللىرىم مېنى يەندلا قىزغىن
كۈتۈۋالاتتى. ئايالىم ئۇلارغا: «داداڭلاردىن چەك چىگرا ئايرىڭ-
لار» دەپ تەنبىھ بېرەتتى. ئوغلۇم ياندۇرۇپ ئاپىسىدىن:
«ئەمىسە نېمىشقا دادامغا ھاراق قويۇپ بېرىسىز؟» دەپ
سورايتتى. مۇشۇ ئىشتىلائىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار
ئىدى. ئوغلۇم «ماكانلىشىش» ئۈچۈن شەنشىنىڭ شىن ناھىيە-
سىگە كەتتى. بەلگىلىمە بويىچە ئوغلۇم ئۇرۇق - تۇغقان-
لىرىنى يوقلاپ بېيجىڭغا كېلىشكە ھەقلىق ئىدى. بىز ئۇنىڭ
يولىغا قارايتتۇق. ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشىنى باشلاپ كېلىشىنى
ئويلىماپتۇق. بۇ ساۋاقدىشىنىڭ دادىسى لىن بياۋنىڭ زىيان-
كەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۆزى تۇتقۇن بولۇپ، ئائىلىسى ۋەيران
بولغان ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى ئىكەن. بۇ ساۋاقدىشىنىڭ
بېيجىڭدا ئائىلىسى بولمىغاچقا، دادۇينىڭ بەلگىلىمىسىدە،
ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. لېكىن بۇ
بالىنىڭ بېيجىڭغا ئوتتەك بارغۇسى بار ئىكەن. شۇڭا ساۋاق-
داشلىرىنىڭ مەخپىي ياردىمى ئارقىسىدا ئۇنى «جىممىدە» باشلاپ
كەپتۇ. بۇ بالىنى «ۋاقىتلىق نوپۇس» قىمۇ ئولتۇرغۇزغىلى
بولمايتتى. ئۇ «گېزەندە» ئىدى. ئەپقېلىش «يوشۇرغان» بىلەن
باراۋەر ئىدى. ساقچىلارنى نوپۇس تەكشۈرۈپ كېلىپ قالمايدۇ،
مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى يەڭگەمنىمۇ پاش قىلىپقويمايدۇ
دېگىلى بولمايتتى. ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا قالغان مۇشۇن-
داق بىر چاغدا ئوغلۇم بىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىپ،
بىزنى قىيناپ قويدى. ئايالىم ئىككىمىز ئۇنى ئايرىم ئۆيگە
ئەكىرىپ، بېشى چوڭلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن كايىپ: «نېمىشقا
بىزگە مەسلىھەت سالمايسەن» دېدۇق. ئوغلۇم يىغلىۋەتتى،
دىلى ئازار يەپ، قاتتىق ئازابلاندى. بىز شۇ ھامان ئۇنىڭ
توغرا، بىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. بىزنىڭ بۇ
قارىشىمىز چاكىنا قاراش ئىدى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بىلەن

بولغان قىلىن دوستلۇقىنى، ھېسسىياتىنى تولۇق چۈشەنمەپتۇق. سائاقدىشى بىزنىڭكىدە 40 كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ، ئاندىن كەتتى.

ئوغلۇمنىڭ بىرقانچە قېتىملىق مۇھەببەت ئىشىغا نىسبەتەن «قولاقنى يوپۇرۇپ» يۈردۈم. سۈرۈشتۈرۈپ تۇردۇم، لېكىن ئارىلىشىۋالمىدىم. ئۇنىڭ تاللىشىغا، قارار قىلالىشىغا ئىشەندىم. ئۇ ئاخىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشى بىلەن تېپىشىپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. بىرقىزى بار، ھازىر يەتتە ياشقا كىردى.

بالام مېنى بەزىدە «دادا»، بەزىدە «بوۋاي» دەپ چاقىراتتى. قىز نەۋرەممۇ شۇنداق دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. چىشى قۇدام بالامنى «چوڭ دېسە كىچىك بالىدەك. كىچىك دېسە چوڭدەك» دەيتتى. ئائىلەم ماڭا زامانىۋى تۇسكە ئىگە، ئادەمگەرچىلىككە تولغان ئائىلىدەك تۇيۇلىدۇ. ئائىلىدە ئالدى بىلەن مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئاتا - ئانا بالىلىرىنى ئۆزى ھۆرمەتلەشكە مەجبۇرلاش، باللار ئاتا - ئانا ئالدىدا «قول قوشتۇرۇپ» تۇرۇش، بۇنىڭ زادىلا مەززىسى يوق.

باللار ئۆزلىرىگە مەنسۇپ، ئۇلار ھازىرنى ھەم كەلگۈسىنى ئۆزلىرى لايىھىلىشى كېرەك. بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ غايىسى ئارقىلىق تەربىيىلىمەكچى بولغان دادا ئەخمەق ۋە رەزىل دادا! دادا بولغان كىشى ئىمكان قەدەر ئۆسمۈرلەرگە خاس قەلبىنى ئاز - تولا ساقلىشى كېرەك.

# لولەن (1919 — )

## مېنىڭ دادام

لولەن — ئەسلى ئىسمى جىن پېيفىن، تەيۋەنلىك مەشھۇر نەسىرچى، خىبىي ئىڭفېلىق، خىبىي ئۆلكىلىك قىزلار سىفەن ئىنستىتۇتىنىڭ سىفەن بۆلۈمى مۇزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى، رادىئو ئىستانسىسىدا مۇزىكا ۋە ماتارىپ نومۇرلىرىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولغان، تەھرىرلىك قىلغان، 1962 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1969 - يىلى «جۇڭسەن» مۇكاپاتىغا، 1974 — 1981 - يىللىرى «ئالتۇن قوڭغۇراق» مۇكاپاتىغا، 1979 - يىلى «ئائىلە تەربىيىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ هازىر تەيۋەن ئۆلكىلىك ساقچى قارىمىقىدىكى رادىئو ئىستانسىسىدا نومۇر ئىشلەشكە مەسئۇل ھەم قوشۇمچە رىياسەتچى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «لولەن نەسىرلىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى «يېشىل كەپە» بار.

ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مېنى دادام ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. كىچىكىمدە ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. مېنى سىرتلارغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ ئەكىلەتتى. ئۆزىنىڭ كىچىكىدە قانچىلىك شوخ ئىكەنلىكىنى، مەكتەپتە قانداق كەپسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئەقىللىق ۋە باشباشتاق بوۋامنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، ئويۇن – تاماشىغا بېرىلىپ پۇلنى قانداق بۇزۇپ-چاچقانلىقىنى، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ قانداق قىلىپ راھەتتىن – جاپاغا، جاپادىن – راھەتكە ئۇلاشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

مەن ئاستا – ئاستا چوڭ بولدۇم، دادام مېنى ئىمتىھانغا ئۆزى ئاپىرىپ، مەكتەپكە ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ماڭا بېقىنىپ ياشاش بىلەن مۇستەقىل ياشاش ئارىسىدا قانداق تاللاش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. مەن تەدرىجىي ھالدا مۇستەقىل ياشاشقا كۆندۈم. قىيىنچىلىقلارنى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ يېڭىشنى ئۆگەندىم.

دادام مەندەك بىر يۇمران قارلىغاچنى ئۇۋىسىدىن قويۇپ بەردى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ماتانەتلىكلىكىنى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇ چاغدا مەن 12 ياشتا ئىدىم. ئۆيدىن ئايرىلمايمەن، دەپ غەلۋە قىلدىم. لېكىن دادام ئادەتتە ئەركىلىكلىرىمگە، غوۋغالىرىمغا پىسەنت قىلمايتتى.

دادام ئۆزىنىڭ دادىلىق مېھرىنى ھەم ماڭا بولغان سېغىنىشنى بېسىپ كۆتۈرۈپ: «قايتىپ كەلدىڭمۇ» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئارقىلىق ئىزھار قىلاتتى.

شۇنداق، مەن قايتىپ كەلدىم. كۈنسايىن يوغىناۋاتقان قامىتىم، كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان بىلىمىم، كۈندىن – كۈنگە يېتىلىۋاتقان خاراكتېرىم بىلەن دادامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەنىدىم.

دادامنىڭ يوغان ۋە كۆركەم خىزمەت ئۇستىلىگە قارايتتىم.

ئۆتكەن مەۋسۇمدىكى ئۆگىنىش نەتىجىلىرىم يېزىلغان گرافىك ئۈستىلىمنىڭ ئاستىدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆگىنىش نەتىجىلىرىم يېزىلغان گرافىكنىڭ يېڭىسىنى ئەكەلسەم، دادامنىڭ ئەينەكنىڭ ئاستىدىن كونىسىنى ئېلىپ، بۇرۇنقىلىرى بىلەن قوشۇپ مىخلاپ، ئەڭ ئاستىدىكى تارتمىغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

دادامغا ھەر مەۋسۇم شۇ مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش نەتىجەم يېزىلغان گرافىكنى ئەكىلىپ بېرەتتىم. دادام ھاياتىدا مانا مۇشۇئىشتىن بەك پەخىرلىنەتتى. ئۆگىنىش نەتىجەمدىن ئۇنىڭ رازى بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. گرافىكتىكى نومۇرلار-نىڭ تەگدىن تولىسىغا ئىمتىھان يېقىنلاشقاندا. كۆچەپ يۈرۈپ ئاران ئېرىشكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مەكتەپتە دەرستىن باشقا ۋاقىتلىرىمنى كىتاب كۆرۈشتىن بەكرەك ئۇششاق ـ چۈش-شەك نەرسە يېپىشكە ۋە ئويناشقا سەرپ قىلاتتىم. ئۆگىنىش نەتىجەمدىن دادامنىڭ شۇ قەدەر خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ خۇش بولۇپ كېتەتتىم. تىرىشىپ ئوقۇمىغان-لىقىم ئۈچۈن خىجىل بولاتتىم.

دادامنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. مەجبۇرلىمايتتى، قاتتىق تەلەپ قويمايتتى. خاراكتېرىمىزنىڭ يېتىلىشىگە باقاتتى. بىزنىڭ قېلىپتا قۇيغاندەك بولۇپ قېلىشى-مىزدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. «قارىغۇلارچە ئۆگىنىش» كە قارشى ئىدى. بىزگە پات ـ پاتلا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپ قىلغان كەپ-سىزلىكلىرىنى، سىنىپتىن قېلىپ باشقا مەكتەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن سىنىپ ئاتلاپ بالدۇر مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىكىگە دائىر قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. دادام ئۆزىنىڭ كەپسىزلىكىگە ئائىت ھېكايىلەرنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالىدى-غانلىقى ھېلىمۇ يادىمدا. ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ تەرەققىيات

نىشانىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دادام ھەمىشە، باغۋەنچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان بىر بالا ياخشىسى ئۆزىنىڭ بېغىنى باشقۇرۇشى كېرەك، دەيتتى. مەن ئۇنىڭ بەشىنچى تاغامنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. بەشىنچى تاغام ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئوقۇش بىلەن خوشى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ھويلىمىزنىڭ كەينىدە رەڭگارەڭ گۈل لەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان مەنزىرىنى بەرپا قىلغانىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ نەققاشچىلىقتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ھەرخىل ئاددىي، ئەمما نەپىس قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىمۇ ياسىيالايتتى.

— بۇنداق كىشىلەرنى ئوقۇشقا زورلىغان بىلەن بىكار! — دەيتتى دادام.

ئالتىنچى تاغاممۇ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماي، ئوقۇشتىن قېچىپ، ھاللىق ئائىلىگە تۇرمۇشتىن مېھرىنى ئۈزۈپ، ئەسكەرلىككە كېتىپ ناھايىتى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ ئارىسىدا داداملا ئوقۇش بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەم ئىدى. ئۇ خىمىيىنى ياخشى كۆرگەچكە سەرگەردانلارغا خاس يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن ئەمەلدار بولىدىغان «مۇناسىۋەت مەكتىپى» ياكى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشنى رەت قىلىپ «ئىشچى بولىدىغان» سانائەت مەكتىپىدە ئوقۇغان.

دادام، بىر كىشى نېمىنى ياخشى كۆرسە، قايسى كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تىرىكچىلىكىنى قامدىيالىسا، ئۇ شۇ كەسىپتە مۆۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ، دەيتتى.

دادامنىڭ بۇ گېپى مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان كۈنۈمدىن باشلاپ دادام ماڭا: «بىرلا پەننىڭ ئەھلى بولۇش» كېرەكلىكىنى دەپ كەلگەنىدى.

«ھەممە پەننى ئاز - ئازدىن بىلىدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى بولغاندىن كۆرە، بىر پەننى پىششىق بىلىدىغان، قالغان پەنلەردىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئوقۇغۇچى بولغان تۈزۈك» دەيتتى. سىز بىرلا پەننىڭ ئەھلى بولسىڭىز، شۇ پەن بىلەن تىرىكچىلىك قىلالايسىز ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

«ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچى چەكلىك، سەن ھەممە پەننىڭ ئەھلى بولالمايسەن، — دەيتتى دادام ھەمىشە كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز يالغۇز ھەممە پەننىڭ ئەھلى بولۇۋالسىڭىز، باشقىلار قانداق جان باقىدۇ؟»

دادام شۇڭلاشقا بىزگە تەلەپنى قاتتىق قويمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزدە ستىپخىيىلىك يوسۇندا بىر خىل ئىستەك پەيدا بولاتتى. دادام بېرىلىپ ئۆگەنمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان نەرسىنى بېرىلىپ ئۆگىنىش ئىستىكى دادامنى ئويلىمىغاندا خۇشال قىلىۋېتەتتى.

ھازىر ئويلىسام، دادام ھەقىقەتەن بىر مائارىپچى ئىكەن. ئۇ ئىستىقبالىمىزنى بەلگىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە تولۇق ئەركىنلىك بەرگەن. بىر ياندا تۇرۇپ ئەقىل كۆرسەتكەن. زەربە بېرىش بىلەن جازالاشنىڭ ئورنىغا بىزنى رىغبەتلەندۈرگەن. قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ ئالدىدا توختاپ قالغان چېغىمىزدا دادام مەيلى قايسىمىز بولمايلى: «قولۇڭدىن چوقۇم كېلىدۇ! مۇشۇ ئەقلىڭ بىلەن مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمامسەن!» دەيتتى.

بىز دادامنىڭ مۇشۇ گېپى بىلەن ئەسلى قىلالمايدىغان ئىشلارنىمۇ مۆجىزىدەك قىلىۋېتەتتۇق. مۇشكۈل بىلىنگەن ئىشقا نىسبەتەن بىزدە ھەۋەس پەيدا بولاتتى.

ھۆسن خەت يېزىشنى مىسالغا ئالسام، ھۆسن خەتنى يېزىشنى بىلمەيتتىم. كىچىكىمدە موي قەلەم بىلەن يازغان ھۆسن خەتلىرىم ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىدەك جانسىز ھەم

قىڭغىر ــ سىڭغىر ئىدى، ئوقۇغۇچۇم دائىم نۆل قوياتتى. يازغان ھۆسن خەتلىرىمنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭمۇ روھى چۈشۈپ كېتەتتى.
دادام بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ گەپ قىلماستىن كىتاب جازىسىدىن بىر تالاي ئويما خەت ئۆلگىسىنى ئېلىپ، ماڭا بىر ــ بىرلەپ كۆرسەتتى ھەم قايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ يازغان ھۆسن خېتى ئۇستىخانلىق، قايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ نەپىس ۋە قايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھۆسن خېتى خوتۇن ــ قىزلارغا، قايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھۆسن خېتى ئەرلەرگە مۇۋاپىق، تاللىۋېلىشىمنى ئېيتتى.
مەن تاللا ــ تاللا، ئاخىرى ۋېي سۇلالىسىگە تەۋە قوپال ئويما خەت ئۆلگىسىنى تاللىدىم. ئويما خەت ئۆلگىلىرى بەكمۇ كونىراپ كەتكەچكە، دادام قىڭغىر ــ سىڭغىر ھەم ئېگىز ــ پەس چاپلاپ قېلىن بىر دەپتەر قىلىۋالغانىكەن. دادام ماقۇل بولمىغان تەرىزدە بېشىنى چايقىدى. مەن قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇرغان ۋېي سۇلالىسىگە تەۋە ئويما خەت نۇسخىسىنى، دادام بىر بەتتىن ــ بىر بەتتىن چاپلاپ چىققان پۇچۇركىلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم.
دادام مادارا قىلدى. «ياقتۇرغان بولساڭ، بوپتۇ، يازا!» دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ماڭا قايىدىغان ئىش چىقتى. كۈندە ھۆسن خەت يازاتتىم. خەت ئۆلگىلىرىنى ئوقۇيتتۇم. ۋېي سۇلالىسىگە تەۋە ئويما خەت ئۆلگىلىرىنى مەشق قىلاتتىم. يازغانلىرىمنى ئۇدۇللۇق دادامغا كۆرسەتتىم. دادام ھەر ۋاقىت: بارىكاللا! كىم سېنى خەت يازالمايدۇ دەيدۇ! دەيتتى.
دادامنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ يالغان ــ راستلەتىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلاتتىم. بىراق ئۆزۈم خۇشال كەيپىياتتا ئىدىم، بۇنىسى راست ئىدى. ھۆسن خەتنى چىراي

لىق يازغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى دادامنىڭ ماڭا كۆيۈنگەنـ لىكىدىن خۇش بولاتتىم.
دادامنىڭ كۆيۈنۈشىدىن ئىچىمدە پات ـ پاتلا، دادام ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىمەن، ھەرقانداق ئىشتىن ۋاز كېچىمەن، دەپ قەسەم قىلاتتىم.
يازغان ھۆسن خەتلىرىم دادام ماختىغاندەك ئۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. ئەمما دادامنىڭ ماختاشلىرى بىلەن ئۆزۈمدە ھۆسن خەتكە بولغان قىزىقىشنى يېتىلدۈردۈم ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇردۇم. ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى،ھازىرمۇ بىكار بولۇپلا قالسام، ھۆسن خەت مەشق قىلىمەن، مەشق ۋاقتىدا دادامنىڭ يېقىملىق چىرايى، خۇشال كۆلكىسى، رىغبەتكە تولغان قاراشلىرى، دادام يازغان ھۆسن خەتلەر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇھۆسن خەتنى ياڭاق چوڭلۇقىدا يازاتتى. ھۆسن خەت يېزىپ پەرىشان كۆڭلىگە بەرھەم بېرەتتى. كۆپ يازمايتتى. ھەر قېتىم ئولتۇرغاندا بىر ـ ئىككى كۇپلېت شېئىر يازاتتى. ئاندىن كېيىن قەلەمنى قويۇپ قويۇپ، يۆلەنچۇكلۇك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى.
مەن دادامنىڭ ئۈمىدۋارلىقىدىن زوقلىناتتىم ۋە تەسىرـ لىنەتتىم. دادام كىچىكىدە ئاپىسىدىن، ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ئاپامدىن، قېرىلىق يەتكەندە ئوغلىدىن ئايرىلدى. دادام ئىنسان ھاياتىدىكى ئۈچ چوڭ بەختسىزلىكنى بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن، ئاپىسىدىن ئايرىلغان ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى غېرىبـ لىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈيۈن دېسە جېنىنى بېرىدىغان مىجەزىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمىگەن. دادامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدىكى ھېكايىلىرى بىزگە شۇنداق رەڭگا ـ رەڭ ۋە جانلىق تۇيۇلاتتى. ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ ئاپامدىن ئايرىلغان چاغدىكى ھەسرىتىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ساياھەت بىلەن ئۇنتۇدى. ئۇ شۇ قېتىملىق ساياھەتتە جەنۇبىي جۇڭگوـ

دىكى يەتتە ئۆلكىنى كېزىپ، مەشھۇر تاغ ـ دەريالارنى زىيارەت قىلدى. ئەزەلدىن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىستىكى ئەمەلگە ئاشتى. ساياھەتتىن تېخىمۇ كەڭ قورساق بولۇپ قايتىپ كەلدى. دەرد ـ ئەلەمنى بىپايان تەبىئەتكە تاپشۇرۇۋېتىپ، تەبىئەتتىن تېخىمۇ كۆپ كەڭ قورساقلىقنى ۋە سەۋرچانلىقنى بىللە ئەكەلگەندەك. ئۇ دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى سەككىز يىلنى، قىرغىنلاردا ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئازابلىق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن تىنچ ئۆتكۈزۈپ قىرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى.

دادىسىدىن مېنىڭدەك كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشكەن ئىككىنچى بىر ئادەم بارمۇ ـ يوق بىلمەيمەن. دادامدەك كەڭ قورساق بولۇپ ئۆزگىرىشچان مۇھىتقا تاقابىل تۇردۇم. دادامدەك ئۈمىدۋار بولۇپ ئىستىقبالىمنى ياراتتىم. ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن باللىرىمنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى دادامدەك رىغبەتلەندۈردۈم ۋە ئۇلارغا دادامدەك كەڭ قورساق بولدۇم. كەڭ تەبىئەت بىلەن شېئىرىيەتكە دادامدەك خۇشتار بولۇشتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈردۈم.

دادامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن رەزىللىك بىلەن گۈناھتىن ئۆزۈمنى يىراق تۇتتۇم. سىرتلاردا يۈرسەممۇ دولقۇنلۇق دېڭىز مېنى يۇتۇپ كېتەلمىدى.

## فۇلېي (1908 — 1966)

# فۇ سۇڭغا يېزىلغان خەت

فۇلېي — ئەسلى ئىسمى رۇئەن، مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان، شاڭخەي نەنخۇيلۇق، 1927 — يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ شاڭخەي گۈزەل سەنئەت تېخنىكۇمىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، 1949 — يىلدىن كېيىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شاڭخەي شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى بولغان، ئۇزۇن يىل ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاساسلىق تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «يوھان كىرىستوف»، «ئىنسان كومېدىيىسى»، «راستچىل ئادەم»، «كالمان» قاتارلىقلار بار.

بۇ ئىككى پارچە خەت — ئۇنىڭ ئوغلى فۇ سۇڭغا يازغان خېتى. شۇ چاغدا فۇ سۇڭ مۇزىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن ياۋروپاغا بېرىپ ياۋروپالىق بىر قىز بىلەن توي قىلغانىدى. فۇ لېي ئوغلىغا بۇ ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرىنچى پارچىسىنى ئوغلىنىڭ توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىككىنچى پارچىسىنى توي قىلىپ بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يازغان.

## 1

قەدىرلىك ئوغلۇم، 20 - ئاۋغۇست بەرگەن قۇتلۇق خەۋىرىڭدىن قەلبىم ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا ۋە سۆيۈنۈشكە تولدى. سەن هايات مۇساپىسىدە يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇپسەن، يېڭى بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئاپسەن. بىز سېنى تەبرىكلەيمىز. ساڭا بەخت تىلەيمىز ۋە مەدەت بېرىمىز. كۈچلۈك بىلىم تەلەپ قىلىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش دەرسىنى خۇددى مۇزىكا سەنئىتىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، كۈچلۈك ئىرادە، ئىشەنچ ۋە ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇزىكىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭنى تىلەيمەن! مەيلى قانداق چىگىش مەسىلىگە ياكى ئىچ پۇشۇقىغا يولۇقما، شۇ هامان توغرا نىيەتلىك، تەجرىبىلىك بىر - ئىككى ئاقساقالدىن مەسلىهەت سورا (لوندونغا بارغىنىڭغا بىر يىل سەككىز ئاي بولدى، مۇشۇنداق ئاقساقاللاردىن دوست تۇتقاندۇرسەن)، قاتتىق ئويلىنىپ ئاندىن قارار قىل. بىردەملىك هاياجانغا بېرىلمە. مۇشۇ بىرنەچچە نۇقتىنى ئورۇندىيالىساڭ، بىزمۇ سەندىن خاتىرجەم بولىمىز.

مەڭگۈلۈك هەمراهقا خۇددى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق نەرسىگە تەلەپ قويغاندەك قاتتىق تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ. بىر ئىشنىڭ هامان ئىككى تەرىپى بولىدۇ؛ بولغۇسى ئايالىڭ ساڭا تولىمۇ قىزغىن بولسا، ئۆزۈڭنى يۆكۈك ئېغىرلاپ كەتكەندەك، سالقىن بولۇپ قالسا، قىزغىن بولمىغاندەك هېس قىلىسەن. مۇلايىم ئادەملەر بەزىدە قورقۇنچاق كېلىدۇ، قەيسەرلىك مۇستەبىتلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. خام خىيال كۆپ بولسا، ئويلىغانلىرىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ.

ئائىلىنى قولىغا ئالالايدىغان خانىم كىشىگە قوپال تۇيۇلىدۇ. ئارتۇقچىلىقى بار، كەمچىلىكى يوق ئادەم نەدە بار؟ مۇكەممەل ئادەم ياكى بىجىرىم نەرسە دۇنيادا زادى بارمۇ؟ ئۆزۈڭنى چىكىپ باق، ئۆزۈڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل؟ بۇ مەسىلىلەرنى سەن تالاي قېتىم ئويلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىمى — يەنىلا ئاق كۆڭۈل مىجەزلىك، مۇلايىم تەبىئەتلىك، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ بولۇش. مۇشۇ ئۈچ نەرسە بولسا، قالغانلىرىنى ئاستا - ئاستا يېتىلدۈرۈۋالغىلى بولىدۇ؛ مۇشۇ ئۈچ نەرسە بولسا، كەلگۈسىدە چوڭ - كىچىك بوران - چاپقۇنغا يولۇقساڭمۇ، تۇرمۇشۇڭدا تراگېدىيە يۈز بەرمەيدۇ. سەنئەتكارغا خوتۇن بولماق ھەرقانداق بىر ئەركەك زاتىغا خوتۇن بولماقتىنمۇ تەس. بۇنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىمىسەڭ «ئۆزىگە قاتتىق، ئۆزگىگە كەڭ بولۇش»نى بىلگىنىڭ بىلەنمۇ ئاقىلانىلىكنى، كۆيۈمچانلىقنى ۋە سەۋرچانلىقنى ئاسان ئۆگىنىۋالالمايسەن. بولغۇسى ئايالىڭ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى سېنىڭ ئورنۇڭدا بىر تەرەپ قىلىش، شۇنداقلا كەسپىي ئىشلىرىڭغا قىزىقىش بىلەن چەكلىنىدۇ. پەن تەتقىقاتى قاتارلىقلاردىن ۋاقتىنچە كۆپ ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىغا باغلىق. ھازىر سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەشنى، كەچۈرۈشنى، بىر - بىرىڭلارغا كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭلار.

بولغۇسى ئايالىڭ سېنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دۇنياسى دەپ بىلسە، بۇ دەرۋەقە ناھايىتى خەتەرلىك، بىر ھېسابتا ھەم ئىنتايىن قىممەتلىك! مۇشۇنى سەزگەن ھامان ئۇنىڭغا چوقۇم بېشارەت بەر، ياخشىسى ئەگىشىپ تۇرۇپ ئىجابىي ياقتىن سۆزلە. بۇ نېمىتىڭنى ئۇ، مېنىڭ غۇرۇرۇمنى، ئورنۇمنى قوغدىغانلىق، دۇنيا قارىشىمنى كېڭەيتكەنلىك دەپ بىلسۇن. ئولېۋېرىنىڭ

ھېكايىسىنى ئېسىڭگە ئەكەل، شۇ ھېكايىنى بولغۇسى ئايالىڭغا
بىر - ئىككى قېتىم تەپسىلىي ئوقۇتۇپ باقساڭ يامان بولماس.
ئۇ بولۇپمۇ ھېلىقى بۆلەكتىكى قىستۇرما كۈيگە دىققەت قىلسۇن،
ياگرىناغا ئوخشاش love، love، love نىلا بىلىدىغان بۇ
پېرسوناژ پەقەت چۆچەكتىلا بار. رېئال تۇرمۇشتا ئۇنداق
ئادەم love گە ئېرىشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جېنىنىمۇ
باقالمايدۇ. چۈنكى ياگرىنا love دىن باشقا ھېچنېمىنى بىلـ
مەيدۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق ھەم ھېچكىمگە مۇھەببەت
قويالمايدۇ. بۇنداق تار ماكان كەڭرى دۇنياغا قانداق ئوخشىـ
سۇن! بۇنداق بىر تەرەپلىمە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن
قانداقمۇ بەختكە نائىل بولغىلى بولسۇن! مەيلى ئەر ياكى
ئايال بولسۇن، قىزىقىشىنى كەسپكە، پەنگە ۋە سەنئەتكە
مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىمكان قەدەر ئەرزىمەس «مەن» نى تاشلىۋەتسە،
ئاندىن خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى
ھېس قىلىشى مۇمكىن. يۈزى ئېچىلمىغان قىزلار مۇھەببەتلىشىپ
يۈرگەن چاغدىكى ھېسسىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسى تويدىن
كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىشىدۇ. بۇ تەبىئەت
قانۇنىيىتىگە زىت بىمەنە خىيال. قەدىمكىلەر: «ئالىيجانابلارنىڭ
سۆزى سۇدەك سۈزۈك بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا:
«ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى مېھماندەك ھۆرمەتلىشىپ ئۆتىدۇ»
دەيدىغان گەپمۇ بار. ئالدىدىكى ماقالىدىن خاتىرجەم، مەنىلىك
ۋە مۇلايىم ھېسسىياتنى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىـ
غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كەينىدىكى ماقالىدىن، ئەر -
خوتۇنلار بارا - بارا قەدىناسلاردەك بولۇپ قالىدۇ، دېگەن
مەنە چىقىدۇ. بىز دېگەن مەڭگۈلۈك ھەمراھ مانا مۇشۇ. توي
قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ نۇقتىنى چوڭقۇر
چۈشىنىشى، ئورۇنسىز ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئازابتىن ساقلىنىش

ئۇچۇن كەلگۈسىگە مۇستەھكەم ئاساس سېلىشى كېرەك.

سەن سەنئەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ھەقىقەتنى، ئادالەتنى ۋە غۇرۇرنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان، خىزمەتنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم. بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلمايمەن. بۇ مەسىلىگە سەن ئاللىبۇرۇن ئىزھار قىلغان. بولغۇسى ئايالىڭغىمۇ كۆچەپ سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن پەقەت بىرنەچچە نۇقتىنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي: بىرىنچى، دۇنيادا ئەمەلىي ھەرىكەتتىن كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپات يوق، ئۆزى ئۈلگە بولۇشتىن ئۇنۇملۇك تەربىيە يوق. قولۇڭدىن كەلمىگەن ئىشنى باشقىلارغا ئاتما. سەندىن سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تەنقىدلە، تۈزەت. ئىككىنچى، سېنى قاتارغا قوشۇش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن تالاي سەۋەنلىكلىرىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالما. ئاشۇ سەۋەنلىكلىرىم سېنى ماڭا ئوخشاش سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ قالىدۇ. مېنىڭمۇ گۇناھى ـ كەبىرىم يېنىكلەيدۇ؛ سەن تارتقان ئازابنى باشقىلارمۇ تارتىپ يۈرمىسۇن. سەنمۇ قاراپ تۇرۇپ چاپاغا قالما. يىغىپ ئېيتقاندا، باشقىلارغا ئەقىل كۆرسەتكەندە ئىمكان بار شۇ كىشىدە بىلەرمەنلىك قىلىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. ئونورېنا (بالزاكنىڭ ھېلىقى پوۋېستى يادىڭدىمۇ) ئۇنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا ئۇنىڭ ئۆزى سەۋەبچى. ئېرىنىڭ مۇئامىلىسى ئونورېنانىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن. بۇمۇ بىر سەۋەب، ئەيتاۋۇر بالىلىق دەۋرى خۇشال ئۆتمىگەن كىشىلەرنىڭ دىلى ناھايىتى سۇنۇق بولىدۇ (ئۆزىدە ئاجايىپ قەيسەرلىكنى يېتىلدۈرگەنلەرمۇ بار، لېكىن ئاز) ئەمما ئۇلار قالتىس سەزگۈر كېلىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى ئويلاپ باق، مەشۇ-قۇڭغا تاقابىل تۇرۇشتا قانداق delica te، قانداق discreet قىلىشنى بىلىسەن.

مۇھەببەت مەسىلىسىگە بۇرۇنقىدىن بەكرەك جىددىي ھەم

ئەستايىدىل قارايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. سىنىڭمۇ مەزگىلىدە بارلىق ئىشلارغا تېخىمۇ ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولۇشۇڭنى، بولۇپمۇ تويدىن كېيىنكى مەسئۇلىيەتكە نىسبەتەن ئائىلە ئۈزۈڭدە ساداقەتنى، جىددىي پوزىتسىيىنى ۋە ئىخلاسمەنلىكنى يېتىلدۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

1960 - يىل 29 - ئاۋغۇست

**2**

خىزمىتىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ مىلا بىلەن پاراڭلىشىشقا ۋاقىت چىقىرالامسەن - يوق؟ بىلمەيمەن. مەيلى قانداق بولسۇن، مەن بىر كۈندە ئاپاڭ بىلەن 10 — 15 مىنۇت پاراڭلاشمىسام قانداقتۇر دەرستىن قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ئېقىم مەسىلىلىرىگە، تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارغا بولغان قارىشىم، ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىم، كىتاب ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتىم، تەرجىمىدىكى مەسىلىلەر، سىلەردىن كەلگەن خەت ۋە سېنىڭ تىرىكچىلىكىڭ... بۈگۈنكى ۋە بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدە ئاپاڭ بىلەن پاراڭلىشىمەن. بىزنىڭ قىلىشمايدىغان پارىڭىمىز يوق. پارىڭىمىز سىستېمىلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن پاراڭلاشقاچ كاللامدا رەتلەيمەن. ئاپاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە يېتىشىنى ھەر ھالدا ئۇزۇن يىل پاراڭلىشىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بولتۇر كۈزدە ئەۋەتكەن خېتىڭدە مىلانى تەربىيىلەشنى تىلغا ئالغانىدىڭ. ئەمەلىيەتتە قانداق بولدى. بۇ ماڭا قاراڭغۇ! ئاپاڭ ئىككىمىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنىڭ پايدىلىنىشىڭغا ئەرزىيدىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. بايام تىلغا

ئالغان ھەركۈنى ئۆزئارا پاراڭلىشىش كىشىنى تاۋلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. مەيلى تاماقتىن ئاۋۋال ياكى تاماقتىن كېيىن ۋە ياكى چۈشتىن كېيىن چاي ئىچكەندە بولسۇن، (ئىنگلىزلارنىڭ چاي ئىچىش ئادىتى سىلەردىمۇ بولسا كېرەك) ئولتۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇپمۇ نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. رىغبەت، تەنقىد ئارقىلىق كىشى ئۆزىنىڭ ھەم ئۆزگىنىڭ سەۋىيە جەھەتتە ئۆسۈپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالىدۇ. ئالدىراشچىلىق بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى تۇر-مۇشنىڭ كىچىككىنە دائىرىسىگە كىرىۋالسا بولمايدۇ. ياش قىز - چوكانلار روھىي جەھەتتىكى يېتىمسىراشتىن تېخىمۇ ساقلىنىشى كېرەك. ئورتاق غايە، قىزغىنلىق ئۇزۇن يىل پەر-ۋىش قىلىشقا موھتاج. ھاياجانلانغاندا دېگەن بىرنەچچە ئېغىز قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش تاگاتمايدۇ. چوڭ داۋلىلارنى جىددىي يوسۇندا دېيىشتىن تۇرمۇشتىكى پارچە - پۇرات پاراڭ-لار ئارقىلىق دېيىش ئۈنۈملۈك. ئاشۇ بىرەر - يېرىم ئېغىز گېپىڭگە ئادەم بولۇشتا تۇتقان يولۇڭ ۋە تىرىكچىلىك پىرىن-سىپىڭ سىڭگەن بولىدۇ. بالام، كەسپىكە بېرىلىپ خېتتىپ ئۆزۈڭ بەلگىلىگەن نىشانىنى ئۇنتۇپ قالما. مۇزىكىنى دەپ تۇر-مۇشنى تاشلىۋەتمە. مىلا تېخى ياش، ئۇنىڭ ئۇستىگە خام ئۇنىڭغا كۆيۈن، سەۋرچان بول، بۇنىڭغا كەلگەندە ئېرىنمە. تۇرمۇشتىكى پارچە - پۇرات ئىشلاردا، كىتاب ئوقۇپ تەربىيىلە-نىش، ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەردە كۆزەت، تەھلىل قىل، پىكىر يۈرگۈز. ھەقىقىي ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنى ھەركەتلەندۈر-گۈچ كۈچ، سالقىن ئىدراكنى قىبلىنامە قىلىپ، مىلانى تەربىيىلە، يېتەكلە، مىلا بىلەن تەڭ ئىلگىرىلە. ناۋادا مۇشۇ خىزمەتلەرنى قىلىشتا قانداق قىيىنچىلىق بولسا، بىزدىن ھەرگىز يوشۇرما! بىز ساڭا ئەقىل كۆرسىتىمىز. سەن مۇزىكىدا مەغلۇپ بولماي، مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭ؛ تۇرمۇش بىلەن نىكاھتىمۇ مۇۋەپپەق-

يەت قازان! ئاپاڭ ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك بەختىڭگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىمىز. سەن ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن، ساڭا ئوخشاش مىجەزلىك كىشىلەر تۇرمۇشنى سەن- ئەتتىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا سېنىڭ سەنئەتكە قوشقان تۆھپەڭ سەندىن ئائىلە تۇرمۇشۇڭنى، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسى- ۋىتىڭنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىلاغا ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ. لېكىن ئۇسۇلۇمنىڭ سىلىق ئەمەسلىكى ئۆزۈمگە ئايان. خېتىمنىڭ ھەربىر قۇرىدا ۋائىزلىق تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەلپازى ئەكس ئېتىپ قالامدىكىن دەيمەن. ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا ۋە ياشانغانلارغا باشقىچە قارايدۇ. بولۇپمۇ غەربىنىڭ قىز - چوكان- لىرى شۇنداق. خەتلىرىمنىڭ مىلادا قانداق تەسىر قالدۇرغان- لىقىغا دىققەت قىل. ناۋادا ئۇنىڭغا تولىمۇ قاتمال ھەم تولىمۇ مۇتەئەسسىپ ئادەمدەك تۇيۇلۇپ كەتسەم، دەرھال ماڭادە. بۇنىڭ- دىن كېيىنكى خەتلىرىمدە سۆز تالاشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى ئەيىبلىمەيمەن. ئۇنىڭ ئىنكا- سىنى بىلىپ تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلۇمنى تەڭشەشكە موھتاجمەن. چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىل، بېزەپ كۆرسەتمە. ھەقىقىي ئەھۋالنى بۇرمىلىما. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ ئۇسۇل ناھايىتى چوڭ چاتاقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئايالىڭ بىلەن قامىلىشالماي قالساڭ، ئايالىڭغا بىز چۈشەندۈرەيلى، نەسىھەت قىلايلى. ئايالىڭ بىز بىلەن قامىلىشالماي قالسا، ئۇنىڭغا سەن چۈشەندۈر، نەسىھەت قىل. شۇنداق قىلغاندىلا «جاپا - مۇشەق- قەتتە ھەمدەمدە بولۇش» ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەن خەنزۇچە يازغان خەتلىرىمدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر - ئىككىنى تېما قاتارىدا تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلساڭ، مەن دېگەن سەزگۈر مەسىلىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا ئوڭاي دېيەلەيسەن. بۇنى ئەگىتىپ ئېيتماق دەيمىز. ئۇ بىزنى تېخىمۇ ئوبدان

چۈشىنىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرى بىلەن ئالدى-
راش، بۇنى بىلىمەن. ئۇنى ئوقۇشقا مەجبۇرلاش، ھازىرچە بال-
دۇر. سېنىڭ ئىقتىسادىڭنىڭ مۇقىم بولۇشىنى، بالدۇرراق
ئاساس يارىتىپ، مېلانىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن
كۆپرەك ئۆيدە بولۇشۇڭنى قەۋەت ئىزدەيمەن (سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرمەكچى بولغان ئادەمگە كۆپرەك ۋاقىت بېرىشكە توغرا
كېلىدۇ). مەن ھەمىشە ساڭا ئورمانلىقتا ياكى شەھەر سىرتىدا
سەيلە قىلىشنى، مۇزېيلارغا بېرىپ مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھىر
ئېلىشنى دەپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدا مېلانى ئەمەس، ئاساسەن
سېنى كۆزدە تۇتتۇم. تەبىئەت ۋە تەسۋىرى سەنئەت بىلەن
كۆپرەك ئۇچرىشىش كىشىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىنى دەرىيادەك
كەڭ، روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرەڭگۈ - جۇشقۇن قىلىۋېتىدۇ.
(قەدىمكىلەردە: «غەم - غۇسسىلەرنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش»
دېگەن گەپ بار، ئاساسىي مەزمۇنى مۇشۇنداقراق) بۇ، كىشىنى
بارلىق مەخلۇقاتلار ئالدىدا ئۆزىمىزنى ھەممىدىن ئۈستۈن
قويىدىغان مەنمەنلىكتىن چەكلەپ، بىزنى ئەسەبىيلىكتىن ساق-
لاپ قالىدۇ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشتە چاكىنىلىقتىن
توسىدۇ. سادda ۋە ئەركىن مىجەزنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە
نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدۇ. ئالدىنقىلار ياراتقان مۆجىزىلەر-
دىن ھۇزۇرلىنىپ، ئىنسانىيەت ياراتقان ئىجادىيەتلەرنى كۆر-
گەندىلا، سەن كۆز ئالدىڭدىكى مۇشكۈل ۋەزىيەتتە ئۈمىدسىز-
لىك ئىلكىگە چۈشۈپ قالمايسەن. دۇنيادا نام - نىشان قالدۇ-
رۇش ئۈچۈن پۈتۈن قابىلىيىتىڭنى جارى قىلىشقا ئىنتىلىسەن.
يۇقىرىدا تەبىئەت دۇنياسى ۋە تەسۋىرى سەنئەت بىلەن ئۇچرى-
شىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلىدىم.
قالغان قىسمىنى ئۆزۈڭلار ھېس قىلىۋالارسىلەر.

1961 - يىل 14 - سېنتەبىر

# باجىن ( 1904 — )

## تۇنجى ئۇستازىم

باجىن — ئەسلى ئىسمى لى ياۋتاڭ، يەنە بىر ئىسمى شىگەن، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى، سىچۈەن چىڭدۇلۇق، 1927 - يىلى فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ياندۇرقى يىلى يىل ئاخىرى ۋەتەنگە قايتقان، بارلىق كۈچىنى ئۇزۇن مۇددەت ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە خىزمىتىگە بېغىشلىغان، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رومانلىرىدىن «جىددىي ئېقىم»، «ئائىلە»، «باھار»، «كۈز»، پوۋېستلىرىدىن «قەھرىستان كېچە»، «ئارامگاھ» ۋە بىر نەچچە نەسىرلىرى بار.

بۇ ماقالە ئۇنىڭ «ئۇستازلىرىم» ناملىق ماقالىسىنىڭ بىر بۆلىكى.

مەن ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، «ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم» دېگەن ماقالەم چىنلىق بىلەن يېزىلغان. لېكىن مۇكەممەل ئەمەس، ئۇزۇنراق ھەجىمدە يازماقچى بولغان ماقالەمنىڭ بىرىنچى بۆلىكى. مەن ئەسلى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازماقچى ئىدىم. قەلىمىمنىڭ قاشاڭلىقىدىن ئاران شۇنچىلىكلا يازالىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىراش تۈگەتتىم. ئەمدى سىزگە خەت يېزىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاشۇ ماقالەمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرىمەن. سىز خېتىڭىزدە مېنىڭدىن: «سىزنى قانداق ئادەم تەربىيىلەپ مۇشۇنچىلىك قىلدى؟» دەپ ئەگىتىپ سوراپسىز. شۇڭا سىزگە ئۇستازىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەكچىمەن.

شىياڭگاڭدىكى بۇرادىرىمگە ئەۋەتكەن خېتىمدە: «مېنى كىم تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان» لىقىنى ئېنىق دەپ بەرگەنىدىم. مانا ئەمدى «مېنى قانداق ئادەم تەربىيىلەپ مۇشۇنچىلىك قىلدى؟» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىمگە توغرا كەلدى. ئۇلار خۇسۇسىي مەكتەپتە ساۋاتىمنى چىقارغان موللاملار ياكى ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپتە ماڭا يېڭى بىلىملەرنى بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەمەس. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم. ماڭا چوڭراق تەسىر بەرگەنلەر يەنىلا باشقىلار. ئۇلار بولمىغان بولسا، مەن بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم.

تۇنجى ئۇستازىم — مېنىڭ ئاپام. «مۇھەببەت» دېگەن خەتنى ماڭا تونۇتقان كىشى ئاپام دەپ بايام تىلغا ئالغانىدىم. كىچىكىمدە ئاپام مېنىڭ دۇنيايىمنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇ «مۇھەببەت» دېگەن بۇ سۆزنى ناھايىتى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. دۇنيانىڭ يىللىقلىقىنى، سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈشنىڭ بەختىنى ماڭا شۇ بىلدۈرگەنىدى. ئاپام دائىم

يېقىملىق تەلەپپۇزدا تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ مېنى بارلىق ئادەملەرگە، ئۇلار مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن. مۇھەببەت قويۇشقا ئۆگەتكەنىدى. ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغان ھەمدە بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە، بىتەلەي دېدەك ۋە خىزمەتكارلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا ھەم ئۇلارغا كۆيۈنۈشكە، ئۆزۈمنى ئۇلاردىن يۇقىرى قويماسلىققا، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىككە يېتەكلىگەنىدى. ئاپام ئۆزىمۇ كۆپ ھەرەج تارتقان ئايال ئىدى. ئاپام جەمەتلىك چوڭ ئائىلىگە كېلىن بولغان. بۇ ئازابنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن ئەمەس. لېكىن ئاپام مېنىڭ ئالدىمدا ياش تۆككەن ياكى ھەسرەتلىك گەپ - سۆز قىلغان ئەمەس. مەن ئۇنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چىرايىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان. مەن بىر پارچە قىسقا ماقالەمدە: «بىز كېچىسى گۈللۈكنى يورۇتۇپ كۆكتە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى، باھاردا مەجنۇنتاللارنىڭ شېخىدا سايراپ خەندان ئۇرغان ئۇچار قۇشلارنى، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئاي نۇرىنى، سۇ يۈزىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان قۇياشنى ياخشى كۆرىمىز. بىر مۈشۈكنى، بىر ئۇچار قۇشنى سۆيىمىز. بارلىق ئادەملەرگە مۇھەببەت قويىمىز» دەپ يازغانىدىم. ماڭا مۇشۇ مۇھەببەتنى ئۆگەتكەن ئىنسان — ئاپام ئىدى.

مۇھەببەتكە ئېرىشىپ مۇھەببەتنى بىلدىم، ئاندىن مۇھەببەتتىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى، باشقىلار ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۆگەندىم. مېنى جەمئىيەت بىلەن باغلىغان نەرسە — دەل مۇشۇ مۇھەببەت ئىدى. بۇ مېنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىمنىڭ يىلتىزى.

## لياڭ شىچيۇ (1902 — 1987)

# بالىلار

لياڭ شىچيۇ — ئەسلى ئىسمى لياڭ جىجخۇا، ئېلىمىز-نىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى، ئالىمى، بېيجىڭدا تۇغۇل-غان، ئەسلى يۇرتى جېجياڭ كاڭشىيەن، 1915 - يىلى چىڭخۇا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن ئاندىن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان، 1926 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ، شەرقىي - جەنۇب داشۆسىدە، لىڭنەن داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، «ھىلال ئاي» ژۇرنىلىنى چىقارغان، «ھىلال ئاي ئېقىمى» نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكە ئىگە ئەربابلىرىنىڭ بىرى، 1949 - يىلى تەيۋەنگە كەتكەن، ئەنگلىيە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش ئىشى ۋە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، «ئەدەبىيات ۋە تەنقىد توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى بار، «شېكىسپېر ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 40 تومىنى تەرجىمە قىلغان «يىراق شەرق ئىنگلىزچە - خەنزۇچە چوڭ لۇغەت» نى تۈزگەن.

لەنمۇ ئۆمرىدە تويى قىلمىغان، ئۇنىڭ بالىسى يوق. شۇڭا ئۇنىڭ «بويتاقلار شىكايىتى» دېگەن ماقالىسى «ئائىلىيا خاتىرىلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، بالىلارنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، بالىلار خۇددى ئۇستىنى يېپىق ئېرىقتىكى چاشقانلارغا ئوخشاش ھەممىلا يەردە پۇتلىشىپ يۈرىدۇ، دەيدۇ، بالىسى بار كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ماختانماسلىقىنى ئېيتىدۇ. لەنمۇنىڭ گېپى مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە قەتئىي بولسۇن، لېكىن سەل - پەل ھەسرەت ئارىلاشقان.

مەن بالىلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي كەلدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. ئائىلە بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى. بالىلارنى مەركەز قىلمىغان ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى ئىنتايىن ئاز. بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ قوشۇلۇشىسىز ئائىلە ھاسىل بولمايدۇ. بالىسىز ئۆي مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشايدۇ. بالىسى يوق ئادەم ئۆزىنى ھامان بىر نەرسىسى كەمدەك ھېس قىلىدۇ؛ بوۋاق ۋارقىراپ يىغلاپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ئاندىن مۇقىم بولىدۇ. ئەر دادا، ئايال ئانا بولىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئورنى ئاندىن ئۈستىشقا باشلايدۇ. مەن تازا «ئەقىللىق» دەپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر بالىدىن: «ئاپاڭ نېمە قىلىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ بالا: «ماڭا كىيىم تىكىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. «داداڭچۇ؟» دەپ سورىدىم مەن يەنە. بۇ ئەتىۋار بالا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ: «دادام گېزىت ئوقۇيدۇ» دېدى. لېكىن شۇ زامان گېپىنى ئوڭشاپ: «دادام بىز ئۈچۈن پۇل تاپىدۇ» دېدى. بالىنىڭ بەرگەن جاۋابى ناھايىتى توغرا ئىدى. ئاتا - ئانا بالا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئانا ئەتىگەندە ئۆزى شوۋىگۈرۈچ ئىچىپ، بالىغا تۇخۇم بېرىدۇ،

دادا ئەتىگەندە ئۆزى تۇخۇم يەپ، بالىسىغا بېلىق مېيى ئىچۈرىدۇ. بولمىسا، ئاتا - ئانا خۇددى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ساراسىمە ئىچىدە قالىدۇ. ھازىر بالىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۇنىڭ خۇشلۇقى ئائىلە ئىشلىرىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي مەسىلىگە ئايلاندى. قەدىمدىن تارتىپ شۇن- داق بولۇپ كەلگەن. ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئائىلە ئۇزۇمى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان بالىلارنىڭ ئورنى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىلگىرىكى «ۋاپادار بالىلار» ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار ئىدى. بۈگۈنكى ئاتالمىش «ۋاپادار بالىلار» غا ئاتا - ئانىسى ۋاپادار. بالىلارنىڭ ئائىلىنىڭ خوجايىنى. ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ۋاپا قىلمىسا بولمايدۇ.

«بالىلارغا ۋاپادار بولۇش» كۆپتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆز ئەمەس. مەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرگەن. ئۇلار غەلۋە قىلىسا ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ، چۇجە - خورازلاردەك ئۇرۇشىدۇ. ئالدىغا تائام كەلسە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىدۇ. ئاتا - ئانا يوللۇق مويسى- پىتلەردىن ۋە ھۆرمەتلىك مېھمانلاردىن يېتىرقايدۇ. خۇيى تۇتۇپ قالسا، تۇتقاق كېسىلى بار ئادەمدەك يەردە ئېغىناپ يېتىۋالىدۇ. خۇشى تۇتۇپ كەتسە، ئۆيدىكى لاقا - لۇقىلارنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدۇ؛ قولىدىكى نەرسىلەرنى تارتى- ۋالسا... بىراق «بالىسىغا ۋاپادار» ئاتا - ئانىلار بۇنداق ئىشلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، پەرۋا قىلمايدۇ. سەۋر قاچىسى توشقاندا، قاپاقلىرىنى تۈرىدۇ. بۇ ھالەت ئىككى - ئۈچ سې- كۇنت داۋام قىلىپ، تۈرۈلگەن قاپاقلارنىڭ ئورنىدا تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ. ئىش ئاتا - ئانىنىڭ ھاياتىغا ۋە ئىززەت - ئابرويىغا بېرىپ تاقالغاندا، دەرغەزەپكە كېلىپ، بالىلىرىنى بىر نەچچە ئېغىز تىللاپ قويىدۇ. ئەمما ئازراق قورقىتىش خاراكتې- رىنى ئالغان بۇ تىلغا ئاساسەن ئاغرىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاشقان بولىدۇ. قورقىتىپ قويسا، بالىلار ئاتا - ئانىسىنى

مازاق قىلىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانا بالىنى قورقىتىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. مېنىڭ يىسى ئوغلىدىن ۋاپا توغرۇلۇق سوئال سورىغاندا، ئوغلى: «خىلاپلىق قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۈگۈنكى «ۋاپادار بالىلار» مۇ ئاشۇ بالىغا ئوخشاش. ئىشقىلىپ، بالىلارنىڭ ئىرادىسىگە ئازراقلا بىر نەرسە دوقال كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا كۆپ جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلمىسا بولمايدۇ. يېقىنقى زامان ئۆسمۈرلەر پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان «خاراكتېر يېتىلدۈرۈش» تەلىماتى «خىلاپلىق قىلماسلىق» تەلىماتى بىلەن ئوخشاش.

تەن جازاسى بېرىش تۈزۈمىنى كىشىلەر ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ ئاللىقاچان تۈكۈرۈپ تاشلىۋەتتى. مەن چەت ئەلنىڭ بىر ھېكايىسىنى پات ـ پاتلا ئەسلەپ قالىمەن.

بىر ئانا بالىسىنى يېتىلەپ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرىپتۇ. ئۇلار ئويۇنچۇقلار پوكەيسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بالا بىر ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بىرلا ئىرغىپ ئاتقا مىنىۋاپتۇ. بالا تەپتارتماي ئاتنى ئالدى ـ كەينىگە لىڭشىتىپ ئويناپ، ئاتتىن زىنھار چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. ئات سېتىلىدىغان بولغاچقا، كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلغانىكەن. پىرىكازچىكلار بالىنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن بالا چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. ئاپىسىنىڭ گەپلىرىمۇ كار قىلماپتۇ. ماروژنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ بېقىپتۇ، شاكىلات ئېلىپ بېرىمەن، دەپ بېقىپتۇ. بالا مىتمۇ قىلماپتۇ. ئاپىسى مەيلى قانداق نەرسىلەرنى ۋەدە قىلسۇن، بالا قېتىغىمۇ ئالماپتۇ. ناھايىتى قاتمال ھالەت ۋە ئوسال ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ. ئاخىرى ئەقىللىق بىر پىرىكازچىك: «نېمىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان ئۆسمۈرلەر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسىنى چاقىرىپ مۇشكۇلنى ئاسان قىلمايمىز؟» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. تەكلىپ كۆپچىلىكنىڭ

كۆڭلىگە يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پروفېسسور چىراي بىر مۇتەخەسسىسنى سەككىزىنچى قەۋەتتىن چاقىرىپ چۈشۈپتۇ. مۇتەخەسسىس ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاستا بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ. ھېلىقى بالا خۇددى توك تەككەندەك ئاتتىن دومىلاپ چۈشۈپ، ئاپىسىنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ، ھودۇقـ قىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن بىرەيلەن ھېلىقى مۇتەخەسسىستىن بالىغا نېمە دېگەنلىكىنى سورىسا، ھېلىقى مۇتەخەسسىس، مەن ئۇنىڭغا، ئاتتىن چۈشمىسەڭ كاللاڭنى يانجىۋېتىمەن، دېگەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ.

ئۇ گەرچە مۇتەخەسسىس دېگەن نامغا مۇناسىپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بالىغا كۆيۈنمەيدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ناۋاـ دا ئۇ بالا داۋاملىق تەن جازاسىغا ۋە قورقىتىشقا ئۇچراپ كۆنۈپ كەتكەن بولسا، بۇ مۇتەخەسسىسمۇ چارىسىز قالغان بولاتتى. تەن جازاسىنى بىكار قىلىۋەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان دوكتور جون، تەن جازاسىنىڭ خاسىيەتلىك يېرى، دەل ۋاقتىدا ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىدا، دەپ قارايدۇ. لېكىن دوكتور جون XVIII ئەسىرنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ كۆز قارىشى ھازىرقى دەۋر روھىغا توغرا كەلمەيدۇ!

فاردې ئۆزىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىدا: بالا يېڭى تۇغۇلـ غاندا، ئاتا ـ ئانا بالىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، چوڭىراق بولغاندا، شىجائەتلىك دەپ بالىسىدىن ماختىنىدۇ، قۇرامىغا يەتكەندە بالا يامان يولغا كىرىپ، دارغا ئېسىلىپ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ بوۋاي تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن «كىچىكىدە چېچەن بالا، ئىرادىلىك بولىدۇ، مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئاخىرى بىرىنىپ نابۇت بولىدۇ» بۇ ھەقىقەتەن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا بولىدىـ غان فورمۇلا، «كىچىكىدە ئەقىللىق بالىنىڭ چوڭ بولغاندا ئەقىللىق بولۇشى ناتايىن» دېيىش ئاساسى يوق گەپ بولسا

كېرەك. ئاتا - ئانىلارنىڭ يەنىلا ئۈمىدۋار بولغىنى ياخشى. بالىسى ياغاچ ئاتقا مىنگۈدەك بولغاندا، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنى لەكمىك جەسۇر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئات ئۈستىدىكى باھادىر قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ياپونغا قارشى مەزمۇندىكى بىرەر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى غىڭشىيالىسا، بالىسى كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پەلەكتىن ھالقىغان گۈلدۈراس سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. تاسادىپەن چوت ئۇرۇۋقلىرىنى ئويناپ قالسا، بالىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى مالىيە ھوقۇقىنى تۇتۇپ، قوشۇمچە ھايانكەشلىك سودىسى قىلالايدىغانلىقى ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغاندەك بولىدۇ. بۇنداق ئۈمىدۋارلىق كۆپ ھاللاردا زىيادە لاپ ئۇرۇشقا، ماختىنىشقا، ياندىكىلەرنىڭ تەسىراتىنى سۆزلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەن مۇنداق بىر كارىكاتورانى كۆرگەن. كارىكاتورادا: بىر بالا دادىسىنىڭ تىزىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىدىكى ئويۇنچۇق بىلەن دادىسىنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋاتقان. «قاراڭلار، مېنىڭ بالام نېمىدېگەن شوخ، نېمىدېگەن ئوماق!» چىرايىدىن مۇشۇنداق ئىپادە چىقىپ تۇرغان دادىنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن. يان تەرەپتە بىر مېھمان بۇ ھالەتنى كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ھەم قىزىقىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلۈپ ئولتۇرغان. بۇ كارىكاتورانىڭ تېمىسى «رول ئېلىش سەنئىتى». بىر مېھماننىڭ باشقىلارنىڭ بالىسىغا قىزىقسىنىپ قاراپ قېلىشى، بۇ ھەقىقەتەن «رول ئېلىش سەنئىتى» گە پىششىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. دەرۋەقە، لەنمۇ بۇنداق رول ئېلىشنى خالىمايدۇ.

بالىلارنىڭ ئارىسىدا دۆترەك، ھۇرۇنراق، كەپسىزرەك، سەترەك، ئاجىزراق ھەم يېقىمسىزراق بالىغا ئادەتتە ئاتا - ئانا ئامراق بولىدۇ. بۇنى چۈشەندۈرمەك ناھايىتى تەس. «غەرىبكە

سایاهەت» تە تاڭ سىلىك نېمىشقا جۇباجىيغا ئامراق؟ مۇشۇنىسى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك.

«دەرەخ تۆز ئۆسىدۇ» دېگەن ماقالىدىن باللارنى باشلىمىسمۇ بولىدۇ، كىچىكىدە ئانچە - مۇنچە كەپسىزلىك قىلغىنى بىلەن، چوڭ بولغاندا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن كۆچەت تۈپتۈز دەرەخ بولامدۇ - يوق؟ مەن بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

# لاۋشې (1899 — 1966)

## ئايالىمغا يېزىلغان خەت

لاۋشې — ئەسلى ئىسمى شۇ چىڭچۈەن، خەتەللۇسى شې يۈ، ئىلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ۋە دراماتۇرگى، بېيجىڭلىق، بۇرۇن ئەنگىلىيىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنى شۇ چاغدىن تارتىپ باشلىغان، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، چىلۇ داشۆسىدە، شەندۇڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1946 — يىلى لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بېرىپ، 1949 — يىلىنىڭ ئاخىرى ۋەتەنگە قايتقان، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «شياڭزى تۆگە»، «بىر ئائىلىدىكى تۆت ئەۋلاد» قاتارلىق رومانلىرى، «لوڭشۈي جىلغىسى»، «چايخانا» قاتارلىق درامىلىرى بار.

لاۋشې ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئائىلىسىنى تاشلاپ، ۋۇخەن ۋە چۇڭچىڭلاردا مەملىكەتلىك ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەر دۈشمەنگە قارشى بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۇ بۇ خەتنى چۇڭچىڭدىن بېيجىڭدىكى ئايالى خۇ چىڭچىڭغا يازغان.

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ تولىمۇ خاتىرجەم بولدۇم! جى بىلەن يېنى مەكتەپكە بېرىپ بەك ياخشى قىلىپسىز! ئەقلىي قۇۋۋىتى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماڭ. بۇنداق قىلىش بالىلارغا جىسمانىي ۋە روھىي ياقتىن زىيانلىق. مەن ئويلايمەن، ئۇلار ئاز ـ تولا خەت بىلسە، ئاز ـ تولا قوشۇش بىلەن ئېلىشنى ئۇقسا، تارىختىن ئازراق خەۋەردار بولسىلا كوپايە، تېنى ساغلام بولسا، كەلگۈسىدە ھۈنەر ئۆگىنىپ جاھانسازلىق قىلىپ كېتەلەيدۇ. داشۆدە ئوقۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. قىزىم ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان، نۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان، چولپان بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئوغلۇم تېمەن چوڭ بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن ۋە ھېرىش ـ چارچاشتىن قورقمايدىغان بولسا، مەن ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم! بالىلىرىمنىڭ ھالال قان ـ تەرىگە تايىنىپ ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سەممىي بىر رىكشىچىنىڭ ياكى بىر ئىشچىنىڭ بىر پارىخور ئەمەلداردىن ئۈلۈكى ئارتۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بالىلار كۆپرەك ئوينىسۇن، ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە زورلىماڭ. كىتاب خۇمارلىرىغا ئەمەلدار بولۇش پۇرسىتى بار، يۈكسىلىش پۇرسىتى يوق. بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق!

شياۋ يۈنىڭ تولىراق ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولغىنى مۇۋاپىق. ئۇنىڭغا خەت ئۆگەتمەڭ. ئۇ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىردى. ئەر ـ خوتۇن مودېلنىڭ ئۈچ ـ تۆت ياشقا كىرگەن بالىسىغا خەت ئۆگىتىپ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ماختانغانلىقىنى ھەر قېتىم كۆرىمەن. ئۇلار ئۆسمۈرلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈۋالغان. بۇ ھال ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ياقتىكى تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىپ، تەرەققىي قىلىشنى بوغۇپ قويىدۇ. ئەر ـ خوتۇن مودېل مانا بۇنى ئۇنتۇپ قالغان.

يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىم سەل ياخشى. ئىشتىيىم

بىلەن ئۇيقۇمۇ ئوبدان. لېكىن بېشىم يەنە قېيىپ كېتەمدىكىن، دەپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن قورقۇۋاتىمەن. مېنى ئۇستا ھەم مەسئۇلىيەتچان بىر تونۇش دوختۇر داۋالاۋاتىدۇ. مەندىن دا- ۋالاش ھەققى ئالمىدى. دوردىلارنى ئەسلى باھاسى بويىچە بېرىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قەۋەت مىننەتدار! نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ مېنى تەكشۈرۈپ، سىزدە چوڭ كېسەل يوق ئىكەن، ئاجىزلاپ قاپسىز، قان تولۇقلايدىغان ئوكۇلدىن يەنە بىرنى ئۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن، دېدى. ئوكۇلنىمۇ ئۇرۇپ قويدى. سالامەتلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى كېسەل بولۇپ ئاندىن بىلدىم. سالامەتلىك ياخشى بولمىسا، ئەۋلىيالارمۇ ئامالسىز قالىدىكەن!

باھار كەلدى، مېنىڭ قاراڭغۇ كۆلبەمگىمۇ كۈن نۇرى چۈشتى. ئۈستىلىمنىڭ بىر چېتىدە شاپتۇل گۈلى چىلاپ قويۇلغان بىر لوڭقا بار.

تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن! مەن ئۈچۈن بالىلىرىمنى سۆيۈپ قويۇڭ!

شې شاڭ، 10 - مارت.

# لىيۇ شاۋچى (1898 — 1969)

## ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت

لىيۇ شاۋچى — ئېلىمىزنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىيونى، خۇنەن نىڭشياڭلىق، 1921 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، ئازادلىقتىن كېيىن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەيۈەنجاڭى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىنىڭ بىرى.

1955 - يىلى، لىيۇ شاۋچىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى لىيۇ يۈنرۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئايروپىلاننىڭ سىمسىز رادىئو كۆرسەتكۈچ سايمانلىرى كەسپىدە ئوقۇيدۇ، ئۇ ئەسلى ئەدەبىياتقا قىزىققاچقا، ئۆز كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەيدۇ. ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ چىقىشالمايدۇ. سىنىپتا قېلىش ۋە باشقا مەكتەپتە ئوقۇش دەۋاسىنى قىلىدۇ. لىيۇ شاۋچى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، كەينى - كەينىدىن ئۇزۇن خەت يېزىپ ئوغلىنى تەنقىدلەيدۇ. لىيۇ يۈنرۇ خەتنى ئوقۇپ خاتالىقىنى تونۇيدۇ. ئۆز كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە قازىنىپ ۋەتەنگە قايتىدۇ. بۇ ماقالە ئاشۇ ئۇزۇن بىر نەچچە خەتنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

نېمە ئۆگىنىدىغانلىقىڭ توغرۇلۇق سەن چەت ئەلگە مېڭىشىڭنىڭ ئالدىدا سەن بىلەن سۆزلەشكەنىدىم. مەن شۇ چاغدا ساڭا، مەيلى كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىل، بىرەر كەسپىي بىلىمنى ئۆگەن، دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىم. بىرەر كەسپىي بىلىمنى ئۆگەنسەڭ، كەلگۈسىدە مەيلى نېمە خىزمەت قىل، پايدىسىنى كۆرىسەن. باشقا خىزمەت قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، ئۆگەنگەن كەسپىڭنى قىلساڭ بولىدۇ. ناۋادا بىرەر كەسپىڭ بولمىسا، مەيلى قانداق خىزمەت قىلما، ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن. ھازىرقى (پەقەت بەش يىل) كەسپىڭنى ئوقۇپ تۈگەت. كەلگۈسىدە باشقا خىزمەت قىلىشىڭغا مۇشۇ كەسپىڭ كاشىلا قىلىش تۇگۇل، ساڭا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئالايلۇق، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئەسلىدە دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، دوختۇرلۇق ئۇنىڭ ئۇلۇغ سىياسىيون بولۇپ قېلىشىغا توسقۇن بولالمىغان، لۇشۈنمۇ دەسلەپ دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپ قېلىشىغا دوختۇرلۇق كاشىلا قىلالمىغان؛ ماۋجۇشى باشتا مائارىپ ئۆگەنگەن، ماۋجۇشىنىڭ پارتىيىمىزنىڭ داھىيسى بولۇپ قېلىشىغا مائارىپ توسقۇن بولالمىغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ناۋادا سەندە ئىجادچانلىق روھى بولسا، كەلگۈسىدە باشقا خىزمەت قىلىشىڭغا ھازىر ئوقۇۋاتقان كەسپىڭ توسالغۇ بولامدۇ؟ ياق، پەقەت ياردىمى بولىدۇ، زىيىنى تەگمەيدۇ. بۇ خۇددى سۇن جۇڭشەن، لۇشۈن ئۆگەنگەن دوختۇرلۇق، ماۋجۇشى ئۆگەنگەن مائارىپ ئۇلارنىڭ سىياسىيون، ئەدىب ۋە داھىي بولۇپ قېلىشىدا زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق رول ئوينىغانغا ئوخشاش. سىياسىيون ياكى ئەدىب بولۇش ئۈچۈن بىرلا كەسپىي بىلىمنى ئىگىلەش كۇپايە قىلمايدۇ. ئىجادچانلىق روھىغا باي، كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئەھلى بولۇش كېرەك.

سەن ئوقۇتقۇچى بولىمەن دەپسەن، ئەمىسە كەسپىڭنى

ئوبدان ئوقۇ، ئوقۇتقۇچى بولۇشىڭغا كەسپىڭ تاقاشمايدۇ. بەلكى ناھايىتى ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇشۇڭغا ياردەم بېرىدۇ.

باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىش ئىشىڭغا كەلسەك، سەۋەبلىرىڭ تولۇق ئەمەس ئىكەن. تەشكىلگە ئىلتىماس قىلىپ كۆرۈپ باق. يازغان خېتىڭدىن قارىغاندا، باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبلىرىڭ ئورۇنسىزدەك قىلىدۇ. «دەرسلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ئاۋئاتسىيىنى ياخشى كۆرمەسلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى بىر تۇركۇم كىشىلەر بىلەن چىقىشالمىدىم» دەپسەن. باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىشىڭگە بۇ ئاساس بولالمايدۇ. ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن چىقىشالماي تۇرۇپ باشقا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن قانداق چىقىشالايسەن؟ ئۇلار بىلەنمۇ چىقىشالمىساڭ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ يەنە يۆتكىلەمسەن؟ باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىش ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. سېنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىڭ ھېچكىمنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. مەن سېنىڭ ھازىرقى مەسىلەڭنى باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا ياخشىسى، سەن باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىشنى ئىلتىماس قىلما. باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىش تەشكىل ئۈچۈن ھەم ئۆزۈڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئاۋارىچىلىق ۋە ھەر ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق.

خېتىڭدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك، خاتا بولغان ئۈمىدسىز تۇرمۇش قارىشى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەمەس. ياشلار بۇنداق كەيپىياتتا بولماسلىقى كېرەك. سەل ـ پەل مىجەزىڭ بولمىسا، ئوڭشىلىپ قالىسەن. لېكىن كەيپىياتىڭغا تەسىر يەتمىسۇن. بۇنداق كەيپىياتنى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن ئۆزگەرت. ھەممە نەرسىگە ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدە بول، ئۇنداق بولمايدىكەن، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىسەن.

ۋەتەندىكى چېغىڭدا كەمسۆز ئىدىڭ. ئىدىيەڭدىكى مەس-

لىلەرنى كۆپ ئاشكارىلىمايتتىك. شۇڭا ئىدىيە جەھەتتىن ساغلام ياردەم قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم. سەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن ماڭا نۇرغۇن خەت يازدىڭ، ئىدىيەڭدىكى كۆپ مەسىلىلەرنى ئاشكارىلىدىڭ. بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، ئىدىيەڭدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا ياردەم بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بىرنەچچە پارچە ئۇزۇن خەت يېزىپ، ئەلچىخانىمىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئارقىلىق ساڭا ئەۋەتتىم. ئەلچىخانا پارتىيە تەشكىلاتىمۇ ساڭا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق ياردەمنى مېنىڭ خاتا ئىدىيەمگە بېرىلگەن تەنقىد دەپ بىل. مېنىڭدىن قۇسۇر ئىزدىگەنلىك ياكى مېنى تىللىغانلىق دەپ قاراپ تەنقىدنى قوبۇل قىلمىساڭ بولمايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. سەمىمىيلىك بىلەن سەندىكى مەلۇم خاتالىقنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەرگەن تەنقىدنى «ئادەم تىللاش» قا ئارىلاشتۇرۇۋالما. ئادەم تىللاش دېگەنلىك، بىر كىشىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدىغان بۇنداق ئىللەتنى بۇرۇن سېنىڭدە پات - پات كۆرۈپ قالاتتىم. ياخشى نىيەتتە يولداشلارچە قىلىنغان تەنقىد بىر كىشىگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ياردەم. شۇڭا «شىپالىق دورا قېرىق كېلىدۇ، پايدىلىق گەپ قۇلاققا ياقمايدۇ». مەن دەۋاتقان بۇنداق تەنقىدنى چوقۇم قارشى ئېلىش، ھەرگىز رەت قىلماسلىق كېرەك. تەنقىدنى قوبۇل قىلىپ، خاتالىقنى تۈزىتىش بىلەن «يۈز» چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىشقىلىپ ئۆزىنى ئاسرايدىغان غۇرۇرلۇق كىشىلەر تەنقىدنى قوبۇل قىلىدۇ. يولداشلار بەرگەن تەنقىدنى قوبۇل قىلىپ، خاتالىقنى تۈزىتىش غۇرۇرىنى يوقاتقانلىق ئەمەس، ساختىپەزلىك بىلەن غۇرۇرنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالدىم، دەپسەن. بۇ

ئىنتايىن ياخشى. يولداشلارنىڭ بەرگەن تەنقىدىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشقا هەر قانداق كىشى ئادەتلەنسۇن. بۇ قەدىمكىلەر دېگەن: «كەمچىلىك — خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشال بولىدىغان» پوزىتسىيە. بۇ ناهايىتى ياخشى. لېكىن يۈزنى داپتەك قىلىپ، تەنقىدنى سۈكۈت بىلەن رەت قىلىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ غورۇرىنى يوقىتىپ قويىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇش يارىمايدۇ.

مەن سېنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇزىتىپ قويغان چېغىمدا ئەستە ساقلىشىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئۇقتۇرۇپ قويغانىدىم: مەغرۇرلانماسلىق، باشقىلارنى كەمسىتمەسلىك، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى هۆرمەت قىلىش، كۆپچىلىك ئۈچۈن ئازغىنا زىيان تارتىشقا رازى بولۇش. مەن يەنە لۇشۈننىڭ: «غەزەپ بىلەن هومىيىمەن زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي باللارغا» دېگەن مەشهۇر سۆزىنى نەقىلمۇ كەلتۈرگەنىدىم. بۇ گەپلەر هېلىمۇ يادىڭدىمۇ - بىلمەيمەن. سېنىڭ ئىزچىل تۈردە خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈڭدىكى سەۋەب، سەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋە يولداشلىرىڭنىڭ ئالدىدا «سەبىي باللارغا باش ئەگكەن كالا» بولۇشنى خالىمايسەن. يازغان خەتلىرىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش تۇرماق، تەرەققىي قىلدۇرۇپسەن. خاتالىقىڭنى تونۇغانلىقىڭنى تەشكىلىڭگە جاكارلا. يولداشلارنىڭ تەنقىد بېرىشىنى ئۆتۈن. كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىل. مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يولداشلارنىڭ ئالدىدا «سەبىي باللارغا باش ئەگكەن كالا» بول. ساۋاقداشلىرىڭ ۋە تەشكىلىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭ ياخشى بولمىسا، هەقىقەت پۈتۈنلەي سەن تەرەپتە بولمىغان ئەهۋالدا مەن سېنى قوللىمايمەن. تەشكىلىڭگە ئىشىنىمەن. خاتالىقىڭنى تۈزەت. ئۇنداق قىلماي، خاتالىقىڭدا چىڭ تۇرىدى-

كەنسەن، تېخىمۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزىسەن.
سەن ھەمىشە ئۆزۈڭنىڭ توغرا، باشقىلارنىڭ خاتا، باشقىلار ماڭا يۈز كېلەلمەيدۇ، مەن باشقىلارغا يۈز كېلەلەيمەن دەپ قارايدىكەنسەن، باشقىلارنى ئويلىمايدىكەنسەن، باشقىلار مەن ئۈچۈن قۇربان بەرسۇن دەيدىكەنسەن. سېنىڭ باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمايدىكەن، باشقىلارنىڭ سەن ئۈچۈن كارى بولۇشىنى ئىزدەيدىكەنسەن. بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ بۇ يولداشلار بىلەن چىقىشالماسلىق ۋە ھەمكارلىشالماسلىق پوزىتسىيىسى، تەشكىل ھەم كوللېكتىپ بىلەن قارشىلىشىش پوزىتسىيىسى. ئۆزىنى كوللېكتىپنىڭ قارشى تەرىپىگە قويۇۋالىدىغان شەخسىيەتچىلىك. شەخسىيەتچىلىك — بۇرژۇئا ئىدىيىسىگە، كوللېكتىۋىزملىق پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە ياتىدۇ. سەن شەخسىيەتچىلىكنى تاشلا، كوللېكتىۋىزملىقنى قوبۇل قىل. ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق مەسىلىدە ئەڭ ئاۋۋال كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا، شەخسىي ئىستەك، شەخسىي مەنپەئەتنى بويسۇنغۇچى ئورۇنغا قويۇش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق ئادەم بولۇشقا، ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلا. بۇ جەھەتتە چېنىقىشنى كۈچەيت. شەخسىي بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھەر ۋاقىت دىققەت قىل. خاتالىق بولسا، دەرھال تۈزەت. ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي يارامىلىق ئادەم بولالمايسەن.

## فېڭ زىكەي (1898 — 1975)

# بالىلىرىم

فېڭ زىكەي — ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان رەسسامى ۋە يازغۇچىسى، جېجياڭ توڭشاڭلىق، ئۇ رەسىم ۋە مۇزىكىنى لى شۇتوڭنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن، 1921 - يىلى ياپونىيىگە بارغان، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ «كەيمىڭ» كىتابخانىسىدا تەھرىر، شاڭخەي داشۆسى، فۇدەن داشۆسى ۋە جېجياڭ داشۆلىرىدە گۈزەل سەنئەت پروفېسسورى بولغان، 4 - ماي ھەرىكىتىدىن كېيىن ھەجۋى رەسىم سىزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «دۇمباق سادا سى»، «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» قاتارلىقلار بار.

تۆت ئاينىڭ ئۆلدىدىكى بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم. مەن شۇ چاغدا خۇددى گۇناھكارلارنى يالىغاندەك تۇيۇقسىز يەنىزگە ئوخشاش ياشتىكى بىر توپ ئوغۇل - قىزلارنى شاڭخەي كونسېپسىيىسىدىن يالاپ ئاچىقىپ، پويىزغا سالدىم. ئۇلارنى سەھراغا ئاپىرىپ ئادەتتىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئۆزۈم شاڭخەي كونسېپسىيىسىگە قايتىپ تۆت ئاي يالغۇز تۇردۇم. بۇ ئىشنىڭ نېمە مەقسەتتە، قانداق پىلان بىلەن قىلىنغانلىقىنى ھازىر ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەقسەت بىلەن پىلان ئۆزىنى ئالدايدىغان ۋە ئۆزىنى ئاۋارە قىلىدىغان قۇرۇق گەپ ئىدى. بۇنىڭ كىشىلىك ھاياتقا قانچىلىك پايدىسى بار؟ بۇ قايغۇ ئارىلاشقان خۇشال ھېسسىياتنى ئەخمەق قىلىپ، كۆڭۈل جاراھىتىنى ئېغىرلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

شاڭخەيگە يالغۇز قايتىپ كېلىپ، كونسېپسىيە بىناسىدىكى بوشاپ قالغان زېرىكىشلىك ياتىقىمغا كىرىپ بۇددانومىدىكى: «بۇلۇتتىن خالىي تىنىق ئاسماندەك، قۇپقۇرۇق مېنىڭ كۆڭۈل بوستانىم؛ قۇپقۇرۇق ئىكەن ھەم يەتتە ئىقلىم!» دېگەن سۆزلەر بىردىنلا كۆڭلۈم ئېكرانىدا نامايان بولدى.

كەچتە ياتاقنى يىغىشتۇردۇم. ئۈچ يىلدىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئوچاق بېشىدىكى غىدىر چىنە، قازان - قومۇچ، ئوتۇن ۋە كۇرۇچ قاتارلىق لاقا - لۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا كۈنلۈك ئىشلىگەن بېقىنىمىزدىكى دۇكان خوجايىنىنىڭ ئوغلىغا بېرىۋەتتىم. كونىراپ كەتكەن تۆت كىشىلىك باللار ئايىغىنى (سەۋەبىنى بىلمەيمەن) ئەپقېلىپ كارىۋىتىمنىڭ ئاستىغا رەتلىك تىزىپ قويدۇم. ئاياغلارغا كۆزۈم چۈشۈپ قالسا، مېنى پات - پاتلا بىر خىل خۇشاللىق چۇلغىۋالاتتى. ئاردىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى قوشنام پاراڭلاشقىلى كىرىپ، كارىۋاتنىڭ

ئاستىدىكى ئاياغلاردىن چىققان پۇراقتا چىدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى دېۋىدى، مەن ئاندىن دۆتلۈك قىلغانلىقىمنى بىلىپ ئاياغلارنى ئېلىۋەتتىم.

يار - بۇرادەرلىرىم مېنى بالىلىرىغا كۆيىدۇ، دېيىشىدۇ. بالىلىرىمغا ھەقىقەتەن كۆيىمەن. بولۇپمۇ يالغۇزلۇقتا ئۇلارنى سېغىنىپ قالسام تېخىمۇ شۇنداق. ماڭا بۇنداق سېغىنىش بىلەن كۆيۈشكە، تەبىئىي سەزگۈدىن باشقا، قانداقتۇر تېخىمۇ كۈچلۈك بىر تۇيغۇ قوشۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا كۆپ ھاللاردا ئۆزۈمنىڭ رەسساملىق قابىلىيىتىگە، قەلىمىمنىڭ قاشاڭلىقىغا قارىماي رەسىم سىزىمەن، ماقالە يازىمەن. چۈنكى مېنىڭ بالىلىرىم كىچىك. ئەڭ چوڭى ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىردى. بالىلىرىمغا بولغان كۆيۈنۈش ھەم سېغىنىشنىڭ بىر قىسمىنى باشقا بالىلارغا — پۈتۈن دۇنيادىكى بالىلارغا ئاتىۋەتكەنمەن. ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىمەن؟ شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن ھازىرقىدەك بولمايدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمەن. ئۇ چاغدا ھېلىقى تۇيغۇغا ئورۇن قالمايدۇ.

يالغۇزلۇقتا تىنچ ۋە ئارامخۇدا ئۆتكەن تۆت ئايلىق تۇرمۇشنى ئويلىسام، بۇ تۇرمۇشتىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيدىغاندەك، ماڭا مۇشۇنداق تۇرمۇشنى نېسىپ قىلغان تەقدىرگە رەھمەت ئېيتقۇدەك بولۇپ كېتىمەن. يۇرتۇمغا بېرىپ ئاشۇ بىر توپ بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالسام، ئىختىيارسىز ئازاب چېكىمەن. چۈنكى، مەن بىر بولسا، خىيال بىلەن سولىشىپ ئولتۇرىمەن، بىر بولسا، تەتقىقاتقا، ئۇنى - بۇنى يېغىشقا كىرىشىپ كېتىمەن. بىر بولسا، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىپ، مېھمان كۈتۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمەن. ئۇلارنىڭ ساددا، ساغلام ۋە جانلىق تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ تۇرمۇشۇم، ناھايىتى

ئىنقكى، كېسەل تەگكەن تۇرمۇش، مېيىپ بولغان بىنورمال تۇرمۇش.

تومۇز كۈنلىرى ئىدى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتتىم. ئەتىسى كەچقۇرۇندا تۆت بالامنى — توققۇز ياشلىق ئاباۋنى، يەتتە ياشلىق رۇەن رۇەننى، بەش ياشلىق جەن جەننى، ئۈچ ياشلىق ئاۋننى باشلاپ ئۆيدىن چىقتىم. بىز هويلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپ تاۋۇز يېدۇق. بىنەپشە رەڭگە كىرگەن كەچكى شەپەقنىڭ تەسىرىدە چوغدەك قىزارغان قۇياشنىڭ نۇرلىرى بارا ـ بارا ئۆچۈپ، ئەتراپنى ئاستا ـ ئاستا سالقىن كېچە ئىگىلىدى. مەيىن شامال باللىرىمنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. بەدىنىمىزدىكى تەرلەر ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى. خۇشاللىقىدا تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان باللىرىم ئۆزلىرىنى كەپسىزلىك قىلمىسا، بىر يېرى كەم بولۇپ قالىدىغاندەك هېس قىلىشاتتى. باشتا ئۈچ ياشلىق بالام مۇزىكىدىكى تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇ بۇكۈنكى بۇ كەيپىياتتىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. شۇڭا هەجايغان هالدا تاۋۇز يېگەچ ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ چىپار مۇشۇكنىڭ يېمەكلىك ئوغرىلىغان چاغدىكى ئاۋازىنى دورىدى. شۇنىڭ بىلەن بەش ياشلىق جەن جەننىڭ ئىلهامى قوزغالدى. ئۇ: «جەن جەن تاۋۇز يېدى، رۇەن رۇەن تاۋۇز يېدى، ئاۋىمۇ تاۋۇز يېدى» دەپ بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى. بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئاڭلاپ، نەسىرگە ۋە ماتېماتىكىغا قىزىقىدىغان يەتتە ياشلىق بالام بىلەن توققۇز ياشلىق بالام شۇئان تۇرالماي قېلىشتى. ئۇلار جەن جەننىڭ شېئىرىنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ: «تۆت ئادەم تۆت تىلىم تاۋۇز يېدى» دەپ نەتىجىسىنى بىزگە دوكلات قىلدى.

مەن باهالىغۇچى بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىچىمدە باهالىدىم. مېنىڭچە، ئۈچ ياشلىق ئاۋىنىڭ مۇزىكىلىق تىل

بىلەن ئىپادىلىشى چوڭقۇر ۋە تولۇق بولدى. ئۇ ئۆزىگە ياقـ
قان كەيپىياتنى كەم-كۇتىسىز ئىپادىلەپ بەردى. بەش ياشلىق
جەن جەن بۇ كەيپىياتنى شېئىرلاشتۇرۇپ، كـۇرسىنـى چۈشۈرۈـ
ۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ رىتىم ۋە قاپىيىدىن تەركىب تـاپـقـان
شېئىرىي پىكـرىدە جانلىق هايات ئۆز ئىپادىسىنى تاپقـانىدى.
رۇەن رۇەن بىلەن ئاباۋنىڭ ئۇقۇمنى نەسرىي شەكىلدە ماتېماـ
تىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىشى ئالدىدا جەن جەنـىنىڭ شېـ
ئىرى بەكلا چېنىپ قـالغـانىدى. پۈتۈن زېهـنىمىزنـى تـاۋۇز
يېيىشكە قاراتقـان مۇشۇ ئىشـتـا ئۇلار روشـەن كۆڭۈل كۆزى
بىلەن چوڭلار كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى تولۇق كۆرگـەن. دۇنـ
يادا بالىلارنىڭ كـۆڭـۈل كۆزى ئەڭ روشـەن. ئۇلار دۇنـياـ
دىكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ ئېنىق هـەم ئەڭ تولـۇق
كۆرەلەيدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا سېلىشتۇرسام، مېنىڭ كۆڭۈل
كۆزۈمنى دۇنيانىڭ دىشۋارچىلىقلىرى توسۇۋالـغـان. مـەن بىر
بىچارە، مېيىپ ئادەم. مەن ئۆزۈمنـى ئۇلارنـىـڭ «دادا» دەپ
چاقىرىشىغا ئەرزىمەيدىغانـدەك هېس قىلىمـەن. لېكىن «دادا»
هۆرمەتلىك.

هۇجرامنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگـە بىر
ئۇستەلنى ۋاقىتلىق قويۇپ، ئۇستىگە مـاقالە قـەغىزى، سـالام
خەت قەغىزى، قەلەم ۋە سىياهدان، سىياه قۇتىسى، شىلىم قۇـ
تىسى، سائەت ۋە پەتنۇس قاتارلىقـلارنى رەتـلىك تىزىـپ قوـ
ياتتىم. باشقىلارنىڭ قالايمىقان قىلىۋېتىشىنى خـالىمايتتىم. بۇ
مېنىڭ يالغۇزلۇقتا يېتىلـدۈرگـەن ئادىتىم ئىـدى. بىزنىڭ —
چوڭـلارنىڭ ئادەتـتـە هەرىكىتىمىز هەمىشە ئېھتىياتچان، ئەسـ
تايىدىل، سالماق ۋە سىپايە بولىدۇ. مەسىلەن، سىياه ئېزىش،
قەلەمنى قويۇش، چاي قۇيۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئاۋايلاپ ئىش
قىلىمىز. ئۇستەلدىكى نەرسىلەرنىڭ قالايمىقـان قىلىۋېتىلـمەي
هەر كۈنى ئۆز پېتى تۇرۇشىنى ئىزدەيمىز. چـۈنـكـى بىزنىڭ

پۈت ـ قوللىرىمىزنىڭ پەيلىرى كۆپ قېتىم فىزىئولوگىيىلىك سىناقلارغا ئۇچراپ، ھوشيارلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن. لېكىن باللىرىدىن ئۇستىلىمگە يامىشىپ چىقىۋالسا، مېنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇستەلنىڭ ئۇستىنى قالايمىقان قىلىۋېتەتتى. نەرسىلىرىمنى بۇزۇۋېتەتتى. ئۇلار قەلەمنى قوللىرىغا ئېلىپ، سىلكىپ، ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە سىياھ چاچرىتىۋېتەتتى. قەلەمنى قېپىدىن چىقىرىش ئۇچۇن كۇچەپ تارتاتتى، قوللىرى چەينەككە تېگىپ كېتىپ، چەينەكنىڭ ئاغزى يەرگە چۇشۇپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتەتتى... مەن بۇ چاغدا سەۋر ـ تاقەت قىلالماي قالاتتىم ـ دە، كايىپ تۇرۇپ قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تارتىۋالاتتىم. ھەتتا شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ سالاتتىم. يەنە دەرھال پۇشايمان قىلاتتىم. تۇرۇلگەن قاپىقىم شۇئان ئېچىلىپ، تارتىۋالغان نەرسىلىرىنى ھەسسىلەپ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەتتىم. ئۇرۇپ قويۇپ ئىچىم ئېچىشىپ كېتەتتى. نەتىجىدە ئاچچىق قىلىشتىن بەزلەشكە ئۆتەتتىم. چۇنكى خاتا قىلغانلىقىمنى شۇئان چۇشىنەتتىم. باللىرىمدىن ئۇلارنىڭ ماڭا ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىش نېمىدېگەن بىمەنىلىك! مەن ــ بىز چوڭلار ــ پۇت ـ قوللىرىمىزنىڭ پەيلىرى رېئاللىقنىڭ بېسىمىدىن تارتىشىپ قالغاچقا، ساناپ دەسسەيدىغان بولۇپ قالغان. تەڭرىم بەرگەن ساغلام پۇت ـ قوللارغا ۋە تۇگىمەس كۇچ ـ قۇدرەتكە ئىگە باللىرىمىز قانداقمۇ بىزدەك رودۇ بولسۇن! چوڭلارنىڭ سالام ـ سائەت، باردى ـ كەلدى قىلىش قاتارلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى خۇددى كىشەن ـ كويزىدەك باللىرىمىزنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان ساغلام ۋۇجۇدى بىلەن كۇچلۇك پۇت ـ قوللىرىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېتىك باللىرىمىزنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئاستا ـ ئاستا پالەچ بولۇپ، بىر يىپنى تۇتماس مېيىپ ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مېيىپ كىشىدىن ئۇنىڭ ساغلام كىشىلەرگە ئوخشاش

يۇرۇش - تۇرۇشنى تەلەپ قىلىش — بۇ ھەقىقەتەن ئالجىغانلىق!

بالىلىرىم ماڭا قانداق قارايدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ دادا بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئۆزۈمدىن داۋاملىق گۇمانلىنىمەن ھەم ھەيران بولىمەن. مەن بىلەن ئۇلار باشقا - باشقا دۇنيانىڭ ئادەملىرى. ئۇلار مەندىن ئەقىللىق ھەم مەندىن كۆپ ساغلام. لېكىن ئۇلار يەنىلا مېنىڭ بالىلىرىم. بۇ نېمىدېگەن قالتىس مۇناسىۋەت - ھە! كىشىلەر بالىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بەختلىك! ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پەقەت چۈشەنمەيمەن. مەن دۇنيادا كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ دوستانە بولۇشى ئەقىلغا ئەڭ مۇۋاپىق، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، دادا بىلەن بالا، ئاكا بىلەن ئۇكا ئارىسىدىكى ئىنتايىن تەبىئىي مېھىر - مۇھەببەت ئەڭ كەڭ مەنىدىكى دوستلۇقنى نامايان قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. دوستلۇق ھەقىقەتەن ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئاساسى. پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن دوست، ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى. كىشىلەر ئاتا - ئانىسىدىن باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بىزنى ئاتا - ئانىمىز ئاپىرىدە قىلغان، شۇڭا شۇلاردەك ئادەم بولۇشىمىز، ئۇلارنىڭ نەسىبىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بالىسى يوقلار بولسا خۇرسىنىپ تۇرۇپ تەڭرىگە نالە قىلىدۇ. بالىسى بارلار بالىسى يولدىن چىقىپ كەتسە، تەقدىردىن كۆرۈپ، ھاراققا بېرىلىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەممىنى تەڭ كۆرۈپ كېلىۋاتقان تەڭرىم بەندىلىرىنى قانداقمۇ تەلەيلىك - تەلەيسىز ياراتسۇن!

يېقىندىن بۇيان كۆڭلۈمگە تۆت ئىش كىرىۋالدى: بىرى، كۆكتىكى ئىلاھ، بىرى، يۇلتۇزلار، بىرى، خەلق سەنئىتى، يەنە

بىرى، ئۆسمۈرلەر. يەنزىگە ئوخشاش ئاشۇ بىر توپ ئوغۇل - قىزلار بىلەن بىللە تەقدىرداش بولۇپ ئۆتۈش — پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن. ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدە ئىلاھ، يۇلتۇزلار، سەنئەت بىلەن تەڭ ئورۇننى ئىگىلىگەن.

1928 - يىلى، يازدا شىمېن قولتۇقىدىكى كۆلبەمدە يېزىلدى

# جۇزىچىڭ (1948 — 1898)

## بالىلىرىم

جۇزىچىڭ — ئەسلى ئىسمى زى خۋا، تەخەللۇسى پېي شيەن، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان نەسىرچىسى ۋە شائىرى، ئەسلى يۇرتى جېجياڭ شاۋشىڭ، جياڭسۇ ياڭجۇدا تۇغۇلغان، 920 - يىلى بېيجىڭ داشۆنى پۈتتۈرگەن، 1931 - يىلى ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ياندۇرقى يىلى ۋەتەنگە قايتىپ چىڭخۋا داشۆدە، غەربىي - جەنۇب بىرلەشمە داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىز» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «سايە» ناملىق نەسىرلەر توپلىمى «ياۋروپاغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسى «سەن ۋە مەن» ناملىق ھېكايىلىرى «شېئىرىي تىلنى ئۆلچەش»، «تەڭ لەززەتلىنىش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت ئەسەرلىرى بار.

مەن ھازىر بەش بالىنىڭ دادىسى بولۇپ قالدىم. شىڭ-تاۋ ياقتۇرۇپ نەقىل كەلتۈرىدىغان «قۇلۇلە ئۆستىگە قاپ يۈ-دۈۋاپتۇ» دېگەن ئوخشىتىشنى ئەسلىسەم بىر قىسما بولۇپ قالىمەن. يېقىندا بىر تۇغقىنىم مېنى مەسخىرە قىلىپ: بىر قەۋەت تېرىكىزنى شىلىش كېرەك، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتىم. ئون يىلنىڭ ئالدىدا تېخى يېڭىلا توي قىلىپ خۇشى ئەپەندىنىڭ يېڭى بېسىلىپ چىققان بىر پارچە ئەسىرىنى ئوقۇۋېتىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ھېچقايىسىسى توي قىلمىغان، دېگەن قۇرنى كۆرۈپ قالدىم؛ ماقالىدە بىكون-نىڭ: «ئايالى بار كىشىنىڭ تەقدىرى شورلۇق بولىدۇ» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەنىكەن. شۇ چاغدا خۇددى چۆچۈپ ئويغانغاندەك ھەيرانۇ ـ ھەس بولدۇم. ئۆيدىكىلەر ماڭا ئېغىز ئاچقۇزماي مېنى ئۆيلەپ قويسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ھازىر ئايالىم ۋە بەش بالام بار. مۇشۇنداق ئېغىر يۈكنى ئۆشنەمگە يۈدۈپ قانداق مېڭىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. «پېشانەمگە شۇن-داق پۈتۈلگەن» بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بالىلارنى ئېلىپ ئېيت-ساق، ئۇلارنى قانداق چوڭ قىلىش، بۇمۇ بىر باش قاتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش. مەن ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئا-دەم. ئەرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن بىر ئامال قىلىپ چىقىمەن. دادا بولۇشتا تېخىمۇ شۇنداق. تەبىئىيكى «ئۇرۇق ئەۋلادقا چوقۇنۇش»، «ئۆسمۈرلەرنىڭ ئورنى» توغرىسىدىكى پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي قائىدىلەرنى ئاز ـ تولا بىلىمەن. دادا بولغان كىشى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىنىلا بىلسە كۇپايە قىلمايدۇ. ئەپسۇسكى، مەن بۇ نەزەرىيىگە ئەنئەنە بويىچە ئادەتتىكى دادىلاردەك ياۋايىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ كەلدىم. ئۆزۈمنىڭ رەھىمسىزلىكىمنى ئويتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان چېغىمدا ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. بالىلارنى تەن جا-

زاسىغا تارتىپ تىللىغانلىرىمنى ئويلىسام — بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن — خۇددى كونا جاراھەتنى سىلىغاندەك ئىچىم ئېچىشىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم داۋۇلاڭنىڭ «سەبىيلەر بىلەن» دېگەن تەرجىمە ئەسىرىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ھەم سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ تاشلىدىم. بولتۇر دادامدىن خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە ئاچيۇنى سوراپتۇ. ئاچيۇ شۇ چاغدا بەيماخۇدا ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مېنىڭ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىقىنى، مېنىڭمۇ ئاچيۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىمنى تاپىلاپتۇ. مەن راسا بىر قەپەس يىغلىدىم. مەن نېمىشقا دادامدەك رەھىمدىل بولالمايمەن؟ ئۇنتۇپ قالما، دادام بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ دەيمەن ئۆزۈمگە. كىشىلىك خاراكتېر ئىككى مەنبەلىك بولسا كېرەك. مەن مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ھالەتتە قالدىم؛ يۈرىكىم سائەتنىڭ تىلىدەك پۇلاڭلايدۇ.

سىز لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «بەختلىك ئائىلە» سىنى ئوقۇغانمۇ؟ مېنىڭ ئائىلەم ئەنە شۇنداق «بەختلىك ئائىلە» لەرنىڭ بىرى! ھەر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىككى قېتىم پاتىپاراق بولۇپ كېتىمىز. بالىلار ئاشخانىغا توختىماي كىرىپ تۇرىدۇ، ماڭا ياكى ئاپىسىغا «تاماق تارتىش» بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. جىددىي قەدەم تىۋىشى ئۈزۈلمەيدۇ. كۈلكە ئارىلاش ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈلگۈچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇيرۇقنى بىر - بىرى ئارقىلىق ئاشخانىدىكى خىزمەتكار ئايالغا يەتكۈزىدۇ. ئارقىدىنلا ئورۇن تالىشىش جېڭى باشلىنىپ كېتىدۇ. بىرى: «مەن بۇ يەردە ئولتۇراتتىم» دېسە، يەنە بىرى: «ئاكام ماڭا بەرمىدى» دەيدۇ. ئاكىسى: «سىڭلىم مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ» دەيدۇ. مەن چىرايلىق سۆزلەپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىمەن. لېكىن ئۇلار بەزىدە تولىمۇ جاھىل. بەزىدە تاقەت قىلالماي، قايناپ كېتىمەن، بازغاندەك قوللىرىم

ئۇلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە تېگىپمۇ كېتىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن يىغلىغىنىنى يىغلايدۇ. ئولتۇرغىنىنى ئولتۇرىدۇ. ۋەزىيەت ئان-
دىن مۇقىم بولىدۇ. تاماق كەلگەندە بىرى، چوڭ چىنىدە يەيت-
تىم، دېسە، يەنە بىرى، مەن كىچىك چىنىدە يەيتتىم، دەيدۇ.
بىرى قىزىل چوكا ياخشى، دېسە، يەنە بىرى قارا چوكا ياخشى
دەيدۇ؛ بىرى، قۇرغاق تاماق يەيمەن، دېسە، يەنە بىرى، سۇ-
يۇق تاماق يەيتتىم، دەيدۇ. بىرى، چاي دېسە، يەنە بىرى،
شورپا، بىرى، بېلىق گۆشى، گۆش، دۇفۇ ۋە لوبۇنىڭ جېدى-
لىنى قىلسا، بىرى، سېنىڭ قورۇماڭ كۆپ، دەيدۇ، يەنە بىرى،
سېنىڭ قورۇماڭ ياخشى، دەيدۇ. ئايالىم قائىدە بويىچە ئۇلارنى
بەزلەيدۇ. بىراق، بۇ روشەنكى، ناھايىتى پاسسىپ ئۇسۇل. ماڭا
ئوخشاش قوپال بىر كىشى بۇنىڭغا قانداق تاقەت قىلىپ تۇرا-
لايدۇ؟ ئۇلارنى كونا ئۇسۇل بىلەن دەرھال بويسۇندۇرىمەن.
يىغلىغىنىنى بىردەمدىن كېيىن يېشىنى ئېرتىپ تامىقىنى يەيدۇ.
قورساقلىرى تويغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشىدۇ. ئۇستەل-
دىكى چېچىلغان تاماق، تۆكۈلگەن شورپا، ئۇستىخان پارچى-
لىرى، قالدى - قاتتىلار، قالايمىقان تاشلانغان قوشۇقلار، چې-
چىلىپ ياتقان چوكىلار بىر پارچە ئالسىيېشىل خەرىتىنىڭ
مودېلىنى ھاسىل قىلاتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئاساسەن ئوي-
نايتتى. چوڭىنىڭ ئويۇنى چوڭچە، كىچىكىنىڭ ئويۇنى كىچىكچە
بولاتتى. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ گەپ
تالىشىپ قالاتتى ياكى چوڭى كىچىكىنى، يا كىچىكى چوڭىنى
بوزەك قىلاتتى. بوزەك قىلىنغىنى يىغلاپ، قىنقاس كۆتۈرۈپ،
مېنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرد ئېيتاتتى. مەن
يەنىلا كونا ئۇسۇلۇم بىلەن ئىش تۇتاتتىم. بەزىدە كارىم بول-
مايتتى، بىراق ئويۇنچۇق تالىشىپ قالغاندا كارىم بولمايمۇ
قۇتۇلالمايتتىم. ئۇيمۇ ئوخشاش ئىككى ئويۇنچۇقنىڭ بىرىنى
بىرى تالاشسا، يەنە بىرى بەرمەيتتى. بۇنداق ئەھۋالدا مەيلى

نېمە بولسۇن، جېدەل بىرىنىڭ يىغلىشى بىلەن ئاخىرلىشاتتى.
بۇنداق ئىشلار ئادەتتە كۆپ يۈز بەرمەيتتى. لېكىن پات - پات
كۆرۈلۈپ تۇراتتى. مىنۇت ئارىلىقىدا بىر نەچچە قېتىم دىققىتىم
چېچىلىپ كېتەتتى. ئورنۇمدىن بىر - ئىككى نۆۋەت تۇرۇپ كې-
تەتتىم. يامغۇر ياغقان ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى باللار ئاسا-
سەن ئۆيدە بولاتتى. يا ئارامخۇدا كىتاب ئوقۇغىلى، يا بىر
نەرسە يازغىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بولغان. مەن
پات - پاتلا ئايالىمغا: «بىزنىڭ ئائىلىمىزدە ھەقىقەتەن ھەر
كۈنى غوۋغا بېسىقمايدۇ» دەيتتىم. بەزىدە «كۈندۈزى» لا ئە-
مەس، ھەتتا كېچىلىرىمۇ غوۋغا بىلەن ئۆتەتتى. بولۇپمۇ باللار
ئېمىۋاتقان ياكى ئاغرىپ قالغان چاغلاردا!

مەن توي قىلغان يىلى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدىم.
21 ياشتا ئاجيۇنى، 23 ياشتا ئاسەننى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ
ئاساۋ ئاتقا ئوخشاش چاغلىرىم ئىدى. بۇ ھالدا ئىگەر - توقۇم،
تىزگىن ۋە چۇلۋۇرغا قانداق كۆنەي؟ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ
بولمايدىغانلىقىنى بىلمەن. شۇنداقتىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا
قۇتۇلۇشنىڭ ئېپىنى قىلاتتىم. ھازىر ئويلىسام ئاشۇ كۈنلەردە
مۇشۇ ئىككى بالىنى تازىمۇ قىيىنىغانىكەنمەن. زورلاۋانلىقنى
كەچۈرۈش ھەقىقەتەن تەس! ئاجيۇنىڭ يېڭىلا ئىككى ياشقا
كىرگەن چاغلىرى ئىدى. بىز جاڭجۇدا بىر مەكتەپتە ئولتۇرات-
تۇق. نېمىشقىدۇر، بۇ بالا بەك قارغىش ئىدى. تولىمۇ يېتىر-
قايتتى. ئاپىسىنى بىر كۈن كۆرمىسە ياكى ئۆيگە مېھمان كەلسە،
قىرقىراپ يىغلايتتى. مەكتەپتە ئۆيى بارلار كۆپ ئىدى. بالىنىڭ يىغلاپ
ئۇلارنى پاراكەندە قىلىشىغا يول قويالمايتتىم. بىزنىڭكىگە كېلى-
دىغان مېھمان كۆپ ئىدى. بالا يىغلىسا قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ
كېتەتتى. بىر قېتىم ئايالىمنى ئۆيدىن ئالداپ، چىقىرىۋېتىپ،
ئىشىكنى ئەتتىم. ئاجيۇنى يەرگە بېسىپ راسا ئۇردۇم. بۇ ئىشنى
تىلغا ئالسا، ئايالىمنىڭ ھازىرمۇ يۈرىكى تارتىشقاندەك بولۇپ

كېتىدۇ. ئىككى ياشقا كىرگەن بالىنى ئۇرۇپ قاتتىق باغرى تاشلىق قىلغانىدىڭىز، دەيدۇ ئايالىم ماڭا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شۇ ۋاقىتلارنى پات - پات ئويلىسام كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كېتىدۇ. ئاسەي تەيجۇدا ئىدى. ئۇ تېخىمۇ كىچىك ئىدى. يېڭىلا بىر ياشقا كىرگەن، تۈزۈك ماڭالمايتتى. ئاپىسىغا ئەگە-شىپ تۇرۇۋالغاچقا، مەن ئۇنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا نىقتاپ قويدۇم. بالا ئۈچ - تۆت مىنۇتقىچە يىغلاپ، كېيىن نەچچە كۈن ئاغرىپ قالدى. ھازىر ئايالىم ماڭا، شۇ چاغدا مەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدىم، دەيدۇ. ئەمما مېنىڭ تارتقان ئازابلىرىممۇ راست ئىدى. مەن شىڭتاۋغا خەت يېزىپ، بالىلارنىڭ جەبىر - جاپاسىغا ھەقىقەتەن ئامال يوقلۇقىنى ئېيتقانىدىم. بەزىدە ئۆ-لۈۋېلىشنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. بۇ ئاچچىقتا دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىم ئەمەلىيەت ئىدى. بالىلار كەينى - كەينىدىن تۇغۇلۇپ تارت-مىغان جاپا، كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. ياشلىقتىكى قېنى قىزىقلىق بارا - بارا پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. ياشنىڭ چوڭ-يىشىغا ئەگىشىپ ئىدراك بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. تەن بەردىم — ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ «يارىماس دادا» ئىكەنلى-كىمنى بىلدىم. مەن باشقا بىر ئاغىنەمگە مۇشۇنداق مەزمۇندا خەت يازغانىدىم. مېنىڭ بالىلىرىم كىچىك ۋاقىتتا باشقىلار-نىڭ بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك كەپسىز ئىدى. ئۇلار ھازىرمۇ ماڭا شۇنداقتەك تۇيۇلىدۇ. تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىز توغرا بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولسا كېرەك... دەپ ئويلايمەن. ئۇلارنى كەپسىزلىكى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىش رەھىمسىزلەرچە قى-لىنغان نومۇسسىزلىق ئىكەن!

ئەجابىي مەنىدىكى «بەخت» تىنمۇ بەھرىمەن بولدۇق. خۇددى كىمدۇر بىرى ئېيتقاندەك بالىلار كىچىكىدە ھامان تات-لىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوماق چىرايى، ساددىلىقى كىشىنىڭ

ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. ئاماۋ ئەمدى بەش ئايلىق بولدى.
ئېڭەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، چىرايىڭىزنى پۇرۇشتۇرۇپ قىزىقچىلىق
قىلىسىڭىز ئۇ كاماك ئاغزىنى ئېچىپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ
چاغدىكى سىياقى كىشىگە ئېچىلىپ تۇرغان غۇنچىنى ئەسلىتىدۇ.
ئۇ ئۆيدە تۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا، قىرقىراپ
يىغلايدۇ. ئايالىم: «قىزىمىزنىڭ تالاغا چىققۇسى كەلدى» دەي-
دۇ ۋە خۇددى ئۇچار - قۇشنى سىرتقا ئاچىقىپ شامالدىتىپ
كىرگەندەك ئۇنىمۇ ھەر كۈنى سىرتقا ئاچىقىپ ئاز - تولا
شامالدىتىپ كىردىش كىرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. رۇەن ئۆتكەن ئاي
يېڭىلا ئۈچ ياشقا كىردى. بەك كالامپاي، تۈزۈك تىلىمۇ
چىقمىدى. ئۇ ئۈچ - تۆت ئېغىز گەپنى ياكى ئاددىي جۈملىلەر-
نىلا دېيەلەيدۇ. گەپلىرى تاقا - تۇقا، تەلەپپۇزى تۇتۇق.
ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك كۈچەپ سۆزلەيدۇ. بىز ئۇنى داۋاملىق
مازاق قىلىمىز. ئۇ «ياخشى» دېگەن گەپنى ھەمىشە دېيەلمەي-
دۇ، «ياخشىمۇ - ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىساق، ئۇ باشقا بىر
نېمىلەرنى دەيدۇ. پات - پات مۇشۇ گەپنى دېگۈزۈپ ئۇنى
ئەرمەك قىلىپ ئوينايمىز. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ،
يېقىندا بىردىنلا «ياخشى» دېگەن گەپنى توغرا دېيەلەيدىغان
بولدى. ئۇنىڭ بىر موچەنگە ئېلىپ بەرگەن بىر قاچىسى بار
ئىدى. خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭغا: «بۇ بىر موچەن» دەپ ئۆگى-
تىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قاچى-
سىنى بىر موچەن، دەپلا ئاتىلىشاتتى. بەزىدە «موچەن» دەپلا
قوياتتى. يېڭى كەلگەن خىزمەتكار ئايالغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ
قويۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ ناتونۇش مېھمانلار كەلسە، ئىزا تار-
تىپ ھاڭۋاقتىلاردەك ھېجىياتتى. بىز ئۇنى قارىپايىم تىلدا
«ھاڭۋاقتى» دەيتتۇق. ئۇ سېمىز، پۇتلىرى كالتە ئىدى. ئىرغاڭلاپ
ماڭسا كۈلۈپ كېتەتتۇق. ئىتتىكرەك ماڭسا ياكى يۈگۈرسە، بىز-
گە تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ بەزىدە مېنى دوراپ،

ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئىرغاڭلاپ ماڭاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەم بىزمۇ خۇش بولاتتۇق. چوڭ ئاچىسى ئاسەي يەتتە ياشتىن ئاشقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ تاماق ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرىنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىزگە دوكلات قىلىپ ۋىچىرلاپ كېتەتتى. گېپى قۇلىقىمىزغا ياقامدۇ - ياقمامدۇ، كارى يوق ئىدى. توختىماي سۆزلەيتتى. كەينىدىن ھەمىشە مەندىن: «دادا تونامسەن؟»، «دادا بىلەمسەن؟» دەپ سورايتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلىشىنى چەكلىگەچكە، ھەدېسىلا ماڭا ئىلتىجا قىلاتتى. سورىمايدىغان سوئالى يوق ئىدى. كىنو كۆرسە، كىنودىكى ئادەم راست ئادەممۇ - ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟ دەيتتى. فوتو ئاپپاراتنى كۆرسىمۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالاتتى. كىم دېگەن، بىرى ئۇنىڭغا، ئەسكەرلەر ئادەم ئۇرىدۇ، دەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ، ئەسكەر دېگەن ئادەممۇ؟ نېمىشقا ئادەم ئۇرىدۇ؟ يېقىندا مۇئەللىمدىن ئاڭلىغانمۇ - قانداق، جاڭ زولىننىڭ ئەسكەرلىرى كىمگە ياردەم قىلىدۇ؟ جياڭ جيېشىنىڭ ئەسكەرلىرى بىزگە ياردەم قىلامدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەر كۈنى سوراپ بىزار قىلىۋېتەتتى. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي ساراڭ بولۇپ كېتەتتىم. ئۇ رۇەن ئېر بىلەن بىللە ئوينايتتى. بىرى چوڭ، بىرى كىچىك بولغاچقا، تازا قاملىشالمايتتى. ئۇرۇشۇپ، يىغلىشىپلا يۈرەتتى. بەزىدە بىر چىرايلىق ئوينايتتى. مەسىلەن، بىرى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالاتتى، يەنە بىرى ئىزدەيتتى، بىرى سوغۇرۇلۇپ چىقسا، يەنە بىرى تەڭلا كەينىدىن چىقاتتى. بۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، يەنە بىر كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ، كۈلۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ ۋە ھاسىرىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئىككىسى خۇددى ئايالىم دېگەندەك «كۈچۈكلەرگە ئوخشايتتى.» بېيجىڭدا ئۈچ يىل بار، ئاجىۋ بىلەن جۇەنئېر ئالدىنقى يىلى بېيجىڭغا

كەلگەندى، ئاپام ئۇلارنى ۋاقتىنچە ياڭجۇغا ئەكەتتى.

ئاجيۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بالا ئىدى. ئۇ «سۇ بويىدا»، «غەرىبكە ساياھەت»، «باھادىرلار شەجەرىسى» ۋە «كىچىك دوست» قاتارلىق كىتابلارنى ياقتۇراتتى. بىكار بولۇپ قالسىلا، ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ كىتاب ئوقۇيتتى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى، تەمى يوق، دەپ ياخشى كۆرمەيتتى. راست، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەمىنى ئون ياشقا كىرگەن بالا قانداق بىلەلىسۇن؟ بىز ئۆتكەن يىلى ئىككىلا بالىنى يېنىمىزدا ئېلىپ قالدۇق. ئاجيۇ چوڭراق ئىدى. جۇەنئېر مومىسىنىڭ قېشىدا ئىدى. شۇڭا ئىككىسىنى شاڭخەيگە قويماقچى بولدۇق، ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى ئەتىگىنى ھازىرمۇ يادىمدا. ئاپىسى بىلەن جۇەنئېر تۇغقانلىرىنىڭكىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئاجيۇ ئىككىمىز مېھمانخانىدىن چىقىپ تۇغقانلىرىنىڭكىگە قاراپ ماڭدۇق. ئاجيۇنى تۇغقانلىرىنىڭكىگە قويۇپ قويماقچى ئىدىم. ئايالىم ماڭا بالىلارغا يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى. بىز «سىگۇەن» يولىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر چايخانىغا كىردۇق. ئاجيۇ ئىسسىغان بېلىق يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئېلىپ بەردىم. جۇەنئېرگە پېچىنە ئېلىۋالدىم. تىراموايغا ئولتۇرۇپ «خەيىنىڭ» كوچىسىغا باردۇق. تىراموايدىن چۈشكەندە، ئۇنىڭ ماڭا يۈك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتكەندەك بولدى. تۇغقانلىرىنىڭكىگە باردۇق. يول تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن يەنە مېھمانخانىغا بېرىشىمغا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ يېنىپ چىقتىم. جۇەنئېر ماڭا قاراپ قويدى. لېكىن گەپ قىلمىدى. ئاجيۇ مومىسىغا گەپ قىلماقچى بولۇپ نېرى كېتىپ قالدى. مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا قاراپ قويۇپ، نائىلاج مېڭىپ كەتتىم. كېيىن ئايالىم ماڭا مەن كەتكەندىن كېيىن جۇەنئېرنىڭ: «دادامنىڭ سىڭلىمغا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇ مېنى

بېيجىڭغا ئاپارمايدۇ» دېگەنلىكىنى دەپ بەردى. بۇ ھەقىقەتەن ماڭا ئوۋال قىلغانلىق. جۇەنئېر يەنە بىزگە: «يازلىق تەتىلدە چوقۇم مېنى ئالغىلى بېرىڭلار» دېدى. بىز شۇ چاغدا ماقۇل بولدۇق. مانا ھازىر ئىككى قېتىملىق يازلىق تەتىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار يەنىلا ياڭجۇدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنمىدۇ ياكى بىزدىن ئەنسىرەۋاتامدىغاندۇ؟ «نامراتلىقتىن ئورۇق - تۇغقانلار تۇزۇپ كېتىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز سەل پەرىشان بولۇپ قالاتتىم. جۇەنئېر مەندىن سەل ھېيىقاتتى. ئۆتكەن يىلى بەيماخۇدىن ئايرىلغاندا ئۇ قاتتىق ياڭجۇ تەلەپپۇزىدا (ئۇ شۇ چاغدا تېخى ياڭجۇغا بارمىغانىدى) ئاۋازىنى پەۋقۇلئاددە ئىنچىكە چىقىرىپ ماڭا: «مەن بېيجىڭغا بارىمەن» دېگەنىدى. ئۇ بېيجىڭنى بىلىدۇ، چوڭ بالىلاردىن ئاڭلىغان: شۇ گەپنى ھازىر ئويلىسام راستتىنلا خىجىل بولىمەن. ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ مەندىن ئايرىلىشى ئادەتتىكى بىر ئىش. ئاپىسىدىن بىر قېتىم ئايرىلدى. بىراق بۇ قېتىم بەك ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلار مۇشتتەك تۇرۇپ زېرىكىشلىككە قانداق چىداش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

يار - بۇرادەرلىرىم ئاساسەن بالىلىرىغا ئامراق. شياۋگۇ بىر قېتىم خەت يېزىپ، بالىلارنىڭ جېدەللىشىڭمۇ ئاجايىپ قىزىقى بار، سىز نېمىشقا بىزار بولدۇم، دەيسىز دەپ ماڭا كايىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ھەقىقەتەن چۈشەنمەيمەن. زىكەيىنىڭ خۇاجەنگە يازغان ماقالىسى ھەقىقەتەن «مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق» بىلەن يېزىلغان. شېڭتاۋمۇ بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى، ئەمدى بالىلار قايسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇسا بولىدىكىن؟ ئۇ بۇ گەپنى ماڭا ئىككى - ئۈچ قېتىم دېگەن. مەن بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولىمەن! يېقىندىن بېرى مەنمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى بارا - بارا سېزىۋاتىمەن. مەن بالىلىرىمنى جەم قىلىپ

ئۇلارغا ئاز ـ تولا كۆچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىم كېرەك دېگەن ئويغا كەلدىم. مەن باللىرىغا ئامراق بىر ئادەمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇ باللىرىنى ئوبدان تەربىيىلىمىگەچكە، باللىرى يارامسىز بولۇپ قالغان. ئۇ باللىرىنى ئەركە قىلىۋەتكەن، پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىمىگەن. نەتىجىدە باللىرى نابۇت بولغان. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، مېنىڭ باللىرىمنىمۇ خەتەر يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى ئاستا ـ ئاستا بىلدۈرۈش توغرىسىدا پىلان تۈزۈشۈم كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزۈمگە ئوخشاش ئادەم بولۇشى لازىممۇ؟ مەن بۇ گەپنى بەيماخۇدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىۋېتىپ، تىلەمچىلەرنىڭ باشلىقىدىن سورىسام، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي «ئەلۋەتتە» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. يېقىندا بالا تەربىيىلەش توغرۇلۇق پىكىر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ: «باللارنىڭ بىزدىنمۇ ئەسكى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز» دەپ ناھايىتى ياخشى جاۋاب بەردى. راست «باللار بىزدىنمۇ ئەسكى» بولۇپ قالمىسىلا بولدى. بىزگە يا «ئوخشىسۇن»، يا «ئوخشىمىسۇن» بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. كەسىپ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يەنىلا باللارنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىسۇن؛ ئىزىزتىمىزنى ساقلاپ ئۇلارنى يېتەكلىسەك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەمدە بولساق، مانا بۇ ئاقىلانە ئۇسۇل.

يۇيتۇڭ: «باللىرىمىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسە، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئادا بولغان بولىدۇ» دېسە، SK: «ئۇنداق بولمىسا، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزغا، ئۇلارنىڭ ساپاسىغا ۋە ئارزۇسىغا قاراش كېرەك. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇيالمىسا ياكى ئوقۇشنى خالىمىسا، باشقا ئىشنى قىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشچى بولسۇن، بۇنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق» دەيدۇ. تەبىئىيكى، بىر كىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى

ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى مەكتەپ تەربىيىسىگە باغلاپ كەتكىلى بولمايدۇ؛ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىسە بولمايدۇ، دېگەن قاراش بىزدىكى بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش. بۇ ئىشتا مەندە مۇئەييەن بىر پىكىر يوق. بولۇپمۇ داۋالغۇپ تۇرغان مۇشۇ زاماندا كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى باللار كىچىك. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا كەلگۈسى بىر نېمە دېسۇن. نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىش — ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى — غايە بىلەن كۆز قارىشىنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىش. باللار يەنىلا باللار. يۈكسەكلىكتىن ھەم يىراقنى كۆرەرلىكتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئاستا - ئاستا يېقىندىن، كىچىك ئىشلاردىن تۇتقان تۈزۈك. «مەيلى دانا بول ياكى دۆت بول، سەن يەنىلا ئادەم» شەرەپ قۇچسۇن، پېشكەللىككە يولۇقسۇن، ئاددىي پۇقرا بولسۇن، باللىرىنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز كۈچىنى جارى قىلسۇن. مەن ئويلىرىمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى دادا بولسام، مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ. باللارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چۇقان سېلىۋاتقان «سەۋدايى» لارنى ئويلىغاندا چۆچۈمەي قانداق تۇرالايمەن؟

1928 - يىلى 24 - كۈنى كەچتە يېزىپ تۈگەتتىم.
بېيجىڭ چىڭخۇايۈەن

# لىن يۇتاڭ (1895 — 1976)

## ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم

لىن يۇتاڭ — ئەسلى ئىسمى لىن خېلې، لىن يۇتاڭ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى، فۇجيەن لوڭشىلىق، شاڭخەي سېن - يوھان داشۆسىنى پۈتتۈرگەن، ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، 1920 - يىلى ئامېرىكا خاففېر داشۆسىدە ئەدەبىيات ئوقۇپ ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ چىڭخۇا داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1925 - يىلى بېيجىڭ داشۆسىدە ئىنگلىز تىلى كافېدراسىدا پروفېسسور، بېيجىڭ قىزلار سىفەن داشۆسىنىڭ ئىنگلىز تىلى كافېدراسىغا مۇدىر بولغان، 1936 - يىلى دەرس سۆزلىگىلى ئامېرىكىغا بارغان، 1954 - يىلى سىنگاپور نەنياڭ داشۆسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن. 1966 - يىلى تەيۋەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «بوران - چاپقۇندا قالغان يوپۇرماق»، «لىن يۇتاڭ ھازىرقى زامان خەنزۇچە - ئىنگلىزچە لۇغىتى» قاتارلىقلار بار.

دادام تولىمۇ ئۇمىدۋار، تۈيغۇن، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي، قىزىقچى، پېشقەدەم پوپلارنىڭ ئارىسىدا ئىلغارلىقى بىلەن نام چىقارغان ئادەم ئىدى. ئەينى چاغدا شىيامېندا سېن - يوهان داشۆسىنى ئاڭلىغان يىگىتلەرنى بارماق بىلەن سانىۋالغىلى بولاتتى. دادام مېنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە شاڭخەيگە ئەۋەتكەنىدى. پاكار، لېكىن تېمەن دادامنىڭ دوقا ماڭلىيى، ئېڭىكى بىلەن بۇغۇجۇر ساقىلىغا يارىشىپ تۇراتتى. يادىمدا قېلىشىچە، مەن ئۇن ياشقا كىرگەنىدە، دادام 50 تىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك پوپلارنىڭ ئالدىدا كۇلۇپلا يۇرەتتى. بالىلىرىغا بەك مۇلايىم ئىدى. ياشانغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا دادىلىق سۇرىنى ساقلايتتى. بەزىدە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. قورۇملارنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ياكى قاچىسىغا ئارىلاپ - ئارىلاپ سېلىپ قوياتتى. شىيامېن 1849 - يىلى ئەڭ ئاۋۋال دىن تارقىتىش ئۈچۈن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بەش پورتنىڭ بىرى ئىدى. دادام بىزگە ئەڭ بالدۇر كەلگەن پوپ — تالماگېنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. شۇ چاغلاردا چېركاۋ زالىنىڭ بىر تەرىپىدە ئەرلەر، يەنە بىر تەرىپىدە ئاياللار تۇرار ئىكەن. تالماگې هاۋا ئىنجىق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋەز ئېيتىۋېتىپ قارىسا، ئەر مۇخلىسلار ئۇخلاپ قالغان. ئايال مۇخلىسلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن. ۋەزنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق. تالماگې تۆۋەنچىلىك بىلەن: «ئاچىا - سىڭىللار بىسوشراق سۆزلەشكەن بولساڭلار، بۇ ياقتىكى ئەر مۇخلىسلار راهەت ئۇخلىۋالغان بولاتتى» دەپتۇ.

دادام خاڭجۇدىكى خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ چوڭقۇر

ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، گېپى ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك ئادەم ئىدى.

دادام ئۆز كۈچىگە تايىناتتى. ئۇ بۇرۇن كوچىدا قەنت - گېزەك، مەھبۇسلارغا گۈرۈچ سېتىپ كۆپ پايدا ئالغان. ۋولسادىن بامبۇك ئەكىلىپ ساتقان. ۋولسادىن شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئون ياكى 15 چاقىرىم كېلىدىكەن. بامبۇك كۆتۈرگەندە قاپارغان يەرلەر ھازىرمۇ مۈرىسىدە بار. بىر قېتىم بىرەيلەن بىر خرىستىئان پوپنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن دادامغا بىر ئەپكەش يۈكنى كۆتۈرتۈپ، ۋولسادىن يولغا چىققان. ئۇ كىچىك باللارغا قىلچە رەھىم قىلمايدىغان پوپ ئىكەن. ئېغىر يۈكنىڭ ئۈستىگە قازان - تەشتەكلەرنىمۇ سېلىپ: «بەللى، سەن كۆتۈرەلەيسەن، ئوغۇل بالا!» دەپتۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پىژغىرىم ئىسسىقتا كۆتۈرگەن بىر ئەپكەش يۈكى ھېلىمۇ دادامنىڭ ئېسىدە. شۇڭا دادام ئەمگەكچىلەرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سۆزلەيتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، دادام يەرلىك باج ئەمەلدارى بىلەن بىر قېتىم سوقۇشۇپ قالغانىدى. گۇۋاھنامىسى بار ئۇ ئەمەلدار بازاردا بەش كۈندە بىر قېتىم خالىغىنىچە باج يىغىدىكەن. بىر ئوتۇنچى ئوتۇن ساتقىلى بازارغا كىرىپتۇ. بىر باغلام ئوتۇننى بازارغا ئەكىرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن، ئوتۇن كېسىش، يېرىش، كۆيدۈرۈپ كۆمۈرگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. بىر باغلام ئوتۇن ئىككى مىسقالغا يارايدىكەن. ھېلىقى ئوتۇنچىغا 120 مىسقال باج كەپتۇ. دادام شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نامرات ئوتۇنچىنىڭ بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالماي ھېلىقى باج ئەمەلدارى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم يىغىلىپتۇ. دادامنىڭ ئابرويلۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەن باج ئەمەلدارى ئاخىرى باجنى كېمەيتىپ ئېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. قانچىلىك كېمەيتكەنلىكى ماڭا

قاراڭغۇ. دادام كېلىپ بۇ ئىشنى بىزگە سۆزلەپ بەرەي. ئۇتتۇنچىنى بوزەك قىلغان ھېلىقى باج ئەمەلدارىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى.

ئاپام كېچىكىپ توي قىلغان، ساددا ئايال. ئۇ شيامېننىڭ يەرلىك تىلىدا يېزىلغان «ئىنجىل» نى ئوقۇيالايتتى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا دېھقانلارنى چاي ئىچىشكە، بىرەر - يېرىم دەم ئارام ئېلىۋېلىشقا چاقىراتتى. ئۇ گەرچە پوپىنىڭ ئايالى بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز ھال تارتمايتتى. ھال تارتىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بىر كېلىن، شۇنداقلا سەككىز بالىنىڭ ئاپىسى ئىدى. تولىمۇ چارچاپ كېتەتتى. چارچىغىنىدىن ئاخشىمى بوسۇغىنى ئاتلىغۇدەكمۇ مادارى قالمايتتى. بىزگە ئىنتايىن ئامراق ئىدى، چەكسىز ئانىلىق مېھرىنى بېرەتتى. ئاپىمىزنى بىزمۇ ھۆرمەتلەيتتۇق. 11 — 12 ياشلارغا كىرگەن چېغىمدا، ئۆينىڭ ۋە تالانىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئاچىلىرىم قولىغا ئېلىپ، ھەر ھالدا ئاپامنىڭ قولىنى سوۋۇتتى. ئىككىنچى ئاچام ئىككىمىز «ئاپامنى كولدۇرلىتىپ» ئوينايتتۇق. ئاپامغا مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ھەر خىل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتۇق. ئاپام بىزنىڭ كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، بىردىنلا ئەقلىنى تېپىپ: «جاھاندا ئۇنداق ئىشلار يوق، سىلەر مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىسىلەر» دەيتتى. ئاپامنىڭ چىشلىرى رەتلىك ئەمەس ئىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈلگەندە ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ كۈلەتتى.

بىز ئالتە ئوغۇل ئىككى قىز ئىدۇق. كەينىدىن سانىغاندا مەن بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى ئىدىم. ئوغۇللار ئۆي سۈپۈرەتتۇق، سۇ ئەكىرەتتۇق، كۆكتاتلىقنى سۇغىراتتۇق. چېلەكنى قۇدۇقتىن قىيپاش قىلىپ ئاستا تارتاتتۇق. مەن بۇ ھۈنەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدىم. قۇدۇق بېشىدا رىشاتكا بار ئىدى. لىق سۇ

قاچىلانغان چېلەك ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ، خۇشاللىقىمدا ھار-
غانلىقىمنى بىلمەي قالاتتىم. ئاشخانىدىكى ئىدىشقا 12 چېلەك
سۇنى قۇيۇپ بولۇپ، قالغان ئىشنى ئاچامغا تاپشۇراتتىم. سوپۇن
دېگەن نەرسىنى ھېچقايسىمىز كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئۇن ياش
ۋاقىتلىرىمدا ئاپام پۇرچاق كۇنجۇرىسى بىلەن كىر يۇياتتى.
پۇرچاق كۇنجۇرىسىدىن يېپېشقاق سۇيۇقلۇق چىقاتتى. كېيىن
شاڭخۇ كىتابخانىسى ئەۋەتكەن سوپۇننى ئىشلىتىدىغان بولدۇق.
ئاپام ئۇزاقىراق ئىشلىتىش ئۈچۈن سوپۇننى ئاپتاپقا
قويۇپ قۇرۇتاتتى.

يازلىق تەتىلدە ئوغۇللار قايتىپ كېلەتتۇق. ئۆيدە قوڭ-
غۇراق چېلىنىشى بىلەن دەرس باشلىناتتى. دادام بىزنىڭ ئا-
ئىلە ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. ئۇ بىزگە قەدىمىي شېئىرلارنى، كونا
ئەدەبىياتنى ۋە ئادەتتىكى جۈملىلەرنى ئۆگىتەتتى. كونا ئەدە-
بىياتنى يەڭگىل ۋە راۋان چۈشەندۈرەتتى. دادىمىزغا ھەممە-
مىزنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، سائەت 11 لار
بولغاندا ئىككىنچى ئاچام تامنىڭ شولىسىغا قاراپ خۇش
ياقمىغاندەك تەلەپپۇزدا: «كىر يۇيىدىغان ۋاقتىم بولۇپ
قاپتۇ» دەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ئاچام تامدىكى كۈن شولىسىغا قاراپ
خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك: «كىرلەرنى يىغىدىغان
ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ» دەيتتى. كەچتە نۆۋەت بىلەن «ئىنجىل»
ئوقۇيتتۇق. كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ ئورۇندۇقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ
ئىبادەت قىلاتتۇق. بەزىدە ئۇكام ئۇخلاپ قالاتتى. چوڭ ئاچام
ئۇنى «شەيتان» ياكى «شەيتاننىڭ ئوغلى» دەپ تىللايتتى.
بىز ئاكا - ئۇكىلار، ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئۇرۇش - تالاش
قىلىشىمىزغا يول قويمايتتى. ئۇرۇش - تالاشمۇ قىلمايتتۇق.
«قېرىنداشلار ئىجىل - ئىناق» ئۆتەتتۇق. سېن - يوھان داشۆ-

سىدە ئۇقۇۋاتقاندا كۆرگەنلا ئادەمگە قاراپ كۈلۈمسىرىمەسلىك توغرىسىدا ئىنىمغا نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىنىم، ھەممە ئادەم ئەيسا كۆرسەتكەن يولنى تۇتمىسا، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ھەرگىز ھەل بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ سادىق خرىستىئان مۇرىتى.

## چېن مۇ (1895 — )

# دادامنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا قىلغان نەسىھەتلىرى

چېن مۇ — تەخەللۇسى بىڭ سى، تەيۋەندىكى مەشھۇر تارىخچى، جياڭسۇ ۋۇشىلىك. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان، كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئاتاقلىق ئالىم بولغان. يېزىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مۇئەللىم. ئالىي مەكتەپلەردە پروفېسسور بولغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەنجىڭ، بېيجىڭ داشۆ، جېڭخۇا داشۆ، بېيجىڭ سىفەن داشۆ ۋە غەربىي - جەنۇب بىرلەشمە داشۆلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1949 - يىلى شياڭگاڭدا شىنيا بىلىم يۇرتىنى تەسىس قىلغان. 1967 - يىلى تەيۋەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «دۆلەت تارىخى توغرىسىدا پروگراما»، «ئالدىنقى چىن بەگلىكىنىڭ يىلنامىسى»، «جۇڭگو ئىلىم - پەن ئىدىيىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

مېنىڭ دادام بالىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ باشقىلارغا: «بىر ئوغۇل كۆرسەم خۇددى 100 — 200 مو يەرگە ئىگە بولغاندەك بولۇپ كېتىمەن» دېگەن. مەن تۇغۇلغاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي يىغلاپتىمەن، دادام مېنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ بەزلىگەنىكەن. ئاپامغا: «بۇ بالىنىڭ پېشانىسى ئوڭ. بىزنىڭكىدە خاتا تۇغۇلۇپ قالغان» دېگەن. مەن ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، دادام ھەرقېتىم كەچتە تورت ۋە كەمپۈتكە ئوخشاش نەرسە ئالغاچ كېلىپ، كارىۋىتىمنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلىمگە قويۇپ قويۇپ، ئۈستىگە مالىخاي ياكى چىنىنى دۈم كۆمتۈرۈپ قوياتتى. مەن ئەتىگەندە تۇرۇپ مالىخاينىڭ ياكى چىنىنىڭ ئاستىدىن تورتنى ياكى كەمپۈتنى ئېلىپ يەيتتىم. يەتتە ياشقا كىرگەندە، دادام مېنى مەكتەپكە بەردى. مەكتەپكە بارىدىغان بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە تۇرسام يەيدىغان نەرسە يوق، ئاپام ماڭا: «سەن مەكتەپكە كىردىڭ، ئوقۇغۇچى بولدۇڭ، ئەمدى ئاستا - ئاستا چوڭ ئادەملەردىن ئۆگەن، ئاكا - ھەدىلىرىڭ بىلەن ئەتىگەندە تۇرۇپ، بىللە ناشتا قىلىسەن، ئۇنتۇپ قالما» دېدى. ئاپام يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى، لېكىن ئۇ ئىنىم بەختكە قارشى چاچراپ كەتتى. دادام ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ: «سەن چوقۇم بىزنىڭكىگە قايتىپ كەل» دېدى. ئاپام يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭ قېشىنىڭ ئۈستىدە نوقۇتتەك بىر تال مەڭ بار ئىدى. دادام خۇشال بولۇپ: «ئوغلۇم بىزنىڭكىگە يەنە قايتىپ كەلدى» دېدى.

دادام ئاكامنى ۋە تاغامنىڭ لەگلەك ئۇچۇرىدىغان بىر بالىسىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆيگە خۇۋا فامىلىلىك بىرىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ مۇئەللىم بىزنىڭ ئۆيدىن بەش چاقىرىم كېلىدىغان شۈيتاڭكۇدا تۇرۇشلۇق بىر تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرات-

تى. بىر بالىسىنى بىللە ئەكەلگەنىدى. ئاكام، تاغامنىڭ بالىسى
ۋە مۇئەللىمنىڭ بالىسى بىلەن بىللە ئوقۇيتتى. ئىككىنچى يىلى
دادام مېنى باشلاپ بېرىپ، ئاۋۋال كۇڭزىنىڭ سۇرىتىگە تەزىم
قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۈچ ئوقۇغۇچىغا قېتىپ قويدى. مۇئەللىمنىڭ
يۇرەك كېسىلى بار ئىدى. چۇشلۇك ئۇيقۇدىن كېيىن مەيدىسىنى
سىلاپ، قوشۇمىلىرىنى تۇرۇپ، تېز چامداپ سىنىپنىڭ ئىچىدە
چۆگىلەيتتى. بىز كىچىك بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتۇق.
بىر كۈنى ئاكام ۋە تاغامنىڭ ئوغلى ئۈچەيلەن قىقاس ـ
چۇقان كۆتۈرۈپ قوغلاشماق ئوينىدۇق. ئەتىسى دەرستە ھەر
كۈنى ئۆگىنىۋاتقان 20 خەت بىراقلا 30 غا چىقتى.
ھېلىمۇ مېنىڭ خاتىرەم ياخشى بولغاچقا، خەتلەرنى ناھايىتى
تېزلا ئۆگىنىۋالدىم. ئەتىسى 40 قا چىقتى. ھەر كۈنى مۇشۇن-
داق ئون خەتتىن قوشۇلۇپ، ئاخىرى 70 — 80 خەتنى
ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. مەن ھەممىنى ئۆگىنىۋالاتتىم. بىر
قېتىم مەن ئەدەبكە چىقىپ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇردۇم. مۇئەللىم
مېنى ئالدىغا چاقىرىپ ماڭا: «نېمىدەپ ئۆز ئورنۇڭدىن
ئايرىلىسەن؟» دېگىنىچە ئالقىنىمغا ئون قېتىم پالاق بىلەن ئۇر-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەب قىلغىلى تالاغا چىقمايدىغان بول-
دۇم. ئىشتىنىمغا سىيىپ، ئىشتىنىمنى ھۆل قىلىۋەتتىم. ئۆيگە
بارغاندا ئاپام مەندىن سورىدى، مەن دېيىشتىن قورقتۇم.
ئاكامدىن سورىۋىدى، ئاكام بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.
ئاپام گەپ قىلمىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى دادام مەكتەپنىڭ
ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇردى. بىز شۇ چاغدا دەرس
يادلاپ «مېڭزى ئۆلگەندە» دېگەن يەرگە كەلگەنىدۇق.
مۇئەللىم ماڭا تېخى بۇ جۈملىنى چۈشەندۈرمىگەنىدى. دادام «没»
خېتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەندىن: «بۇ خەتنىڭ مەنىسىنى بىلەم-
سەن؟» دەپ سورىدى. مەن دادامغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردىم.

دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «بۇ بالا ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ئوقۇغان» دېدى. مۇئەللىممۇ مېنى «ئەقىللىق» دەپ ماختاپ كەتتى. دادام ئۆيگە كېلىپ بۇ ئىشنى ئاپامغا دەپ بەردى. ئاپام مېنىڭ ئىشتانغا سىيىۋەتكەنلىكىمنى دادامغا ئېيتتى. يىل ئاخىرىسىدا دادام مۇئەللىمنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. بىزنىڭ ئوقۇشىمىزنى دەپ ئۆيدىكىلەر تاغقا كۆچۈپ كەلدى ۋە نام قازانغان بىر مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭمۇ فامىلىسى خۇا ئىدى. كېفۇتاڭنىڭ شەرقىدە ئولتۇراتتى. بىز كېفۇتاڭ-نىڭ غەربىدىن ئۆي ئىجارە ئالغانىدۇق. بېرىش - كېلىشتە قىينالمايتتۇق. شۇ يىلى مەن سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم. مۇ-ئەللىم بىزگە «تارىختىن بايانلار»، «جۇغراپىيىدىن ساۋات» ناملىق ئىككى كىتابتىن دەرس ئۆتەتتى. مەن جۇغراپىيە دەر-سىدە سۆزلەنگەن شىۋېتسىيە بىلەن نورۋېگىيىدە كۈننىڭ ئۇزۇن، تۈننىڭ قىسقا بولىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم. مۇئەللىم بۇ ئىككى كىتابنى تۈگىتىپ بولۇپ بىردىنلا ئاغرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دەرس توختىدى. بىز ھويلىنىڭ ئىچىدە كۆلچەك كولاپ، بېلىق باقتۇق. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى يەپ كەتتۇق. بىز يەنە ئۆي كۆچتۇق. چوڭ بىر مەيداننىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان كوچىدا كو-نىراپ كەتكەن بىر بىنا بار ئىدى. بىز شۇ بىناغا كۆچۈپ كىردۇق. ئوقۇش پۈرسىتى بولمىدى. مەن ھەمىشە ھويلىدىكى بىر دۆۋە تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قورۇ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتىم. گۈگۈم چۈشكەندە ئۆگزىگە چىقىپ ئوقۇيتتىم. يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسىلىگە شۇ چاغدا گىرىپتار بولغانىدىم.

دادام بىلەن ئاپام بىزنى ھېچقاچان قاپىقىنى تۈرۈپ تىللاپ باققان ئەمەس ئىدى. بىرەرىمىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساق، ئۇلار مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق سۆزلەپ تەربىيە بېرەتتى. سەۋەنلىكىمىزنى تونۇشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى. تاغام-نىڭ ئوغلى بىزنىڭكىدە تۇراتتى. بىر كۈنى قاش قارايغان

چاغدا، ئۇ ماڭا ئۆزى بىلەن بىللە «چىفاڭچياۋ» غا بېرىشىمنى ئېيتتى ۋە ئاپامغا دەپ قويۇشۇم كېرەكلىكىنى جېكىلىدى. مەن ئاپامغا دېدىم. ئاپام ئوينىشىپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ، گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىككىمىزنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيدىكىلەر بىزنىڭ راستىنلا «چىفاڭچياۋ» غا كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپتۇ. دادام ياڭ سىباۋ ئىسىملىك بىر خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر قولىدا پانۇس، يېرىم كېچىدە «چىفاڭچياۋ» غا باردى. مەن ئۇخلاپ قالغانىدىم. ئالدىراش چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ دادام بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. يولدا دادام بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىدى. بازارغا كىردۇق. دادام بىزنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ بىر قاچا يۇەنشاۋ ئېلىپ بەردى. ئۆيگە بارساق، ئاپام، ئاچام ۋە ئاكام چىراغ تۈۋىدە بىزنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئاپام بىلەن ئاچام ماڭا: «بىر قاچا يۇەنشاۋ قانداق گېلىڭدىن ئۆتتى» دېدى ۋە مېنى ئۇخلاشقا بۇيرۇدى.

دادام ھەر كۈنى كەچتە كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر ئەپيۇنخانىغا باراتتى. بازاردىكى ھەرقانداق ئىش مەسلىھەت بويىچە شۇ يەردە ھەل بولاتتى. بىر كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە ياڭ سىباۋ مېنى شۇ يەرگە باشلاپ باردى. مېنىڭ بېرىشىمنى دادامۇ چەكلىمىدى. ئەپيۇنخانىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئۇندەك كارىۋات قويۇلغانىدى. بىر ئەپيۇنكەش تۇيۇقسىز مەندىن: «ئاڭلىسام، سەن ‹ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە›نى ياد بىلىدىكەنسەن، راستمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. يەنە بىرى: «بىزگە يادلاپ بەرسەڭ، قانداق؟» دېدى. مەن يەنە بېشىمنى لىڭشىتتىم. يەنە بىرى: «ئەمىسە مەن سوئال سوراي» دېدى. جۇگې لياڭنىڭ كۆڭزىچىلار بىلەن تىل ئۇرۇشى قىلىدىغان ئابزاسنى يادلاپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن شۇ ئاخشىمى ھەرىكىتى بىلەن يادلاپ بەردىم. جۇگې لياڭنىڭ سۆزلىرىنى

يادلىغاندا، جۇگې لياڭ تەرەپ بولۇپ، جاڭ شاۋ تەراپدارلىرى- نىڭ سۆزلىرىنى يادلىغاندا، جاڭ شاۋ تەرەپدارى بولۇپ يادلى- دىم. يادلاپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر دادامنىڭ ئالدىدا مېنى بەس - بەس بىلەن ماختاپ كېتىشتى. لېكىن دادام بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئەتىسى قاش قارايغان چاغدا ياڭ سىباۋ مېنى يەنە باشلاپ باردى. دادام توسىمىدى. بىز بىر كۆۋرۈك- تىن ئۆتكەندە دادام مەندىن: «كۆۋرۈك دېگەن خەتنى بىلەم- سەن؟» دەپ سورىدى. «بىلىمەن» دېدىم. «يان بۆلىكىدە قانداق خەت بار؟» دادام مەندىن يەنە سورىدى. «木» دېگەن خەت بار» دېدىم. «马 بىلەن 木 خېتى بىرىكىپ كەلگەن خەتنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى دادام يەنە «بىلىمەن، 骄» دېدىم. «骄 دېگەن خەتنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟» دادام مەن- دىن يەنە سورىدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ «بىلىمەن» دېدىم. دادام مېنىڭ مۇرەمنى تۇتۇپ پەس ئاۋازدا مەندىن: «سەن ئاخشام سەل مەغرۇرلاندىڭغۇ دەيمەن؟» دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ كەتتى. مەن گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدىم. ئەپيۇنخانىغا كىرگەندە، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى كۆرگەن ئەپيۇنكەشلەر بۈگۈن ئاخشام يەنە يادلاپ بېرىشىمنى ئېيتىشتى. ئارىدىن بىرى: «سوئالنى مەن سورايمەن. جۇگې لياڭنىڭ ۋاڭ لاڭنى تىللاپ ئۆلتۈرۈۋې- تىدىغان ھېلىقى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسۇن» دېدى. ئۇلار مې- نىڭ قىزىرىپ - تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، كەيپىياتىمنىڭ ئاخشامقىدەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، زورلاپ تۇرۇۋالمىدى. ياڭ سىباۋ مېنى شۇنىڭدىن كېيىن ئەپيۇنخانىغا باشلاپ ئاپارمىدى. دادام ئۇنى ئەيىبلىگەن ئوخشايدۇ. مەن شۇ يىلى ئەمدىلا توق- قۇز ياشقا كىرگەنىدىم.

دادام ھەر كۈنى كەچتە ئەپيۇنخانىغا باراتتى. ئاپام بىلەن ئاچام ئۇخلاپ قالاتتى. ئاكام دادامنىڭ يولىغا قاراپ

ئولتۇراتتى. ئاكامنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلىماي ئولتۇراتتىم. دادام ئاكامغا ھەر ئاخشىمى قانداق كىتاب ئوقۇش كېرەكلىكىنى، كەلگەندە سورايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قوياتتى. ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز-نى ئاڭلىغان ھامان ئاكام مېنى دەرھال ئۇخلاشقا بۇيرۇيتتى. ئىشىكنى دادامغا ئۇ ئېچىپ بېرەتتى. ئاكام دادامنىڭ تەۋسىيە-سى بىلەن بىر مەزگىل زىڭ گوفەننىڭ خۇنەن قوشۇنىنى باشلاپ خۇڭ شيۇچۇەن ۋە ياڭ شيۇچىڭ باشچىلىقىدىكى تەيپىڭ تيەنگو قوشۇنىنى باستۇرغان ئىشلىرى يېزىلغان كىتابنى ئوقۇپ يۈردى. كىتابنىڭ بىر يېرىدە بىر ئاخشىمى زىڭ گوفەننىڭ قوشۇنلىرى نەنجىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، لى چىڭدىيەن، سۇ فۇسى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوشۇن باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكى بايان قىلىنغان. دادام: «بۇ قۇرلارغا باشقا مەزمۇن يوشۇرۇنغان، كىتاب ئوقۇغاندا يوشۇرۇن مەزمۇنلارنى بىلىش كېرەك. بىر سۆزنى يازغاندا، ئۈچ سۆزنى، بىر جۈملىنى يازغاندا، ئۈچ جۈملىنى تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالغا بولۇققاندا، ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ، يوشۇرۇن مەزمۇنلارنى چۈشىنىش كېرەك. ھەقىقىي كىتاب ئوقۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دېدى ئاكامغا. مەن گەپنى كاردۋاتتا يېتىپ ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمدا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. مۇشۇنداق گەپلەرنى داۋاملىق ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئاكام ھەمىشە سائەت 11 دە ئۇخلايتتى. دادام چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ سائەت 12 لەردىن ئاشقاندا ئاندىن يېتىپ قالاتتى.

دادام ئۆزىنىڭ كېسەلچان ھەم تېنىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىپ، ئاكامغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئاكام چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخىرقى بىر قېتىملىق كېجۇ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. شۇ چاغلاردا بازاردا يېڭىچە بىر مەكتەپ ئېچىلغانىدى. دادام

ئاكام ئىككىمىزنى شۇ مەكتەپكە بەردى. ئاكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا كىردىم. دادام مېنىڭ دەرس تەييارلىشىمغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى، ھەم ھەيدەكچىلىك قىلمايتتى. بىر كۈنى گۇگۇم مەھەلدە ئۆيگە ئىككى مېھمان كەلدى، ئۇلار دادام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتىم. دادامنىڭ: «بۇ ئوغلۇم ئەدەبىياتقا پىششىق» دېگەن گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن مەكتەپتە ماقالە يازاتتىم. ئۆيگە كەلگەندە ئاكامنى دوراپ نەسىر ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىپ باقاتتىم. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسەن «گۇەن يۈ توغرىسىدا»، «جاڭ فېي توغرىسىدا» قاتارلىق ئون پارچە ماقالە يازغانىدىم. بۇ ئىشنى ئاكامغىمۇ تىنمىغانىدىم. دادامنىڭ بۈگۈن كەچتە مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن ھەيران بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن خىجىللىق ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن دادام ئاكامغا تەربىيە بەرگەندە مېنىڭمۇ بىللە ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ناۋادا چۈشەنگەن بولسام، گەپ قىستۇرۇشۇمغا يول قويۇلدى.

دادام بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كەچلىرى ئەپيۇنخانىغا بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزى يالغۇز كارىۋاتتا يېتىپ ئەپيۇن چېكەتتى. ئاپام بىلەن ئاچام چىراغ تۈۋىدە كىيىم يامايتتى، ئاكام بىر چەتتە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. دادام ھەرقېتىم مېنى يېنىغا چاقىرىپ، مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. بىز بىر سائەت ياكى ئىككى سائەت ئەتراپىدا پاراڭلىشاتتۇق. ئاپام، ئاچام ۋە ئاكام: «سەن باللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ سەت، دادام بىلەن قىلىشقۇدەك نېمە گېپىڭ بار ئىدى، قانچىلىك گەپ قىلالايتتىڭ؟» دەپ مېنى مازاق قىلاتتى. مەن ئىزا تارتقىنىمدىن ئۇلارنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمەيتتىم. كېيىنكى كۆن-

لەردە ھەرقانچە ئەسلەيمۇ، دادامنىڭ ماڭا نېمىلەرنى دېگەنلە-
كىنى ئەسلىيەلمىدىم. دادام مېنى ھېچقاچان ئىجابىي ياقتىن
تەربىيىلەپ باققان ئەمەس، باشقا جەھەتتىن مېنى رىغبەتلەندۈ-
رەتتى. مۇشۇلا ئېسىمدە قاپتۇ. مەن نېمىدېگەن دۆت - ھە!
دادامنىڭ مېنى تەربىيىلەشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانلىقىنى
تولۇق ھېس قىلالماپتىمەن! ھازىر ئۆيلىسام ھەقىقەتەن خى-
جىل بولىمەن.

## يې شېڭتاۋ (1894 — 1988)

## دادا بولۇش

يې شېڭتاۋ — يەنە بىر ئىسمى يې شاۋجۈن، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى، مائارىپچىسى، جيائوسۇ سۇجۇلۇق. ئۇزۇن مۇددەت مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئوقۇتقۇچى ھەم تەھرىر بولغان. 1949 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇنىڭ «نى خۇەنجى» ناملىق رومانى، «ئارتۇق ئېلىنغان بەش كۈرە ھوسۇل» ۋە «پەردە» ناملىق ھېكايىلىرى بار. ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كۆپ توملۇق «يې شېڭتاۋ تاللانما ئەسەرلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن.

ناۋادا مۇشۇ كەمگىچە بالا يۈزى كۆرمىگەن بولساق، بىزمۇ بەزىلەردەك تۇرمۇشىمىزدا قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلغان، ئۈمىدسىزلىك ھەمىشە كاللىمىزنى چىرمىۋالغان بولارمىدى؟

ئايالىم ئىككىمىز ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەيتتۇق، دەيمىز. بالا يۈزى كۆرمىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى خۇددى بىر نەرسىسى كەمدەك سېزىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىمۇ بالا يۈزى كۆرۈشكە تېگىشلىك دەپ بىلىشىدۇ. تېگىشلىك نەرسىدىن بەھرىمەن بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشى تەبىئىي ئىش. بەزىلەر بالا يۈزى كۆرمەسلىك — جەمئىيەت ئۈچۈن كۈچ چىقارمىغانلىق. نەسىل قالدۇرۇشقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق دېيىشى مۇمكىن. بۇ دەبدەبىلىك گەپ. ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە سەۋەب ئىزدەيدۇ. ئۇجۇر - بۇجۇرغىچە سۈرۈشتە قىلىدۇ. يەنىلا تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشەلمەي، تىلىكى ئىجابەتسىز قالىدۇ. بىز كىشىلىك ھوقۇق كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە، بالىلىق بولۇش كۆپ تەرەپلىمىلىككە كىرمەيدۇ، دەپ قارايمىز. ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمەيتتۇق، دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ.

بالىلىرىمىز ئاللىقاچان دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ تەسەۋۋۇرنى ئىسپاتلاش ھاجەتسىز. بالا يۈزى كۆرگەن بوگۇنكى كۈندە، بالا يوقلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ئاڭلىق ھېس قىلمايمىز. ناۋادا راستتىنلا بالىمىز بولمىغان بولسا، قاتتىق ئېچىمىز پۇشقان ھەم تولىمۇ مەيۈسلەنگەن بولاتتۇق. بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىشى. بۇ گەپ يېقىندىن بۇيان خۇددى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتقاندەك شوئارغا ئايلاندى. ئاتا - ئانىلارنىڭ قوشۇمچە مۇتەخەسسىس

بولۇشمۇ پاكىت بولۇپ قالدى. مۇتەخەسسىس ئەمەس ئادەم مۇتەخەسسىس بولۇپ تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالسا، ئاساسەن مۇنداق ئىككى يولنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرى، نۇرغۇن ئورۇنسىز ۋايىم يەيدۇ، يەنە بىرى، «يوقلۇق» بىلەن ئەسلىدە بالىلارنىڭ قانداقتۇر بىرنەرسە بىلەن تولۇقلاشقا تېگىشلىك تۇرمۇشى تولۇقلاشقا تېگىشلىك نەرسە بىلەن تولۇقلانماي قالىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئاڭسىز هالدا كېيىنكى يولنى تاللىۋالدىم. مەن بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ نەزەرىدە ئادەتتىكى دادىلاردەك بالىلارنى باستۇرىدىغان مەبۇدە. بىر - بىرىگە تاقابىل تۇرالمىغاندا بالىلىرىدىم: «دادا، پالانچىغا قارىغىنا!» دەپ ۋارقىرايدۇ. بەزىدە تېرىكىپ كېتىمەن. تىللاپ سالىمەن. هەتتا قولۇم تېگىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ بالىلارنىڭ جېدىلى هەمىشە سوقۇشۇپ قالغان ئىككى بالا: «سەن ئۇنداق قىلمىغان بولساڭ، مەنمۇ بۇنداق قىلمىغان بولاتتىم» دېيىشىپ بېسىقىپ قالغاندەك بېسىقىپ قالاتتى. بۇ گەپ ئەمدى تەگمەسلىك، يېڭىباشتىن ئەپلىشىپ قېلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

ئۆزىنى «مەشهۇر دادا» سانىمايدىغانلارنىڭ تولىسى ماڭا ئوخشاش يول تۇتىدۇ.

مېنىڭ هېچقانداق ئىشەنچىم يوق، هەممە ئىش ئۆگىنىش هەم سىناق باسقۇچىدا تۇرسا. كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرىنى قانداقمۇ ئاۋۋال بەلگىلەپ ئاندىن ئۆگىتەي؟

مېنىڭچە، بالىلارنىڭ مەكتەپ بىلەنمۇ هېچقانداق ئالاهىدە مۇناسىۋىتى يوق. تىنىش بەلگىلىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆگىنىۋالسا، ئاددىي ساۋاتلارنى ئانچە - مۇنچە بىلىۋالسا، دوستىنى بىر نەچچىنى كۆپرەك تۇتۇۋالسا، مەكتەپتە بىر نەچچە زامان ئارتۇق يۈرسە، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

بۇرۇن ئەندىشە قىلغانىدىم. چۈنكى، مەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى ماڭا بىرقەدەر تونۇشلۇق ئىدى. ئىسمى – جىسمىغا لايىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولاتتى. مەكتەپ يېشىغا توشقان باللىرىمنى بەرگۈدەك مەكتەپمۇ يوق ئىدى. ھازىر باللىرىمنىڭ ئۈچىلىسى مەكتەپكە كىردى. مەكتەپ ئالاھىدە ياخشى مەكتەپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەن زورمۇزور مادارا قىلىدىغان ئويدىن خالى ئىدىم.

باللارنى چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك مەكتەپكە بېرىش كېرەك. بۇ، باللارنى ئالاھىدە قىممەتلىك ۋە ئالاھىدە نازۇك گۈل – گىياھ ساناپ، پارۋايلىق ئەينەك پارنىكتا ساقلاشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەزى ئەللەردىكى ئېسىلزادىلەردەك باللىرىنى تۈتىيا بىلىپ بۇنداق تەلەپپۇزدا چىڭقىلىپ سۆزلەشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاۋى نازۇك بولۇپ قېلىشىغا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. باللار بېشىدىن ئىسسىق – سوغۇق ئۆتكەن، بوران – چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەن مۇشۇنى ياقتۇرىمەن. مۇشۇلارنى ئويلاپ بىھۇدە ئەندىشە قىلغانلىقىم ئۈچۈن كۈلۈپ كېتىمەن.

دۇنيادا تۇرمۇشنىڭ چەكلىمىسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ كىرەلمىگەنلەر سامانىدەك. ئۇلار ئوخشاشلا قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەزمۇت دەسسەپ ئىنساندەك ياشاۋاتامدۇ! مەكتەپنىڭ ياخشى – يامان بولۇشىنىڭ ئادەم بىلەن زادى قانچىلىك دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇرۇنقى ئەندىشىلىرىم ئارقىلىق مېنىڭ كۆرگەن – بىلگەنلىرىم تولىمۇ ئاز ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم.

مەن بۇ جەھەتتە بىر پارچە «ئاق قەغەز»، مەكتەپ بىلەنمۇ ھېچقانداق ئالاھىدە مۇناسىۋىتىم يوق. شۇڭا بولۇڭغا قاپسىلىپ قالدىم. باللار مۇھىت چەكلىمىسى ئىچىدە چوڭ بولىدۇ، ئۇلار

ھەممە نەرسىگە پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مۇھىت، جۇملىدىن ئۇلارغا يولۇققان چاكىنا ئادەملەرنى، يېمەك - ئىچمەكنى، ئىت - مۈشۈكلەرنى ئاتا - ئانا بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى، بازارلارنى ھەم ئېتىز - داللارنى، ئەيتاۋۇر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دادىنىڭ باللىرىغا ھەقىقەتەن ياردەم بەرگۈسى بولسا، بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنى يېتەكلەش. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى تاۋلاش. ناۋادا مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلسا، ئەلۋەتتە، ئۇ نۇرغۇن نازۇك نەزەرىيەلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. لېكىن يېتەكلەشنى ئاساسي مەزمۇن قىلىپ سۆزلىشى مۇمكىن.

قانداق يېتەكلەش كېرەك؟ مەن گاڭگىراپ قالدىم. قايسى مەنزىلگە مېڭىشنى بىلسەممۇ، مەندە ماجال يوق. قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك تۇرىمەن. بۇ بىر ھېسابتا مەنزىلنى بىلمىگەن بىلەن باراۋەر. مۇشۇ نۇقتىدا باللىرىمنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل بولىمەن. بۇ ماڭا ناھايىتى ئايان. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ داشۆدە ئوقۇش - ئوقۇماسلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى مۇۋاپىق يېتەكلەش ئۇلارنىڭ ھايات مېخانىزمىنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. داشۆدە ئوقۇسا ئۇلار دىپلومغا، مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، باشقىلارنى ئاسان ئېزەلەيدۇ (بەزىلەر داشۆ مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈپ ۋەتەننى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، دەيدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، مەن بۇ گەپكە تازا ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، ئەمما مۇقامغا توغرا كەلمەيدىغان بۇنداق خۇلاسە كاللامدىن زادى نېرى كەتمەيدۇ).

باللار مۇھىتقا مۇۋاپىق تاقابىل تۇرالماي ھەتتا ئاجىزلىق قىلىپ قالسا، ئۇلار چوقۇم پەرىشان بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كۆڭلىدە، دادام بالدۇرراق ياردەم قىلغان بولسا، ئىككى يېنىمغا قاراپ قالمىغان بولاتتىم، دەپ ئويلايدۇ. بۇ گۇناھتىن

ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم يوق ھەم قاچۇرالمايمەن.

مېنىڭ بالىلىرىمدىن كۆتكەن ئۈمىدىم بار.

بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى مەندىن ئېشىپ كەتسىكەن دەيمەن. كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ قوينى ناھايىتى كەڭ. ئىنسانلار ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى بىۋاسىتە ئۈمىد قىلىدۇ. كىشىلىك جەمئىيەت ئىنسانلاردىن تەركىب تاپىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىنقى ئەۋلادلارنى بېسىپ چۈشمىسە، ئىلگىرىلىمەي ئۆز ئورنىدا توختاپ قېلىپ، بىر ئەۋلادنىڭ ۋاقتى بىكار ئۆتكەن بولىدۇ. «بىر ئەۋلاد بىر ئەۋلادقا يەتمەيدۇ» دېگەن ھالەت شەكىللىنىدۇ. سوراپ باقايلى، كىشىلىك جەمئىيەت بۇنداق ئوخشىمىسزلىقلارغا قانچە قېتىم بەرداشلىق بېرەلىگەن؟ شۇڭا بالىلىرىمنى مەندىن ئېشىپ كەتسىكەن دەپ ئويلايمەن.

شىخۇ كۆلىدىكى گىلىگغا ئوخشاش تاغلارغا چىقسام ھاسىراپ كېتىمەن.ئۇن جىلغ ئەتراپىدىكى نەرسىنى كۆتۈرۈپ بىر - ئىككى چاقىرىم يول يۈرسەم بىلەكلىرىم نەچچە كۈنگىچە سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىدۇ. مېنىڭ سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي كاردىن چىققان. بالىلىرىم مەندىن قاۋۇل بولسىكەن دەيمەن.

باشقىلار مەندىن گەپ سورىسا، دەرھال جاۋاب بېرەلمەي، مىشچانلارنىڭ ئالدىدا قانداق ھۆكۈم قىلىشنى ياكى ئۇسال ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالىمەن. مەن بۇنداق قاشاڭلىق بىلەن ھېچنېمىگە يارىمايمەن. بالىلىرىمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولسىكەن دەيمەن.

كەسپكە كەلسەك، بالىلار ھازىر قەلەم ۋە سىياھ بىلەن مەشغۇل. يامىنى كەلسە، ئۇلار تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەت ياكى مائارىپنىڭ ئېگىز قالپىقىنى قىرلاپ كىيىپ، خۇددى چولىسى يوق، ئالدىراش ئادەمدەك بولۇۋالىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىشچى - دېھقانلارغا ئوخشاش كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالىغۇدەك بىر-

نەرسەئىشلەپ چىقىرالامدۇ؟ مەن باشقىلار ئىشلەپ چىقارغان ھەقىقىي ئېسىلمال قىممىتىگە ئىگە نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ نومۇسسىز ئەزگۈچى بولۇپ قالمىدىممۇ؟ مەدەنىيەت ياكى مائارىپنىڭ ئېگىز قالپىقى بىزنىڭ خۇنۇك چىرايىمىزنى يوشۇرۇپ، مەسخىرىدىن بىردەملىك قۇتۇلۇشىمىزغىلا يارايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇنىڭغا كەلگەندە مەن پارازىتلىقتا چېكىگە يېتىپتىمەن، دەپ ئويلايمەن. باللارنىڭ مېنىڭدەك بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھېچ بولمىغاندا باشقىلارنىڭ ئالدىدا: «بىز ئۆز ئەمگىكىمىز بىلەن ئېسىلمال قىممىتىگە ئىگە نەرسە ئىشلەپ چىقاردۇق، مانا!» دەپ جاكارلىيالايدىغان بولسۇن. رەخت، گۈرۈچ ۋە بۇغدايىنى قولىمىزغا ئېلىپ كۆرسەتسۇن؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى مېتافىزىكىچى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ چىشلىق چاق ياكى ۋىنتا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1930 - يىلى 11 - ئايدا يېزىلدى

# لياڭ شۇمىڭ (1893 — 1988)

## مېنىڭ دادام

لياڭ شۇمىڭ — يەنە بىر ئىسمى خۇەن دىڭ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مۇتەپەككۇرى. گۇاڭشى گۇيلىنلىق، «توڭمىڭخۇي»غا قاتنىشىپ، ئۆزىنى شىڭخەي ئىنقىلابىغا بېغىشلىغان، كېيىن بۇددا دىنى تەتقىقاتىغا بېرىلىپ، ئېلىمىز يېزا قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ھىندىستان پەلسەپىسىدىن ئومۇمىي چۈشەنچە»، «شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى»، «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى»، «قەلب ۋە كىشىلىك تۇرمۇش» قاتارلىقلار بار.

مېنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەن ئادەم پۈتۈنلەي دادام، شۇڭا دادامنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى ۋە ماڭا بەرگەن تەلىم ـ تەربىيىسىنى بايان قىلىشنى زۆرۈر تاپتىم.

دادام يارىلىشىدىن ئەقىللىق يارالغان ئادەم ئەمەس، بەلكى سەممىي ھەم راستچىل ئادەم. دادامدا ئىلىم ـ پەن بىلەن مەشغۇل بولغۇدەك ئىقتىدار كەمچىل. قىلغان ئىشلىرىدا پەم ـ پاراسەت تېخىمۇ يوق. دادام ئاپامغا ئوخشاش يارىلىشىدىن ئاق كۆڭۈل يارالغان. كۆڭۈل قويۇپ، ئەترا پلىق ۋە پۇختا ئويلايدۇ. جاپالىق تۇرمۇشتا پىشقان. كىشىگە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ناھايىتى ئەقىللىق كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشلىرى تولىمۇ ئاز. باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ چاكىنىلىقتىن خالى ۋە ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىنىمۇ خالىمايدۇ، يەنە كېلىپ مۇئامىلىسى قىزغىن ھەم مەرد ئادەم.

يارىلىشىدىن ئەقىللىق يارالمىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئەركىن بولمايدۇ. بۇنداقلار راستچىل، ئىخلاسمەن ۋە ئىرىشچان، ئەستايىدىل كېلىدۇ. مەرد كىشىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى بىمالال بولىدۇ، قورۇنۇشنى بىلمەيدۇ. دادام خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشقا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئىلىم ـ پەنگە سەل قارايتتى. كونىلارنىڭ «كەمبەغەللىكتىن نومۇس قىلما، بىكار تەلەت بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىل» دېگەن سۆزى دادامنىڭ دەل دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيەمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئادەم بولۇش جەريانىدا مەن دادام تۇتقان مۇشۇ يولنىڭ (مەردلىك، ئەستايىدىللىق ۋە چاكىنىلىقتىن خالىلىق) تەسىرىگە ئۇچرىغانىدىم.

دادام ماڭا پۈتۈنلەي كەڭ قورساقلىق قىلاتتى. كىچىكىمدە چوڭ ئاكامنىڭ بىر قېتىم تاياق يېگىنى يادىمدا. بۇنداق

ئىش كەمدىن كەم يۈز بېرەتتى. ئەسلەپ باقسام، مەن بىر قېتىممۇ تاياق يەپ باقماپتىمەن. مەن «تايىقى يوق» باللاردىن ئەمەس، بەلكى تەرسا ھەم ھاڭۋاقتى بالا ئىدىم. دادام بىزگە تەرىنى تۈرۈپ تەنبىھ بېرىپ باققان ئەمەس. مەن، دادامنىڭ تەسىرى ماڭا نۇرغۇن تاپا - تەنىلەر ئارقىلىق ئۆتكەن دېگەندىن كۆرە، بەرگەن ئانچە - مۇنچە بېشارەتلىرى ئارقىلىق ئۆتكەن دېگىنىم تۈزۈك. مەن دادامنىڭ ئالدىدا روھىي بېسىم ھېس قىلمايتتىم. دادام ئۆسمۈرلەرگە ياكى باللارغا ھەرگىز جىددىي تىكىلىپ قارىمايتتى. مەن بالدۇرلا مەكتەپ كۆرگەچكە، دادامنىڭ كەمسۇندۇرۇشىغا ئۇچراپ باقمىدىم.

ئون ياشقا كىرىشىمنىڭ ئالدى - كەينىدە (يەتتە - سەككىز ياشتىن، 12 — 13 ياشقا كىرگۈچە) ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن دادامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم. بىرىنچىسى، چاڭچىلە سۆزلەش. دادام ئادەتتە چاڭچىلە كۆرۈشكە بەك ئامراق ئىدى. چاڭچىلە ۋەقەلىكنى بىزگە سۆزلەپ بېرەتتى. ئىككىنچىسى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ياكى پارچە - پۇرات ئىشلارنى بېجىرىش توغرا كەلسە، بىزنى بىللە ئاپىرىپ بىزگە سودا قىلىشنى ۋە مۇناسىۋەت ئىلمىنى ئۆگىتەتتى. ئۈچىنچىسى، تازىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىن، جۈملىدىن ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆز سالامەتلىكىنى قانداق ئاسراش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمىلەر بېرەتتى. بۇنداق نەسىھەت ھەم كۆرسەتمىلىرى تولىمۇ كۆپ. ھەرقانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇپ قويمايتتى.

ھېلىمۇ يادىمدا، تۇققۇز ياش ۋاقتىم ئىدى. بىر قېتىم يىغقان بىر تىزىق يارمىقىم (ئۇ چاغلاردا كەندىر يىپىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرىسى تۆشۈك يارماق پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى) تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئىزدىمىگەن يېرىم، ئۇرۇشمىغان ئادىمىم قالمىدى. لېكىن يارمىقىم تېپىلمىدى. ئەتىسى دادام

ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى شاپتۇل دەرىخىنىڭ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر تىزىق يارماقنى كۆرۈپ، شاخقا ئېسىپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى قىياس قىپتۇ. ئۇ ماڭا كايىمىسىدى ھەم ئالدىغا چاقىرتمىدى. بىر كىچىك بالا شاپتۇل دەرىخى تۈۋىدە ئويناۋېتىپ، شاخقا ئېسىپ قويغان بىر تىزىق يارمىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۇچرىغان ئادەمدىن سوراپتۇ، ھەتتا ئۇرۇشۇشتىنمۇ يانماپتۇ. ئەتىسى دادىسى ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈۋېتىپ، شاپتۇل دەرىخىنىڭ شېخىدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر تىزىق يارماقنى كۆرۈپ، بالىسىغا دەپتۇ. بالىسى ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلىپتۇ، دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە ئاق قەغەزگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ماڭا بەردى، باشقا گەپ قىلمىدى. مەن خەتنى ئوقۇپ بىردىنلا ھوشۇمنى تاپتىم. يۈگۈرۈپ بېرىپ يارمىقىمنى تاپتىم، ئەمما قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالدىم. مۇشۇ بىر ئىشتىن دادامنىڭ مېنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

14 ياشقا كىرىپ مەندە ئىدىيىۋى قاراش ياكى پىكىر بايان قىلىش ۋە ياكى ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش تەدرىجىي شەكىللەندى. دادام توغرا تاپسا ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن رىغبەتلەندۈرەتتى. توغرا تاپمىسا، ئۆزىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى ماڭا بىلدۈرۈپ قوياتتى، لېكىن ئارىلاشمايتتى. 17 - 18 ۋە 19 ياشلىق چېغىمدا بەزى چوڭراق ئىشلىرىغىمۇ رايىمغا بېقىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئارىلاشماي كەلدى. مەن ئۆزلۈكۈمدىن مانا مۇشۇنداق ئۆگەنگەن.

## گومورو (1892 — 1978)

## ئاتا ـ ئانامغا يېزىلغان خەت

گومورو — ئەسلى ئىسمى گۇ كەيجېن، گۇدڭتالىك، تەخەللۇسى شاڭۋۇ، ئىلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تالانتلىق يازغۇچىسى، تارىخچىسى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى، سىچۈەن لىشەنلىك. ياپونىيىگە بېرىپ دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، «شىيا شې»، «ئىجادىيەت جەمئىيىتى» نى تەشكىللىگەن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بۇ ئىككى پارچە خەتنى ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بىر پارچىسىنى 1914 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يەنە بىر پارچىسىنى 1916 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆيىگە يازغان. خەتتە ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋە سېغىنىشىنى، شۇنداقلا جىيەنلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان.

## 1

دادا، ئاپا:

ئىنىمنىڭ 26 - ئۆكتەبىر چېكىدۇدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. يېقىندا ئىنىم ئۆيگە ساق - سالامەت بېرىپ توي ئىشىنىمۇ تۈگىتىۋالغان بولسا كېرەك. مەن سىلەردىن تۆمەن چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىمەن، ئالدىڭلارغا سالامغا بارالمىدىم، خىزمىتىڭلاردا بولالمىدىم، بالىلىقنى يەتكۈزەلمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ھەقىقەتەن كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. مەن پۈتۈن ئائىلىنىڭ جەم بولۇشىنى، ئىككىڭلارنىڭ ساغلام، خاتىرجەم بولۇشۇڭلارنى، قېرىنداشلىرىمنىڭ خۇشال - خۇرام بىر يەرگە يىغىلىشىنى ۋە جىيەنلىرىمنىڭ چوڭ بولۇپ قاتارغا قېتىلىشىنى تىلەيمەن. شادلىققا چۆمگەن ئائىلە بىلەن سىلەرنىڭ تەبەسسۇم پارلىغان چىرايىڭلار كۆز ئالدىمدا نامايان بولغاندەك بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىسام، خۇشاللىقىمنى باسالمايۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن.

ئىنىم خېتىدە، شياۋ چېڭنىڭ بەدىنىگە جاراھەت چىقىپ، ئۆيگە كەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ قوشۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەيران بولدۇم. شياۋچېڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى — چېكىدۇدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ھۇرۇنلۇققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسامۇ، يىراق شەھەردە ئۇزۇن تۇردى، ئاز - تولا ئىلگىرىلەش بولۇشى كېرەك ئىدى. چېكىدۇدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مۇكەممەل، شارائىتمۇ ياخشى. نېمىشقا يېرىم يولدا ئوقۇشتىن چېكىنىدۇ؟ تۈپتۈز يولدا كېتىۋېتىپ نېمىشقا ئېگىز - پەس چىغىر يولنى تاللىۋالىدۇ؟ ئادەم ئۆمرىدە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى تەربىيىگە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدۇ. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى تەربىيە—

ئېگىز بىناغا ئۇل سالغانغا ئوخشايدۇ. ئۇل تۈپتۈز ھەم مۇس-
تەھكەم بولسا، ئېگىز بىنا سالغىلى بولىدۇ ھەم سالغان بىنا
ئۇزۇن مۇددەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ناۋادا ئۆسمۈرلۈك دەۋ-
رىدىكى تەربىيە ياخشى بولمىسا، چوڭ بولغاندا پۇشايمان
قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۆگىنىشتىن مەقسەت — بىر-
نەچچە خەتنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس. مەكتەپ ئەۋلادلارنى
تەربىيىلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان، بالىلار تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن
مەكتەپكە كىرىدۇ. چېڭدۇ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋى-
يىسى باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋى-
يىسىدىن كۆپ ياخشى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى جەزمەن
يۇقىرى بولسا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاندىن مۇكەممەل بولىدۇ.
نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار ياخشى تەربىيىگە ئېرىشىدۇ. جېجياڭ
جىيادىڭ ناھىيىسىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولىدىغان، يېقىنقى
يىللاردىكى ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ماڭا
قاراڭغۇ. لېكىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
سەۋىيىسى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى يۇقىرى
ئەمەس، جىيادىڭدا ئوقۇش كەيپىياتى ناھايىتى ناچار. مېڭزىنىڭ
ئاپىسى مېڭزىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئۆي كۆچ-
كەن. مەقسەت — ئوبدانراق قوشنا تاللاش. ئاق - قارىنى
پەرق ئېتەلمەيدىغان 11 — 12 ياشلىق بىر بالا قانداق قىلىپ
ياخشى ئوقۇمايدىغان بىر بالا بىلەن ئوبدان تەربىيىنى
قوبۇل قىلالىسۇن؟ ناچار مائارىپ سورۇنى — ئاتاقتىكى مائارىپ
سورۇنى — جىيادىڭدىكى مەكتەپ — مائارىپ سورۇنى ئەمەس،
بەلكى كالا باقىدىغان فېرما بولسا كېرەك. فېرما دېيىش سەل
ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولار، ھېچقانداق سەۋىيىسى ھەم بىلىمى
يوق ئوقۇتقۇچىلار ئاچقان مەكتەپ دېسە بولار دەيمەن. شياۋچېڭ
ئاپىسىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قايتىپ كەتكۈسى
كەلگەن. مەن شۇنداق پەرەز قىلدىم. بالىلارنى ئەركەكلەرگە

خاس جارەتكە ئىگە، باتۇر، ساغلام ھەم تېتىك، ھەرقانداق ئىشتا بۇ قۇتۇپتىن ـ ئۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كەتمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەزىلىتى. شياۋچېڭغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغانلار كەلگۈسىدە قانداقمۇ چوڭ ئىش قىلالار؟ مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: شياۋچېڭ ئۆيگە قايتىپ كەتمىگەن بولسا، تېخى ياخشى؛ قايتىپ كەتكەن بولسا، دەرھال شەھەر مەركىزى ـــ چېڭدۇغا قايتىپ، دەرسىنى تولۇقلىسۇن. ناۋادا بۇ يىل ئۈلگۈرەلمەي قالسا، كېلەر يىل ئەتىيازدا بېرىپ ئوقۇسۇن. ئۆسمۈرلەر تەلتۆكۈس ۋە ئىزچىل تەربىيە ئېلىشى كېرەك. يېرىم يولدا بىر مەكتەپتىن، ئىككىنچى بىر مەكتەپكە يۆتكەش ـــ ئۆي سېلىش جەريانىدا ئارخېتېكتورانى يۆتكىگەن بىلەن باراۋەر. بۇ ئىشتىن چوڭ ئۈمىد يوق. شياۋچېڭنىڭ ئۆيگە كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاپ كۆپرەك سۆزلەپ قويدۇم. ناۋادا چوڭ ئاكام مېنىڭ بۇ پىكرىمنى ئاڭلىسا، چوقۇم مەندىن نارازى بولىدۇ.

ئەگەر ئىنىم ئۆيدە قېپقېلىش قارارىغا كەلگەن بولسا، مېنىڭمۇ ئۇنى رايىدىن قايتۇرغۇم يوق. قىسقىسى، ئوقۇشى بىكار بولۇپ كەتمىسۇن. ئىنىمدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇدۇم. خېتى ناھايىتى جانسىز، جۈملىلىرى تاقا ـ تۇقا، ئىملالىرى خاتا. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەجەبلەندىم. مەن كۆپ خەت يازدىم، بۇ ئىشنى تالاي قېتىم تىلغا ئالغانلىقىم ھېلىمۇ يادىمدا. بۇ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك ئەمەس. مەن ئىنىمدىن ھەقىقەتەن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتىمەن. ئىنىمنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بايام بەش چېچەك چەكتۈردۈم. ھېچقانداق ئەكس تەسىر بولمىدى. بەدىنىمدە كېسەل مىكروبى ئاز ئوخشايدۇ. بۇ ئوقۇش مەۋسۇمى پات ئارىدا تۈگەيدۇ. پات ئارىدا تەجرىبىگە چۈشۈپ كېتىمىز. تەييارلىق سىنىپىدىكى دەرسلەر ئۈنچىۋالا ئېغىر ئەمەس. ئايالىم ئالدىنقى قېتىم ئەۋەت-

كەن خېتىدە، رەسىمنى ئەۋەتىشىمنى ئېيتىپتۇ. رەسىمگە چۈشكىلى باراي دېسەم يا ماشنا، يا ۋاقتىم يوق. كېيىن رەسىمگە چۈشۈپ قېيىن ئاتام بىلەن قېيىن ئاپامغا بىردىن ئەۋەتىپ بېرىمەن. مەن ھازىر شيۇيۈەندە تۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەر ناھايىتى تىنچ ھەم كىتاب ئوقۇشقا بەك مۇۋاپىق، بۇرۇن تۇرغان كوللېكتىپ ياتاقتىن كۆپ ياخشى.

ئۆيدىكىلەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار

بالاڭلار كەيجېندىن 16 - نويابىر

2

ئىنىمنىڭ 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. جاھاننىڭ مالىمانچىلىقى سەل بېسىقىپ، ئوقۇش تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويىدىغان ئىش ئەمدى يۈز بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. بىراق ئۆتكەن يىل شاڭخەيدىكى چېغىمدا كىتابلىرىمنى بىرىنى قويماي سېتىۋەتتىم، يول خىراجىتىگە كۆپ پۇل كەتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر قولۇم تولىمۇ قىسقا. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كۆتۈلمىگەن بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قېلىشىدىن ياكى ئاغرىپ قېلىشىدىن ياكى ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ كېتىۋاتىمەن. قولۇمدا ئارتۇق پۇل قالمىدى. قەرز ئېلىپ تۇرغۇدەك بىرەرسىمۇ يوق. شۇڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ ماڭا بىر نەچچە يۈز يۈەن ئەۋەتىشىنى سورايمەن. مۇشۇنچىلىك پۇلنى ئۆيدىكىلەر ماڭا ئەۋەتىپ بېرەمدۇ - يوق بىلمەيمەن. ياپونىيىنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىدە، ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە داشۆنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوخشاش ئاساسەن چەت ئەل

تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۆتۈلىدۇ. باشقا دەرسلەر ئادەتتىكى دەرسـ
لىكلەردىن ئىبارەت. شۇڭا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىـك ـــ
داشۆنى پۈتتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. مېنىڭ مۇستەقىل
تىرىكچىلىك قىلىش ھەققىدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئامالىم يوق.
مەن قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن سۇنى تىزگىنلەش بىلەن توققۇز
يىل سىرتتا يۈرۈپ، ئۈچ قېتىم ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ،
ئۆيىگە كىرمىگەن دايۈينى، ھونلارنىڭ ئېلىگە ئەلچى بولۇپ
بېرىپ، 19 يىل قوي باققان، قەھرىتان سوغۇقتا ئاچ ـ
يالىڭاچ يۈرگەن جاڭ چيەننى ئويلايمەن. كىچىكىمدە ئاتا ـ
ئانام ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، چوڭ بولغاندا ۋەتەننىڭ تەربىـ
يىسىگە ئېرىشتىم. مەن گەرچە دۆت، ۋەتەنگە ياراملىق ئادەم
بولالمىساممۇ، ئەمما بىرەر تېخنىكىلىق بىلىم ئىگىلەپ، جاھانـ
سازلىق قىلالايدىغان، ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغان ئادەم
بولسامكەن دەيمەن. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدى،
دايۈي بىلەن جاڭ چيەندەك ئېغىر كۈنگە قالمىدىم. ناھايىتى
كۆپ ۋە ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئېرىشتىم. ئەجەبا ئۆزۈمگە
جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئوقۇش، ئېھتىياتچان بولۇپ كۈرەش
قىلىش تەلىپىنى قويالمامدىم؟ ئەگەر ـ توقاي چىغىر يولدا
كېتىۋېتىپ داغدام يولنى قانداق ئۇنتۇپ قالاي؟ مەن داغدام
يولدا ئاستا مېڭىپ ياكى يېرىم يولدا ئىلگىرىلىمەي توختاپ
قېلىپ، ئاتا ـ ئانامنى يەرگە قارىتىپ قويمايمەن، ۋەتىنىمنىڭ
شەنىگە داغ كەلتۈرمەيمەن. ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرىدۇ،
ھەر ۋاقىت غېمىمنى يەيدۇ. ھازىر دۇنيادا ئالاقە ئىشلىرى
ناھايىتى قولاي بولۇپ كەتتى. دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرى
بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا، خەت كىشلەرنىڭ
قولىغا ناھايىتى ئەستە تېگەتتى. خەت تۇتىيا سانىلاتتى. بىر
پارچە خەت بىر نەچچە ئايغا سوزۇلۇپ كېتەتتى. ھازىرقىغا
سېلىشتۇرغاندا، بۇ غايەت چوڭ ئۆزگىرىش. ھازىر خەت ناھا-

يىتى تېز تېگىدۇ. ماڭا خۇددى مەن ئاتا ـ ئانام بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. گەرچە چەت ئەلدە بولسامۇ، ئۆزۈمنى ئەمەلىيەتتە ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. مەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، ئۆزۈمنى ئاسراشقا تىرىشىمەن. ئاتا ـ ئانامنى ئەندىشىگە سېلىپ قويمايمەن. ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر ۋاقىت غېمىمنى يەيدۇ.

چوڭ ئاكام ئوچۇق مىجەزلىك، ئەركەكلەرگە خاس شىجائەتكە ئىگە ئادەم. ئۇ ماڭا ناھايىتى ئاز خەت يازىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ بېيجىڭدا ساق ـ سالامەت تۇرۇۋېتىپتۇ. مەن بەزىدە ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۆيگە كۆپرەك خەت يېزىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلايمەن. مېنىڭچە، ئۇ ئۆيگە ئاللىقاچان خەت يازغان بولۇشى مۇمكىن. دۆلەت ئىچى قالايمىقان، خەت ـ پات ـ پاتلا ۋاقتىدا تەگمەي قالىدۇ. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. گەرچە ئۇرۇش توختىماي، جەمئىيەت قالايمىقان بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى يۆلەيدۇ. ۋەتەن بىزگە ھىمات بولىدۇ.تەڭرىمىنىڭ شەپقىتى بىلەن بىز ئاتا ـ ئانىمىزدىن شۇنچە يىراقتا تۇرساقمۇ، ئۆزىمىزنى ناھايىتى ياخشى ئاسراپ، كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازالاردىن ئامان ـ ئېسەن ياشاۋاتىمىز.

بەشىنچى ئاكام يېقىندىن بېرى چېگىدۇدا ئەمەسمۇ؟ ئۇزۇن بولدى ئۇنىڭدىن خەت كەلمىدى، ئۇنى بەك سېغىندىم. بەشىنچى ئاكام ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئادەم. ھازىرقى مۇشۇ ئەنسىز جاھاندا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغاندىلا نىشاندىن ئادىشىپ قالمايدۇ. ئىنىم بۇ گەپنى ئاكامغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بەشىنچى يەڭگەممۇ چېگدۇغا بېرىپتۇ، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدى.

غان ئىش. پېپي چېيەننىڭ ئۆيدە ئوقۇغىنى تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. يېقىندىن بۇيان ئۇ بوي تارتتىمۇ - يوق بىلمەيمەن؟ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش توختىسا، جەمئىيەت ئىزىغا چۈشسە، ناۋادا چوڭ يەڭگەم بېيجىڭغا بېرىۋالالىسا، تۇرمۇشى تېخىمۇ قولاي بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چوڭ ئاكام بۇ ئىشنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەن. لېكىن چوڭ ئاكامنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىش-لىرى تەتۈرسىگە يېنىپ، خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولمىسا، ئۇنىڭغا دېيىشنىڭ هاجىتى يوق. بۇ ھەقتە دادام - ئاپام قانداق ئويلايدىكىن؟ شاۋچېڭ بېيجىڭغا بارمىسۇن، بېيجىڭ ئوقۇيدىغان يەر ئەمەس. شياۋچېڭ هازىر مۇكەممەل تەربىيىگە موهتاج. ئۇنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز بولۇشى — مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى تەربىيىگە باغلىق. تۆتىنچى ئاچام نەنجىڭغا كەتتىمۇ؟ ئۈچىنچى ئاچام بىلەن ئالتىنچى سىڭلىم ياخشى تۇرۇ-ۋاتىدىغاندۇ؟ مەن ھەممىڭلارنى سېغىندىم. بىز 14 - چېسلا ئوقۇش باشلايمىز. ئىككىنچى يىلدىكى دەرسلىك بىرىنچى يىل-دىكىدىن قىيىن. دەرس سېتكىسىدىن بىرنى ئەۋەتتىم. بۇ يىل 9 - ئايدىن كېلەر يىلى 6 - ئايغىچە ئۆتۈلىدىغان بىر يىللىق دەرس مۇشۇ سېتكىغا چۈشۈرۈلدى. ئۆزگەرمەيدۇ.

دادام بىلەن ئاپامغا سالامەتلىك تىلەپ

ئوغلۇڭلار كەيجېندىن

16 - سېنتەبىر

## شې جۇزەي (1884 — 1971)

## بىر پارچە ئوچۇق خەت

شې جۇزەي — يەنە بىر ئىسمى خۇەننەن، خۇنەن ئۆلكىسىدىن، 1921 – يىلى «شىن مىن ئىلمىي جەمئىيىتى» گە قاتناشقان، 1925 – يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1934 – يىلى ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، مەركىزىي ئىشچى – دېھقانلار دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونى مەركىزىي ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان.

شې جۇزەينىڭ قىزى شې ياشيا ۋە ئۇنىڭ ئۇكا – سىڭىللىرى كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ ھېرىسمەن، ئۇلار دادىسىنىڭ قىرائەتخانىسىنىڭ دائىملىق ئەزالىرى. ئەمما كىتابنى قەدىرلىمەيتتى. ئوقۇپ بولۇپلا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلايتتى. شۇڭا شې جۇزەي بۇ ئوچۇق خەتنى يېزىپ كىتاب جازىسىنىڭ ئەينىكىگە چاپلاپ قويغان.

كىتاب، رەسىم، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئاسىراش ئىنتايىن ياخشى بىر ئىش. نەشىر بۇيۇملىرىنى يىرتىش، يىتتۈرۈش ۋە قالايمىقان تاشلاش ياخشى ئادەت ئەمەس. سىلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلار.

چوڭلىرىڭلار كىچىكلىرىڭلارنى يېتەكلەپ، كىتاب ـ گېزىتلەرنى ئاسرىمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن هامان بىر ـ بىرىڭلارنى تەنقىدلەپ، كەمچىلىكىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىڭلار.

ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، تاپشۇرۇق دەپتەر، دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى يىتتۈرۈپ قويماي، پاكىز ساقلاڭلار. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا باشلانغۇچتىكىسىنى، يۇقىرى يىللىقلارغا چىققاندا تۆۋەن يىللىقلاردىكىسىنى تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك.

كىتاب جازىسىدىكى كىتاب، رەسىم، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرۈشۈڭلارنى، بىراق كۆرگەندىمۇ ئاسرىغان هالدا كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەرگە بىر هېكايە ئېيتىپ بېرەي:

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىدىشنى چېقىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزغان هېلىقى ئالىم سىماگۇاڭنىڭ ئۆيىدە كىتاب ناهايىتى كۆپ ئىكەن. تالاي قېتىم ئوقۇپ چىققان كىتابلىرى كىتاب جازىسىدا يەنىلا يېپيېڭى ۋە رەتلىك تىزىلغان پېتى تۇرىدىكەن.

سىلەر تارىخ دەرسىدە جاۋكو توغرىسىدا يېزىلغان «بالىسىنىڭ دادىسىنىڭ كىتابىنى ئوقۇشى» دېگەن هېكايىنى ئوقۇغانمۇ؟ جاۋكو دادىسىنىڭ كىتابىنى ئوقۇسىمۇ، ئوقۇغانلىرىنى ئىشلىتەلمەيدىغان دوگماتىزمچى ئىدى. بىراق «بالىسىنىڭ دادىسىنىڭ كىتابىنى ئوقۇشى» دېگەن بۇ سۆزدىن دادىسىنىڭ كىتابىنى ئوغلى، ئوغلىنىڭ كىتابىنى نەۋرىسى ئوقۇغانلىقى، كىتابنى ئاسراشنىڭ نەقەدەر مۇهىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

جاۋكو جەنگو دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم. ئۇ چاغلاردا قەغەز بولمىغاچقا، خەت ياغاچ تاختىغا يېزىلاتتى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا خەت ياغاچ تاختىلىرىغا يېزىلىپ يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ، تۈپلەنگەن ھالەتكە كىرەتتى. مەن ئوقۇغان شۇ ياغاچ تاختىلار بوۋاقلاردىن ماڭا قالغانىدى. مەن ئوقۇپ بولۇپ شۇ پېتى قويۇپ قوياتتىم.

مەن × × دەك چاغلىرىمدا كىتابنى تارتمىغا پۈكلەپ سالغىنىمنى كۆرۈپ قالغان بوۋاقلار مېنى تىللاپ كەتكەن ھەمدە كىتابنى ئۆزى سېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغان كىتابلىرىمنى قالايمىقان تاشلىماستىن رەتلىك قويىدىغان، ئاسرايدىغان بولدۇم.

يەنئەندىكى چېغىمدا كىتاب — ژۇرناللارنى ياخشى ساقلايتتىم. «يېڭى جۇڭخوا گېزىتى»، «ئازادلىق گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ بىرنەچچە يىللىق سانلىرىنىڭ بىرەر سانىمۇ مەندە كەم ئەمەس ئىدى (يەنئەندىن چېكىنىپ چىققاندا گەمىگە كۆمۈپ قويسام، باندىتلار تېپىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ) بېيجىڭغا كېلىپ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. بۇ ئىش ئەمدى سىلەرگە قالدى.

سىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىڭلارنى، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

# فېڭ يۇشياڭ (1882 — 1948)

## ئايرىلىش ئالدىدا كۈيئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى

فېڭ يۇشياڭ — تەخەللۇسى خۇەنجاڭ، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر قوماندانى. 1924 - يىلى بېيجىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، مىلىتارىستلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز قوشۇنىنى گومىنجۈنگە ئۆزگەرتىپ باش قوماندان بولغان، 1 - جۈننىڭ جۈنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. 1927 - يىلى گومىنداڭ 2 - جىتۇەنجۈنىنىڭ باش قوماندانى بولغان، 1931 - يىلى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى تەشكىللەپ، باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنى تەشكىللەشكە كىرىشكەن.

بۇ فېڭ يۇشياڭنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا كۈيئوغلى لوييۈەنجىڭغا قىلغان نەسىھىتى. شۇ چاغدا لو يۈەنجىڭ فېڭ يۇشياڭنىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇ ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا فېڭ يۇشياڭ بۇ نەسىھەتنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ دەپتىرىگە يېزىپ بەرگەن.

بىرىنچى، سىنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بار، ماختاشنى لايىق كۆرمىدىم. بولمىسا، كېيىن جاپا تارتىپ قالىسەن.

ئىككىنچى، كۆندىلىك خاتىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ياز. قانچە تەپسىلىي بولسا، شۇنچە ياخشى. ھەرگىز ئۈزۈپ قويما.

ئۈچىنچى، خاتىرە يېزىشنى — بىلىم ئېلىشنىڭ ئاساسى، دەپ بىل. كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىڭنى، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سادىقلىق بىلەن يېزىپ قالدۇر.

تۆتىنچى، بىلىمىڭ بولمىسا، باشقىلار سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەقىقىي بىلىمى بولمىغان ئادەم كىشىلەر ئالدىدا خار بولىدۇ.

بەشىنچى، بىرىنچى قەدەمدە، ئەلۋەتتە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە ئالاھىدە تىرىش. ياغاچچىغا پالتا بىلەن ھەرە قانچىلىك مۇھىم بولسا، ساڭىمۇ ئىنگلىزچە شۇنچىلىك مۇھىم.

ئالتىنچى، ئىنقىلاب قىلىش ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلارغا، ۋەتەنگە ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ يۇكسەك نېگىزى.

يەتتىنچى، كۆپلىگەن يالغان ئىنقىلابى پارتىيىلەر بار، ئۇلار ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى ئويلىمايدۇ، بۇ توغرا ئەمەس.

سەككىزىنچى، ئىدېئالىستىك پەلسەپەدە، ئىلاھىيەت — ھەقىقەت، ھەقىقەت — تەرىقەت، خۇدا دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار توختاۋسىز ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنيانى ئۆزگەرمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا. ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىل.

توققۇزىنچى، ئاددىي پۇقرالاردەك تۇرمۇش كەچۈر، ئىلمىي تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىنقىلابچىلار ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىك ئىش. ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئونىنچى، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش ناھايىتى قىممەتلىك پەزىلەت. ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق بىر ئىشتا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىش.

ئون بىرىنچى، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلەش، يېزىپ ئۆزى كۆرۈش، بۇ ئاساسىي ماھارەت. بۇنىڭغا قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرغاندىلا، ھەقىقىي ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ دېگىنىنى قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ.

ئون ئىككىنچى، ياخشى دېگەنلەرنى يېقىن كۆرۈپ، يامان دېگەنلەرنى ياقتۇرمايدىغان، ياخشى دېسە خۇش بولۇپ، يامان دېسە خاپا بولىدىغان، ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلەلەيدىغان - كېلەلمەيدىغانلىقى بىلەن ئويلاشمايدىغانلارنى ھامان بىر كۈنى پالاكەت باسىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆز-ئۆزۈڭگە: «مۇشۇنداق قىلسام بولامدۇ - يوق، ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلەمدىم - كېلەلمەمدىم؟» دەپ سوئال قوي. جۇڭشەن ئەپەندى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتتى، ھەممە ئادەم ئۇنى، ئاپەت ياغدۇرغۇچى مەلئۇن، دېيىشتى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى تارتىشتى. تالاي كىشىلەر ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇشتى. لېكىن سۇن ئەپەندى دۇنيادىكى باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرنى كۆرگەچكە، خەقلەرنىڭ تىللىشىدىن قورقمىدى، خەقلەر تىللىغانسېرى غەيرەت - شىجائەتكە تولدى.

ئون ئۈچىنچى، ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق ئەڭ يامان ئادەت. ۋاقتىدا ئۇخلاش ۋە ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش بىر خىل ياخشى ئادەت. بۇنداق ئادەتنى چوقۇم ئوبدان يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئادەم دېگەن ماشىنا ئەمەس. بەزىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئىرادىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. ھېچبىر سەۋەب-

سىزلا ئىرادىگە خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك.

ئون تۆتىنچى، دائىم باشقىلارنى ئويلاش، ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش. باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشتا — بۇ بىر ئىلىم. بۇ ماھارەت ئىنتايىن مۇھىم. ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلالىغان كىشى ھەممە ئىشتا ئالغا باسىدۇ.

ئون بەشىنچى، ئامېرىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار. ناھايىتى زور يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئېلىمىزنىڭ كەمچىلىكى ھەم ئالاھىدىلىكىمۇ بار. سوغۇققانلىق بىلەن قارىغاندا، بۇنى تەبىئىي ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئون ئالتىنچى، ھەر يىلى ۋە ھەر كېچىسى ئوغرىدىن پەخەس بولغاندا تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. خېيىم - خەتەرلەر ئازىيىدۇ. ناۋادا ھەممە ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىنسا، كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلار پەيدا بولىدۇ.

ئون يەتتىنچى، ۋەتەنگە سادىق. ئاتا - ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلارغا ھەمسال، دوست - بۇرادەرلەرگە سادىق، تېجەشلىك بولغان كىشى، گەپ - سۆز يوق، باشقىلارغا يادەم بېرەلەيدۇ. بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ.

ئون سەككىزىنچى، يىغىپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي ئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇق سۆزلىمەيدۇ. دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي ئىشلەشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمىسا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھامان بىر كۈنى شۇ كىشى دۇنيانى ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ بىر ئەزاسى بولالايدۇ.

سەن مەن بىلەن بىرنەچچە ئاي بىللە بولدۇڭ. ئەتە ئوقۇشقا ماڭماقچى بولۇۋاتىسەن، ساڭا يوللۇق تۇتقۇدەك بىر نەرسەم بولمىغاچقا، داۋاملىق دېيىلىپ كېلىۋاتقان گەپلەرنى ئون سەككىز ماددا قىلىپ دەپتىرىڭگە تەكلىپ تەرىقىسىدە يېزىپ قويدۇم.

تېنىڭگە سالامەتلىك، ئىشلىرىڭغا شادلىق تىلەيمەن.

## جاڭ سەي (1853 — 1926)

# ئوغلۇمغا قىلىنغان نەسىھەت

جاڭ سەي — ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق سودا ـ سانائەتچىسى، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەربابى، 1895 ـ يىلى توڭجۇ يىپەك زاۋۇتىنى قۇرغان، ۋۇشۇي يىلىدىكى ئىسلاھاتنى قوللىغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شاڭخەي توڭخەي دېھقانچىلىق شىركىتىنى، شاڭخەي دادا كېمىسازلىق شىركىتىنى قۇرغان، توڭجۇ سىفەن مەكتىپىنى، نەنتۇڭ كۇتۇپخانىسىنى تەسىس قىلغان، 1910 ـ يىلى مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنىڭ داھىيسىنى تەكلەش ئۇچۇن دۆلەت پارلامېنتىنى ئىلتىماس سۇنۇشقا تەشكىللىگەن، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ـ سانائەت ۋازارىتىنىڭ باشلىقى بولغان، 1913 ـ يىلى دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ۋازارىتىنىڭ باشلىقلىقىنى، قوشۇمچە مەملىكەتلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باش لىدىرلىقىنى ئۆتىگەن، كېيىن نەنتۇڭغا بېرىپ، سودا ـ سانائەت، مائارىپ ئىشلىرى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئوغلى ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەرنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا ئۇ مۇشۇ ئىككى پارچە خەتنى يېزىپ ئوغلىغا كۆرسەتمە بەرگەن.

قەدىمكى زامانلاردا ئەرلەر ئون يېشىدىن تارتىپ ئوقۇپ، 40 ياشلارغا كىرگەندە ئەمەلدار بولاتتى. مۇشۇ 20 — 30 يىل جەريانىدا، كەلگۈسىدە جاھانسازلىق قىلىش ئۈچۈن بىلىم ئەھلى بولۇشقا تىرىشاتتى. ئون يېشىدا ئۆيدىن ئايرىلىپ خەتتاتلىقنى، ھېساب - كىتاب قىلىشنى، قائىدە - يوسۇننى، ماقالە يېزىشنى ئۆگىنەتتى، راستچىللىقنى بىلەتتى. 13 يېشىدا، مۇزىكىنى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى، 15 يېشىدا قىلىچۋازلىقنى، ئوقيا ئېتىشنى، چەۋەندازلىقنى ۋە ھارۋىكەشلىكنى ئۆگىنەتتى. 20 ياشقا كىرگەندە پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەتتى. 30 يېشىدىن باشلاپ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيتتى. بۇ چاغدا كىشى بىلىمگە توشۇپ، دوستلىرىغا كەمتەر، باشقىلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىدىن ئۆگىنىدىغان، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان بولۇپ يېتىلەتتى. جەمئىيەتتىكى ئىشلارغا قالايمىقان ئارىلاشمايدۇ، بىرەرسىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلمايدۇ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلسە، ئارىلىشىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇيغۇن كەلمىسە، ئارىلاشمايدۇ ھەم ھېچكىمگە ئىتائەت قىلمايدۇ. بىلىملىك ئادەملەرمۇ ئالدىراپ دۆلەت خىزمىتىنى قىلمايتتى، ھۆكۈمەتمۇ زىيالىيلارنى ئالدىراپ دۆلەت خىزمىتىگە قويمايتتى. ئاۋۋال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قولىدا، ئاندىن يېزىلىق، شەھەرلىك مەكتەپتە، ئەڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇپ زىيالىي بولغانلارنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇستاز تۇتاتتى. ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەشنى ئۆگىنىشكە بىر يىل، كەسپىگە سادىق بولۇش روھى بىلەن باشقىلارغا ئاسان يېقىنلىشالايدىغان ئىستىلنى ئۆگىنىشكە ئۈچ يىل، ئۆگىنىشتە تىرىشچان ۋە ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەتنى ئۆگىنىشكە بەش يىل، بىلىملىكلەرنى دوست تۇتۇشنى

ئۆگىنىشكە يەتتە يىل كېتەتتى. توققۇز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندا، ئاندىن پۇختا ھەم چوڭقۇر بىلىم ئاساسىغا ئىگە ئىلىم ئەھلى بولغىلى بولاتتى. كامالەتكە يەتكەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئالدىراپ دۆلەت خىزمىتىنى قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. چوڭ ئەمەلدارلارنى پادىشاھ تەيىنلەيدۇ، ئەمەلدارلار ئەمەلدارلىق سورۇنىنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ، مەھكىمىدىكى ئەمەلدارلار ئۆز مەھكىمىسىنىڭ، ئىقتىساد بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك باشقۇرىدىغانلار ئىقتىساد بىلەن ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئوردىنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلدار بولۇش بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شىيا ئىسىملىك بىر زات، ياخشى ئەمەلدار ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئادەمدىن ياخشى ئەمەلدار چىقىدۇ، دېگەن. خەن، تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە سىياسىي ئىشلارنى ئۆگەنمەيدىغان، بىلىمنى سۆيمەيدىغان ئىلىم ئەھلىلىرى يوق ئىدى. ئۇلار ئەمەلدار بولۇشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان پەزىلىتى بىلەن قىممەتلىك ئىدى. دۆلەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ياكى سۇلالە ئالماشقان چاغدا يېتەرلىك بىلىمى يوق بەزى زىيالىيلار ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشتى. كېيىنكى خەن سۇلالىسى گۈللەنگەن چاغدا، گېڭ خەن بىلەن دىڭ يۈي كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. پادىشاھقا ساداقەتمەن، ئۇلۇغۋار ئىرادىلىك كىشىلەردىن تيەن چۇ، چېن دىڭلار ئەقىل - پاراسەتلىك، دانىشمەن كىشىلەردىن جۇيۈي، لۇسۇنلار يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانىدى. جۇگې لياڭ لىۇ بېيىغا مۇشاۋىر بولغانىدا 20 ياشتا ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى سىياسىي سەھنىدە ناھايىتى رول ئوينىغانىدى. بۇ زاتلار تۇغما ئەقىللىق بولۇپلا قالماي. كېيىنكى خەن دەۋرىدىكى ئۆگىنىش ئىستىلى

نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇستازلار - شاگىرتلار ۋە دوست - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ئولتۇرۇپ ئىلىم ئۈستىدە موتالىئە يۈرگۈزۈپ، ئىقلىمدىكى كەسكىن ئۆزگىرىشلەردىن بەزى نەرسىلەرنى ئالدىن پەرەز قىلالايتتى. ھازىر بىزنىڭ ئېلىمىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ، پۇقرالىرىمىز تولىمۇ نامرات. دۆلەت سېنى ياۋروپا،ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. سەن بۇيىل 25 ياشقا كىردىڭ. مەن سەندىن بەك ئەنسىرەيمەن. سەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، يەنى كونا ئوقۇش تۈزۈمى ئۆز ئورنىنى يېڭىچە ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە بوشىتىپ بەرگەن چاغدا تۇغۇلدۇڭ. ھازىر زامان بەك تېز تەرەققىي قىلىپ كەتتى. سەن چەت ئەلدە بىر يىل، ئاز بولغاندا بىر نەچچە ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىسەن، باش - ئايىغى چىگىش ئىشلارنى ئىگىلەيسەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىشلىتىش ئۈچۈن قايتىشقا ئالدىرايسەن، ئۆگەنگەنلىرىڭ يېتەرسىز، بىلىم ئاساسىڭ شۇنچىلىك ئاجىز تۇرۇپ، مەقسىتىڭگە قانداق يېتەلەيسەن؟ مەن سەندىن بەك ئەنسىرەيمەن. تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى قىلىشتا، چوقۇم مۇھىم ئىشنى تۇتۇش كېرەك. ئېگىز ئىمارەت سېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلىنىڭ پۇختا بولۇشىنى ئويلاش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، يولغا قويۇشقا تېگىشلىك ئىشلار سامانىدەك. مۇشۇ ئىشلارنىڭ بىرەرى يولغا قويۇلسا، بۇ ئىشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئىنتىزار بولغان تالانت ئىگىلىرى خۇددى ئاش - نانغا ئېرىشكەندەك بولىدۇ. ئۇرۇش توختىماي داۋام قىلىۋاتىدۇ، يۇقىرى قاتلامدا تالانتلىقلار كەمچىل، تۆۋەن قاتلامدا مادار يوق. سودا سانائەتنى يولغا قويۇشتا، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمايۋاتىدۇ، يولغا قويۇلغانلىرى كۆڭۈلدىكىدەك روناق تاپالمايۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سودا - سانائەت بىلەن پائال شۇغۇللىنىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بۇ خۇددى يەرگە نان-

نىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئاچلىقنى باسقاندەك بىر ئىش. پۈتۈن يەرگە ناننىڭ رەسىمىنى سىزغان بىلەنمۇ ئۇ ناننى يېگىلى بولمايدۇ. سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئېلىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى، بىزدە شۇنچىلىك قابىلىيەت بارمۇ ـ يوق، بۇنى ئويلىشىمىز، بۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ جۇغرا- پىيىلىك ئورنىنى، دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن خەلقنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتۈرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇ گەپلىرىم بىمەنە گەپلەر ئەمەستۇ؟ ئەينى يىللاردا جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ غەربىي دىيارغا بارغاندا، بىر يۈز نەچچە دۆلەتنى ئايلانغان، ئالدى ـ كەينى بولۇپ غەربىي دىياردا 19 يىل تۇرۇپ يەرلىك خەلق- لەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە پەقەت سامساق، ئۈزۈم، بېدە ۋە كۆكتات ئەكىرگەن. بۇ جەھەتتە سېنى قانداقمۇ جاڭ چيەنگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ سەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقالايسەن؟ ھەر قانداق ئىش- نىڭ يولى بولىدۇ. كۆڭزى، گەپ قىلغاندا ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل بولۇش كېرەك، دەيدۇ. سەن چەت ئەلگە چىقتىڭ، تەكشۈرۈشنىڭمۇ يولى بار. ئېسىڭدە بولسۇنكى: كەڭ دائىرىدە ئۆگەن، تەپسىلىي سورا، ئەستايىدىل ئويلان، ياخشى ـ يامىنىنى روشەن پەرقلەندۈر، سە- مىمىي ئىش قىل. ئۆگىنىشتە، ھەممىلا نەرسىنى ئۆگىنىش ھا- جەتسىز، بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ. مەيلى سورا، مەيلى ئويلان ياكى ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈر، مۇئەي- يەن بىر نەرسىنى تاللا. تاللاشتا ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنى ئاساس قىلما، ئۆزۈڭگە چوقۇم مۇشۇنداق تەلەپ قوي. ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل بول، باشقىلارغا گەپ قىلغاندا، ئىناۋەتنى تەكىتلە. ئۆزۈڭگە مانا مۇشۇنداق تەلەپ قوي. ئۇرۇشقاق بەگ- لىكلەر دەۋرىدە چۇ بۇيۇ ئىسىملىك ناھايىتى ئابرويلۇق بىر ئەمەل- دار ئۆتكەن، ئۇ كۆڭزىنىڭ يېنىغا بارغان، كۆڭزى ئۇنىڭ قەل-

بىگە ئۇلۇغۋار ئارزۇلارنى پۈككەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىبۋەن تاپالمىغان. بۇ بىر دوستانە بېرىش ـ كېلىش، چۇ بۇيۇ ئادەتتىكى ۋەزىپە بىلەن كۆڭۈلنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان، خالاس. سەن چەت ئەلگە بىر دۆلەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چىقتىڭ. زىممەڭدىكى ۋەزىپە ئېغىر. گەپ قىلغاندا ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش. ئىش قىلغاندا ئەستايىدىل بولۇش كېرەك، كۆڭلى مانا مۇشۇنداق دېگەن. ئۆگىنىش، سوراش، ئويلاش، پەرقلەندۈرۈش، سەممىي بولۇش، بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق. سەن ئەمەلدارلار قىلىدىغان ئىشنى قىلىۋاتسەن، ئۆزۈڭنى ئەمەلدار دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگۈچى دەپ بىل. بولامدۇ؟ مېنىڭ گېپىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. دۆلەتنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلما!

# جاك جېدوُك (1837 — 1909)

## ئوغلۇمغا يېزىلغان خەت

جــاك جېدوُك ــ يــەنە بىر ئىسمى شاۋدا، تەخەللۇسى شياڭتاۋ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋەزىر بولغان، يېقىن زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئــەجنەبىيچىلــەر ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەربــابلىرىنىڭ بىرى، خېبېي نەنپىلىك، توڭجى يىللىرىدا تەشرىپدار بولغان، 1884 - يىلى گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشىنىڭ بــاش ھــەربىي ۋالىيسى بولغان، جوڭگو ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پېشقەدەم گېنېرال فىڭ زىسەيىنى ئىشقا قويۇپ، جىنەنگوەننى قــايتۇرۇۋالــغــان، ئــەجنەبىيچىلــەر ھــەرىكىتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ دېــڭىز ۋە قۇرۇقــلۇق ئــەسكــەرلەر مــەكــتىپىنى قۇرغان، زەمبىرەك زاۋۇتــى ۋە كــان ئىشلىرى ئىدارىسىنى تەسىس قىلغان، 1894 ـ يىلى جېجياڭ ـ جياڭسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا يۆتكەلگەن، «جياۋۇ ئۇرۇشى» دا ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، «ماگۇەن شەرتنامىسى» غا قارشى تۇرغان، «جاڭ ۋېنشياڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ناملىق ئەسىرى بار.

جــاك جــدوُك ئــوغــلىنى ۋەتــەنــنــى قوغــدايــدىــغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ھــەربىي ئىلىم ئۆگىنىشكە ياپونىيىگە ئەۋەتكەن ھەمدە تىرىشىپ ئۆگىنىشكــە ۋە ئىقتىسادچىل بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ داۋاملىق كۆرسەتمە بېرىپ تۇرغــان.

## 1

ئوغلۇم:

سىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىڭگە
يېرىم ئايدىن ئاشتى. مەن داداڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن سىنى
بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنى
ياخشى كۆرىدۇ. چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدۇ. بىزنىڭ سىنىڭدىن
بىر كۈنمۇ ئايرىلغۇمىز يوق. سىنى نېمىشقا چەت ئەلگە
چىقىرىۋەتتۇق؟ سىنى ئالغا باسسۇن، كەلگۈسىدە دۆلەتكە
يارامىلىق ئادەم بولسۇن، دەپ چەت ئەلگە چىقىرىۋەتتۇق.
بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىز پات - پات چەت ئەل قاراقچىلىرىنىڭ
تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ، چېگرا بويلىرىمىز ئۈزلۈكسىز
قولدىن كېتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا خەۋپ يېتىۋا-
تىدۇ. دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ چارىسى، بىرىنچى،
دۆلەتنى تۈزەش، دۆلەتنى تۈزەشنىڭ چارىلىرى ناھايىتى كۆپ،
ئەڭ ئاساسلىقى — ھەربىي قوشۇن تەلىم - تەربىيىسى. سەن
كىچىكىڭدە شوخ ئىدىڭ. دەرسخانىدا مۇئەللىم سىرتقا
چىقىپلا كەتسە، سەكرەپ، قالايمىقان نەرسىلەرنى
ئېتىپ، پوپاڭ چىقىراتتىڭ. قولۇڭدىن ھەرقانداق ئىش
كېلەتتى. تەلىيىڭگە كېچۈي تۈزۈمى ئاللىقاچان
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بولمىسا، سەن ھەرگىزمۇ كاتتا ئەمەلدار
بولالمايسەن. بولمىدى دېگەندە ناھايىتى بىر شيۇسەي بولالاي-
سەن. مەكتەپ ئەمدىلا ئېچىلىشىغا، سىنى مەكتەپكە ئۇزىتىپ
قويدۇم. ئەينى چاغدا نۇرغۇن پېشقەدەملەر مېنىڭ بۇنداق
قىلىشىمغا قوشۇلمىغانىدى. بىراق، مەن سىنى ئىنتايىن چۈشى-
نەتتىم. سەن ھەرگىزمۇ ئوقۇپ ئەمەلدار بولالمايتتىڭ. شۇڭا
قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سىنى ئوقۇشقا يولغا

سالدىم. ھالبۇكى، سەن تەنتەربىيە دەرسلىرىدىن باشقا دەرسلەردە ئازراقمۇ ئالغا باسماپسەن. مەن كىچىكىمدە كېچۇ ئىمتىھانى ئارقىلىق ئەمەلدار بولغان. مەن ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئەمما مەن سېنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن. جەمئىيەتتە ئىش قىلماق ئىنتايىن تەس. ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىش تولىمۇ ياخشى ئىش. شۇڭا سېنى ئوقۇشقا ياپونىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتتىم. سېنىڭ خاراكتېرىڭ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغانىكەنسەن، چوقۇم ياخشى ئوقۇشۇڭ كېرەك. ئىمكان قەدەر بىلىم ئال، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقما. ئۆزۈڭنى كاتتا ئەمەلدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىما، قەيسەر ۋە شىجائەتلىك بول. ھەربىيلەرگە خاس ساپانى يېتىلدۈر. شۇنىڭدىلا ئىستىقبالىڭ پارلاق بولىدۇ. ئېلىمىز ئۇرۇش قىلالايدىغان ھەربىيلەرگە موھتاج. سەن باشقىلارنىڭ سېنى بىلمەسلىكىدىن قورقماي، ياخشى ئوقۇيالماي قېلىشىڭدىن قورق. بۇنى چوقۇم ئېسىڭدە تۇت، چىڭ تۇت. ئۇنتۇما، ھەرگىز ئۇنتۇما. ساڭا يەنە شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، سەن مەن بىلەن خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا بارغان. سەن باش ۋالىينىڭ ئوغلى بولغاچقا، سېنى بېشىدا كۆتۈرمىگەن ئادەم قالمىدى. سەن ھازىر بىزدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چەت ئەلدە تۇرۇۋاتىسەن، مەن كاتتا ئەمەلدارنىڭ ئوغلى دەپ مەغرۇرلىنىپ يۈرمە. ئەمدى ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. ناۋادا بالا تېرىپ قويساڭ، بىز تېخىمۇ غەم ـ قايغۇدا قالىمىز. سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنى نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر دەپ ھېسابلا. جاپاغا چىداپ كۆرەش قىل، تىرىشىپ ئۆگەن. ئۆگىنىشتە تىرىشىپلا قالماي، بەلكى ئىدىيەڭنى تاۋلا. كەلگۈسىدە مېنىڭ مۇناسىۋىتىم ئارقىلىق مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەمەلدار بولغان تەق-

دىردىمۇ، قول ئاستىمدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەبرى جاپاسىنى بىلمىدىغان، ئۆزىنى ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك چاغلاپ، باش قىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىللەتتىن ساقىت بولسەن. مەن ئەللىكتىن ئاشقان، كاتتا ئەمەلدار بولۇپ، نام - شۆھرەت قازانغان ئادەم بولسامىمۇ، ئەمما يەنىلا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىمەن. ھەمىشە ئېھتىيات قىلىمەن. تاپتىن چىقىپ كېتىشكە يېتىنالماي مەن. سەن مەن بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىل بىللە بولدۇڭ. سەندە چوقۇم تەسىرات بار. مەن كاتتا ئەمەلدارنىڭ ئوغلى دەپ ئېرەن قىلمىساڭ بولمايدۇ. سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم بۇ ئەمەس. سەن چوقۇم ئېھتىياتچان بول. تۇرمۇشتا ئۆزۈڭگە تېخىمۇ ئېھتىيات قىل. بولۇپمۇ ھوشيار بول. ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلما، قىمار ئوينىما، باشقىلار بىلىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، زېھنىڭنى ئۇپرىتىسەن، ئوقۇشۇڭمۇ بىكار بولىدۇ. بىرەرى بىلىپ قالسا ياكى يايون ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ، مەن يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟ سەنمۇ ھېچنېمىدىن ئۆگىنەلمەيسەن. لېكىن مەن قانداق قىلىمەن؟ شۇڭا تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەن. ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلما. بۇنىڭغا دىققەت قىل، جەزمەن دىققەت قىل! سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ياخشى. ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىمىز تىنچلىق - ئامانلىق. بىزدىن غەم قىلما. جان - دىلىڭ ۋە بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ئۆگەن، ھەرقانداق بولمىغۇر خىياللاردا بولما. ئۆگىنىشتە ۋە خىزمەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشسەڭ، مەنمۇ خاتىرجەم، تېمەن بولۇپ قالىمەن.

دادىڭدىن، 19 - ماي

2

ئوغلۇم:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. ساڭا يەنە 500 تەڭگە

ئەۋەتتىم. تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب خەت ياز. مەن
بىكار غەم قىلىپ كەتمەي. چەت ئەلگە چىقىشىڭغا تۆت
ئاي بولماي تۇرۇپ، 1000 يۈەن پۇلنى نېمىگە
خەجلىدىڭ؟ قىزىق ئىش! سەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن چەت
ئەلگە چىققان. بىلىم ئېلىش ئۈچۈن جاپاغا چىداش كېرەك.
ئەل - ئاغىنىلىرىڭنى مېھمان قىلىشىڭ ھاجەت ئەمەس. سەل
ھەشەمەتچىلىك قىلىش توغرا كەلگەندىمۇ، ئۆزۈڭنى يوقسۇللار-
نىڭ باللىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشۇڭ كېرەك. 1000
يۈەن پۇل بىر يىل يېتىدۇ. سەن نېمىشقا تۆت ئايغا يەتمە-
گەن ۋاقىتتا پاك - پاكىز خەجلەپ بولىسەن، پۇلنى نەگە
خەجلىدىڭ؟ مەن بىر نەچچە تەڭگىنىڭ كۆزىگە قاراپ كەت-
مەيمەن. ئاۋادا پۇلنى جايىغا ئىشلەتسەڭ، ساڭا كۈنىگە 100
يۈەن پۇل كەتسىمۇ، بويۇڭنى قىسىلدۇرۇپ قويماسلىققا ماجا-
لىم يېتىدۇ. بىلىم ئېلىۋاتقان چېغىڭدا مۇشۇنداق بەتخەجلىك
قىلساڭ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندا ھازىرقى مۇشۇ
ھەشەمەتلىك تۇرمۇشۇڭنى نېمە بىلەن داۋام قىلىسەن؟ سەن
پۇلنى يېمەك - ئىچمەك ۋە ياتاققا ئىشلەتمىدىڭ، چوقۇم
باشقا بىر يەرگە ئىشلەتتىڭ. ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان بۇنداق
ھەشەمەتچىلىكنىڭ چوقۇم ئۆگىنىشىڭگە تەسىرى بولىدۇ. ئۆگە-
نىشكە يېتىشەلمەيۋاتقان بىر چاغدا، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرى-
دىغانغا نەدىمۇ ۋاقتىڭ بولسۇن؟ مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى،
سەن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇمايۋاتىسەن. بولمىسا، بۇنداق قىلمايت-
تىڭ. سەن بۇرۇن «مېڭزى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئەمەس-
مىدىڭ؟ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ئىدىيىسىنى
ۋە ئىرادىسىنى ساۋلىشى، جان تىكىپ ئىشلىشى، ئۆلگۈدەك
چارچىشى ھەتتا ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تارتىشى، جاپالىق كۈرەش
قىلىشى كېرەك. ئىدىيىدە پىششىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئاندىن
ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلالىغىلى بولىدۇ. سەن مېنىڭ

ئوغلۇم بولغاچقا، ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن دېھقانلار تارتىۋاتقان جاپا ــ مۇشەققەتتىن ئاز ــ تولا بولسىمۇ بىل، كىتاب ئوقۇپ، بىلىم ئېلىش مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىل. بولمىسا، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايسەن. پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئىدىيىۋى ھالىتىنى بىلمەيسەن، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىمۇ ساڭا قاراڭغۇ بولۇپ قالىدۇ. جىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى نېمىشقا گۆشلۈك تاماق يېمەيدۇ؟ گەپ مانا مۇشۇ يەردە. سەن دېگەن ھەربىي، ھەربىي ئادەم جاپاغا ئادەتتىكى ئادەملەردىن چىداملىق بولۇشى، پۈتۈنلەي ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭگە قاراپ سېنى قانداقمۇ ھەربىي دېگىلى بولسۇن؟ مەن بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ! مەن ياپونىيىگە بېرىپ باقمىغان، بېرىش توغرا كېلىپ قالسىمۇ، شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلگۈم يوق ئەمەس، سالاھىيىتىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، بىلگۈم بولسىمۇ قۇربىم يەتمەيدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ياپونىيىدە بىر ئوقۇغۇچىغا ئېيىغا 30 يۈەن راسخوت كېتىدىكەن. تۇرمۇشنى قامدىيالايدىكەن، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ياتاق شارائىتى سەل ـ پەل ياخشى بولسا، ئېيىغا 50 يۈەنمۇ كەتمەيدىكەن. سېنىڭ شارائىتىڭ ئۇلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. 1000 يۈەن پۇلنى تۆت ئاي بولماستىن خەجلەپ تۈگىتىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ سېنىڭ پۇل خەجلىشىڭدە چوقۇم كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان بىر سىر بار. قانچىلىك پۇل خەجلە، بۇ كىچىك ئىش. ئوقۇشۇڭ بىكار بولسا، سالامەتلىكىڭگە زىيان يەتسە، ۋاقتىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتسە، بۇ چوڭ ئىش. مەن بۇرۇن يازغان خەتلىرىمدە ساڭا تىرىشىپ ئوقۇش توغرۇلۇق تەربىيە بەرگەنىدىم. قۇلىقىڭ تۈۋىدە ھېلىھەم ياڭراپ تۇرغان شۇ سۆزلەرنى

ئەجەب ئۇنتۇپ قاپسىنا؟ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەگمەي. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا ساۋاقنى قوبۇل قىل. نورمال بولمىغان ئىدىيەڭنى دەرھال ئۆزگەرت، تىرىشىپ ئۆگەن. يەكشەنبە بولمىسا، سىرتقا چىقما، ناۋادا سىرتقا چىقساڭمۇ قالايمىقان يەرلەرگە بارما. پۇلنى قاراپراق ئىشلەت، تېجەپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە تېجە. ئوقۇشۇڭنى تاشلاپ قويما. تىرىشىپ ئوقۇ. ئۆزلۈكۈڭدىن تىرىش. ۋاقىت قىممەتلىك. بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەك ناھايىتى قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن 15 — 16 ياشلىق بالا ئەمەس، ئوقۇش داۋامىدا ھالاۋەت - مۇشەققەتنى بىلدىڭ. مېنىڭ تەربىيەمنى يەردە قويما. يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ؟ سالامەتلىكىڭگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىل. مېنىڭ تېنىم ناھايىتى تازا. ئۆيدىكى چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىق. غەم قىلما.

داداڭدىن، 9 - ئاۋغۇست

## لى خۇڭجاڭ (1823 — 1901)

## ئوغلىغا قىلىنغان نەسىھەت

لى خۇڭجاڭ — تەخەللۇسى شياۋچۈەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋەزىر، خۇەيجۈننىڭ ئەمىر لەشكىرى بولغان، ئەجنەبىيچىلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەربابلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئەنخۇي خېفېيلىك. داۋگۇاڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان، 1853 - يىلى يۇرتىغا قايتىپ يەرلىك فېئودال قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، تەيپىڭ قوشۇنى بىلەن ئىركەشكەن. 1861 - يىلى زىڭ گوفەننىڭ پەرمانى بىلەن خۇەيجۈنى خۇەن قوشۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى، جياڭسۇ ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ، خۇبېي ھەم گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى بولغان، 1870 - يىلى خېبېينىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، قوشۇمچە بېياڭ سودا ئىشلىرى ۋەزىرى، باش مىنىستىر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىقتىساد ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تۇتقان، جياڭنەن قورال - ياراق زاۋۇتى، شاڭخەي توقۇمىچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسى، سودىگەرلەر جەمئىيىتى قاتارلىق سودا - سانائەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەجنەبىيچىلەرنىڭ كاتتىبېشىغا ئايلانغان، «لى خۇڭجاڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» بار.

زىڭ گوفەننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويغان. بۇنى خەت - چەكلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 1

خېتىڭدە مەندىن يازغان ماقالەڭ توغرۇلۇق سوراپسەن. ساڭا شۇنى دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. تىل — ئىدىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىدىيە — تىلنىڭ ئاساسى. شۇڭا بۇ ئىككى جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش — تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن ماھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بېرىپ ياتىدۇ. ئىدىيە — ئەمەلىيەتنىڭ يېتەكچىسى. بۈگۈنكى ئالىملارنىڭ ئىدىيىسى كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. سۆز — ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ خاتا قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىيالمىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئەمەلىيەت بىلەن بىر يەردىن چىقماي قالىدۇ. ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئوقۇش، ماقالە يېزىشنى ئالدى بىلەن بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يېزىشتىن باشلاش كېرەك. ئاز — تولا گراماتىكا ئۆگىنىش، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىش زۆرۈر. بۇنداق قىلغاندا تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ، ھەر قانچە دۆت ئادەممۇ زېھنى ئېچىلىپ، ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ. ھەرقانچە ئاجىز ئادەملەرمۇ قەيسەر ئادەملەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ماقالىنى ماقالىنىڭ چىنلىقىنى ۋە توغرىلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ، تاللاپ ئوقۇش كېرەك. باگۇ ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان يېزىلغان ماقالىلەر باگۇ ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلمەستىن بۇرۇن يېزىلغان ماقالىلەرگە يەتمەيدۇ. (ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، داۋگۇاڭ ۋە شۇەنفىڭ يىللىرىدىن ئاۋۋال يېزىلغان ماقالىلەر ھەر ھالدا ياخشى، داۋگۇاڭ ۋە شۇەنفىڭ يىللىرىدىن كېيىن يېزىلغان ماقالىلەر كۈندىن — كۈنگە ساپاسىزلىشىپ

كەتكەن) تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىن كېيىن يېزىلغان ماقالىلەر خەن، ۋېي دەۋرلىرىدىن ئاۋۋال يېزىلغان ماقالىلەرگە يەتمەيدۇ. قەدىمكى زاماندا يېزىلغان ماقالىلەر ئەمەلىيەتكە تولىمۇ ئۇيغۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان ماقالىلەر ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كېتىپ، ئىدىيىنى ئىپادىلەشنىڭ نەمۇنىسى بولماي قالغان. خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى يېزىلغان ماقالىلەر خەلق ئاممىسىنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ئېتىقاد قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئۆرنەك قىلىش كېرەك. بۇنى بۇ ماقالىلەرگە سىڭدۇرۇلگەن پىكىرنىڭ خەلق روھى بىلەن باغلىنىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن.

ئۆزى ياقتۇرىدىغان ماقالىلەرنى تاللاپ تەكرار ئۇنلۇك ئوقۇش، ھەربىر بۆلەكنى ئوقۇغاندا، چوقۇم بىر نەچچە ۋاراقنى يادلىۋالالايدىغان بولۇش، سۆز ـ جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە قانداق باغلاش، ئابزاسلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ماھارەتنى ھەمىشە باش قاتۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆگەنگىلى بولىدۇ. قايتا ـ قايتا ئويلىنىش نەتىجىسىدە دېمەكچى بولغان پىكىرنى ماقالىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇۋېتىش مۇمكىن. ماقالە يېزىشتا سۆز تاللاشتا ھەم جۈملىلەرنى راۋان قوراشتۇرۇشقا پىشقان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۈنلۈك ۋە بوش ياد ئوقۇشتا، كۆپ ئەقىدىدارنى يېتىلدۈرۈشكە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئېلىمىزدە ئومۇمىي مائارىپ يولغا قويۇلمىدى، شۇڭا جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماقالىنى پىششىق ئوقۇش لازىم. ناۋادا كاللىمىزدا ياخشى يېزىلغان نەچچە يۈز پارچە ماقالە، تىلغا ئالىنىت 3000 — 4000 غا يېقىن (كىشىلەر دەپ كېلىۋاتقان گىراماتىكىدىكى سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە سۆزلەر) ئاساسى

سۆزلۈكلەر بولمىسا، ئىپادىلەشتە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيمىز (ئادەتتىكى بىر كىشى 3000 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆز بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدۇ، ئەمما تىلنىڭ مۇئەييەن بىر ئىپادىلەش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ). ئادەملەر يارىلىشىدىن بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى دۆت، گايىبىرلىرى ئۆگىنىشكە ئىخلاسمەن ۋە گايىبىرلىرى ئۆگىنىش بىلەن خۇشى يوق يارالغان. شۇڭا ماقالىنى پىششىق ئوقۇش ماھارىتى كەم بولسا ھەرگىز بولمايدۇ.

**2**

ئىنىڭدىن خەت كەلدى، ئۇ خېتىدە ئوقۇغان ماقالىلىرىدىن بەھىر ئالالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن زارلىنىۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. بىلىش كېرەككى، كونا ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە، ماقالىنى باشتىن تارتىپ ئاخىرىغىچە، بىراقلا ئوقۇپ چىقىش كېرەك. بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئوقۇش ياخشى ئەمەس. ماقالىنىڭ قىممەتلىك يېرى، ئۇنىڭدىكى پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا. بوشاڭلىقتا، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئوقۇشقا قارشى تۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا بىر پۈتۈن ماقالىنىڭ مېغىزىنى ئىگىلىۋالغىلى بولمايدۇ. ئوقۇغان بىلەنمۇ مەززىسىز تۇيۇلىدۇ. ماقالە ئوقۇش ئۇسۇلىنى بىلگەن ھالەتتىمۇ بىر ياقتىن ئوقۇپ، يەنە بىر ياقتىن پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك. مەسىلەن، لى خۇانىڭ قەدىمىي جەڭگاھنى تاۋاپ قىلىپ يازغان ماقالىسىنى، لى لىڭنىڭ سۇن ۋۇغا يازغان جاۋاب خېتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئېچىنىشلىق مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە سۈرەت كېلىدۇ. بۇ بىر پارچە ماقالە بىلەن بىر پارچە خەت ناھايىتى تەسىرلىك ھەم جانلىق يېزىلغان. خەن سۇلالىسى پادىشاھى ئۇزىنىڭ پۇقرالارغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ 1000 خەتلىك بىر

پارچە ماقالە يازغان. ھەر قانداق بىر ئادەم بۇ ماقالىنى ئوقۇ-
ۋېتىپ يىغلىماي تۇرالمايدۇ. شۇڭا ماقالە ئوقۇشنىڭ ئېپىنى
ئىگىلىمەي بولمايدۇ. مەن چوڭ تاغاڭ ۋە كىچىك تاغاڭ بىلەن
بۇ توغرۇلۇق پات - پات پاراڭلىشىمىز. سەن چوڭلارنىڭ
خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ چىق، تۆتىنچى تاغاڭنى ئۇستاز تۇت.
ئۇ ھازىر ئۆيدە. چوڭلارنىڭ تەربىيىسىدىن بەھرىمەن بو-
لۇپ، ئوقۇش - يېزىش بىلەن مەشغۇل. قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋا-
تىدۇ. مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، كۆپ نەرسە
ئوقۇيالمايۋاتىمەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق كېيىن يەنە قايتا - قايتا
غولغۇلا قىلايلى.

3

مەن يېقىندىلا زىلىڭ دىشىڭنىڭ ئاكىسىغا يازغان خېتىنى
تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتتە سىنىڭ ئۆگىنىشىڭگە تېگىشلىك
يەرلىرى بولغاچقا، خەتنى كۆچۈرۈپ ساڭا ئەۋەتتىم. ئىشقىلىپ
ياخشى ئادەم، ياخشى ئەمەلدار، ئاتاقلىق گېنېرال بولۇشقا بەل
باغلىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇستازىدىن، ئوبدان دوست -
بۇرادەرلىرىدىن. ياخشى ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىشى لازىم. سەن
كىچىككىدىلا ئەمەلدار بولۇشقا بەل باغلىغان. بۇ ناھايىتى
ياخشى. ئىش قىلغۇدەك بولۇپ پىشىپ يېتىلمىگەندە ئۇستاز
ساڭا ئۈلگە بولىدۇ، دوستلارنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ.
سەن ھەمىشە ئوقۇتقۇچىدىن چۆچۈيسەن ھەم ئۇنىڭغا يېقىنلى-
شالمايسەن. ھەر قانچە ياخشى ئۇستازنىڭ تەربىيىسى ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ خاراكتېرى بىلەن مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ.
دوستۇڭ بىلەن بىرگە تاماق يەيسەن، ئادەتتە بىللە بولىسەن،
بىر - بىرىڭلاردىن زوقلىنىسىلەر، سىلەردە ئۇستازىنى ھۆرمەت
قىلىدىغان، لېكىن ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ھېسسىيات بولمايدۇ.

هازىر سىنىڭ دوستلىرىڭ ناھايىتى ئىختىيارى، بەزى ئادەتلىرىدىن ئادەم بىزار بولىدۇ. ئەمەلدار بولۇشقا بەل باغلىغان ئادەم بۇ ئادەتلەردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. سەن ماڭا ھەم ئاكاڭغا تايىنىپ ئەمەلدار بولۇپ، خەقلەرنى بوزەك قىلساڭ بولمايدۇ، يوقسۇل چېغىدا بوۋاڭنىڭ بوزەك بولغانلىقىنى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلىسەن. بوۋاڭ چەككەن ئاشۇ دەرد-ئەلەملەرنى ئويلىغىنىڭدا، كۆچىگە تايىنىپ ئادەم بوزەك قىلىدىغان ئاشۇ ئىشلاردىن قاتتىق يىرگەن.

# زىڭ گوفەن (1811 — 1872)

## ئائىلىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىش

زىڭ گوفەن — ئەسلى ئىسمى زىڭچېڭ، تەخەللۇسى بوخەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋەزىر، خۇ-نەن قوشۇنىغا ئەمىر لەشكەر بولغان، ئەجنەبىيچىلەرنىڭ ۋە-كىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەربابلىرىنىڭ بىرى، خۇنەن شياڭشاڭلىق. داۋگۇاڭ يىللىرىدا تەشرىپدار بولغان. 1853 - يىلى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن خۇنەندە يەرلىك فېئودال قوراللىق كۈچ-لەرنى تەشكىللەپ، خۇنەن قوشۇنىنى كۆپەيتكەن، 1860 - يىلى جياڭسۇ بىلەن جېجياڭنىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى يىلى جياڭسۇ، ئەنخۇي، جېجياڭ ۋە خۇنەننىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان، 1865 - يىلى چىنچەي داچېن بولغان، نيەنجۈن قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان، لى خۇڭجاڭ ۋە زوزۇڭتاڭلار بىلەن بىرلىكتە شاڭخەيدە جياڭنەن قورال - ياراق زاۋۇتى قاتارلىق ھەربىي سانائەتنى قۇر-غان، 1870 - يىلى خېبېينىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا قويۇلغان، ئۇزۇن ئۆتمەستىن جياڭسۇ ۋە جېجياڭنىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن، كېسەل سەۋەبى بىلەن نەنجىڭدە ئۆلگەن.

زىڭ گوفەن بىلىملىك، ماقالە يېزىشقا ماھىر، ئائىلە باشقۇرۇشقا قاتتىق ئادەم. ئۇ ئوغلىغا پات - پات خەت يېزىپ كۆرسەتمە بېرىپ تۇرغان.

1

شۈەنفىڭنىڭ ئالتىنچى يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئوغلۇم: بارگاھتىن كەلگەن سىپاھلارنىڭ ھەممىسى سىنى سىخىي - مەرد دېيىشتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل خاتىرجەم بولدۇم. ھەممە ئادەم ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ كاتتا ئەمەلدار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن ئۇرۇق - ئەۋلادىمىنىڭ كاتتا ئەمەلدار بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى بىلىملىك ھەم ئوقۇملۇق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىدىغان، ئەمگەك سۆيگەن كىشى ئۆزىنى ھەر ۋاقىت خۇشال سېزىدۇ، ئۆزىنى سورىغان كىشى — ئالىيجاناب كىشى. مەن ئەمەلدار بولغان 20 يىلدىن بېرى ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتورۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەدىم. يېمەك - ئىچمەك ۋە يېتىپ - قوپۇشتا بولسۇن، يوقسۇللارنىڭ ئىسىل ئادىتىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدىم. مەن ئىنتايىن ئىقتىسادچىل، تۇرمۇشۇم بىر قەدەر ياخشى بولسىمۇ، لېكىن راھەت - پاراغەتكە بېرىلمىدىم. كاتتا ئەمەلدارلار راھەت - پاراغەتكە ئاسانلا بېرىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ راھەت - پاراغەتتىن قول ئۈزۈپ ئىختىسادچىل بولۇشى تەس، سەن تېخى كىچىك، راھەت - پاراغەتكە ھەرگىز بېرىلمە، ھورۇنلۇققا ئادەتلەنمە، مەيلى باي ياكى كەمبەغەل ۋە ياكى ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى دېھقان ياكى سانائەتچى ۋە ياكى سودىگەر بولسۇن، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولغانلار روناق تاپىدۇ، ھورۇنلۇقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلەر خاراب بولماي قالمايدۇ. سەن ئۆگىنىشنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ قويما. ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن سەھەر تۇر، ئاتا - بوۋىلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەتكە خىلاپلىق قىلما، سەن بىلسەن،

كىچىك تاغاڭ ئىككىمىز تاڭ ئېتىشى بىلەن تۇرۇپ كېتىمىز. بىپىپ ئەمەلدار بولماق — بۇ تەقدىرنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. بۇ شۇ كىشىنىڭ بىرىنچىدىن، تىرىشچانلىقىغا، ئىككىنچىدىن، تەڭ-رىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق ئالىم بولۇش — بۇ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. مەن ئالىم بولۇشقا ئىرادە باغلاپ كىچىكىمدە ئاز-تولا ئەجىر قىلغانىدىم. شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئورۇنسىز سۆزلەپ قويۇشتىن، بىمەنە قىلىقلارنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايۋاتىمەن. سېنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشۇڭ سالاپەتلىك بولسۇن، قالايمىقان سۆزلىمەسلىك — ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ ئاساسى.

2

تۇڭجىنىڭ بىرىنچى يىلى، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جى خۇڭ، جى زې:

بۈگۈن سىلەرگە يازغان خەتنى بىرىدىن ئەۋەتىپ تۇرۇشۇمغا، ۋاڭ خۇي قاتارلىق تۆت كىشى تۆتىنچى ئاينىڭ بېشى يازغان خېتىڭلارنى ئەكەلدى. چېن تاغاڭنىڭ ھەم سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ، ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. يېقىندىن بۇيان يازغان خېتىڭلار سەل جانسىز، ئۇستىخىنى يوق. موي قەلەم سىياھقا تويۇنمىغان. بۇ سىلەرنىڭ ئىزچىل خەت مەشق قىلمىغىنىڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چىرايلىق ئۇسلۇبتا يېزىلغان خەتلەرنى ئۈلگە سۈپىتىدە ماي قەغەزگە يېزىپ، مەشق قىلىپ، جانسىز خەت يازىدىغان يېتەرسىزلىكىڭلارنى تۈگىتىڭلار. مەشق قىلغاندا خەتنى جانلىق ھەم ئۇستىخانلىق يېزىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈڭلار. بولمىسا خەت يەنىلا جانسىز بولۇپ قالىدۇ، كىشىگە ھوزۇر بېرەلمەيدۇ. قەدىمكى زاماندا كىشىلەرنىڭ

تەقدىرىگە شۇ كىشىنىڭ چىرايىغا قاراپ باھا بېرىلەتتى. ئۆگىنىش كىشىلەرنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان كىشى ئاۋۋال قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئىرادە تىكلىشى كېرەك. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن 30 ياشقا كىرمەستە، ئەپيۇنغا شۇنداق ئۆگىنىپ كەتتىم. چەكمىسەم تۇرالمايتتىم. داۋگۇاڭنىڭ بىرىنچى يىلى، 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئەپيۇننى تاشلىدىم، مۇشۇ كەمگىچە چېكىپ باقمىدىم. 46 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ھەر قانداق ئىشتا قەتئىي تۇرغىلى بولمايدىكەن. بەش يىلدىن بېرى قىلغان ئىشنى، ئۇ مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. خەت مەشق قىلىشتا ئىرادىلەر قەتئىي بولسۇن. قەدىمكىلەر: «بىر خىل شىپالىق دورا بار، ئۇ ئادەمنى باشقا بىر ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويالايدۇ» دەيدۇ. مەن، ئىرادىنىڭ ئۆزى شىپالىق دورا دەيمەن.

## لىن زېشۈي (1850 — 1785)

## چوڭ ئوغلى — رۇجۇغا نەسىھەت

لىن زېشۈي — ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان. ئۇ دۇكجى دەريا ئېقىنىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، جياڭسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى، خۇنەن ۋە گۇاڭدۇڭنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى بولغان، 1938 - يىلى پادىشاھ داۋگۇاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئەپيۇن چەكلەشنى ئىلتىماس قىلغان، شۇ يىلى 12 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن چىنچەي داچېن سالاھىيىتى بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ، ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، ياندۇرقى يىلى خۇمېندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىدا ئەپيۇن كۆيدۈرگەن. 1840 - يىلى 1 - ئايدا گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى بولغان، شۇ يىلى 10 - ئايدا تەسلىمچىلەرنىڭ قارا چاپلىشى بىلەن ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان، ياندۇرقى يىلى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا پالانغان.

لىن زېشۈي بۇ ئۈچ پارچە خەتنى چوڭ ئوغلى — لىن رۇجۇغا يازغان، شۇ چاغدا لىن رۇجۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولغان، ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىپ بېيجىڭدا قالغان. خۇنەن ۋە گۇاڭدۇڭدا تۇرۇۋاتقان لىن زېشۈي خەت ئارقىلىق ئوغلىغا كۆرسەتمە بەرگەن.

1

روجو:

سەن پادىشاھىنىڭ زور شەپقىتىگە ئېرىشتىڭ. ئاتا ــ بوۋىلىرىڭ ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان. سەن 28 ياشقا كىرىپ تەشرىپدار بولدۇڭ، ئوردىدا تارىخ يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەنسەن. سەن نام قازاندىڭ، بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالما. تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن ھەزەر ئەيلە. بىرىنچى، مەغرۇرلانما، ئىككىنچى، سۈلەتۋازلىق قىلما، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلمە. ئۈچىنچى، يەڭگىلتەكلىك قىلما. ئاپاڭ بىلەن ئىنىڭ بېيجىڭدا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال. مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەن. داۋاملىق تىرىش، ئېھتىياتچان بول، ئاپاڭ ۋە ئىنىلىرىڭ بىلەن ئىناق ئۆت. تىرىشچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ھەر قانداق ئائىلە روناق تاپماي قالمايدۇ، ئىناق ئائىلە گۈللەپ ــ ياشنايدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئىناقلىقنى تەرك قىلغان ئائىلە خاراب بولىدۇ. مەن دەۋاتقان «تىرىشچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق» دېگەن بۇ سۆزنى جەمەتىمىز ۋە ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ساكا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شېئىر ۋە ماقالە يېزىپ، كىيرەكسىز قەغەزلەرنى ئۈستىلىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ، شۇ پېتى تاشلاپ قويۇشتىن ساقلان. بۇ ۋەيران بولۇشنىڭ ئالامىتى. بۇ ئادەتنى ئۆزگەرت. رەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىنى يارات. بىر پارچە قەغەز ياكى بىر ئورام قەغەزنىمۇ رەتلەپ قوي. بۇ جەھەتتە ئىنىلىرىڭ بىلەن سىڭلىڭغا ئۈلگە بول. سەن ئۆزۈڭنى، مەن كاتتا ئەمەلدارنىڭ ئوغلى، ئوردا تارىخچىسى دەپ چاغلاپ، باشقىلارنى خىزمىتىڭگە سالىدىغان قىلىقنى قىلما. سېنىڭ ئايىغىڭ چاققان بولسا، ئىككى ئىنىڭنىڭمۇ ئايىغى

چاققان بولىدۇ. كۆپچىلىك بىلەن ئىناق ئۆتسەڭ، ئىككى ئىنىڭمۇ كۆپچىلىك بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، سەن چوڭلارنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئىككى ئىنىڭمۇ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. سەن بىر ئائىلىنىڭ ئۈلگىسى، جەزمەن ئېھتىياتچان بول جۇمۇ!

2

ئوغلۇم:

ئاپاڭدىن ھېلىلا خەت كەلدى. ئۆيدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ تىنچ ـ ئامانلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ خاتىرجەم بولدۇم. سەن بېيجىڭدا، سالامەتلىكىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى ئىكەن. ۋاقىتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، سالامەتلىكىڭنى ئاسراشقا ئالاھىدە دىققەت قىل. مەن بېيجىڭدىن تۈمەن چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىمەن، مەندىن غەم قىلما. گۇاڭدۇڭنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدىم. بۇ يەردە نەگىلا قارىساڭ ساپلا ئەپيۇنكەش. ئەپيۇن سالامەتلىككە زىيانلىق، پۇل توشمايدىغان نەرسە ئىكەن. بۇ ھال كىشىنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەپيۇن ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپتۇ، مەن شۇنداق ئاڭلىدىم. يۇرتىمىزدىكى ياشلارمۇ ئەپيۇن چېكىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋاپتۇ. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن. بېيجىڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ مۇشۇنداق زەھەرلىك بۇيۇم بېيجىڭدىمۇ بارمۇ؟ بۇ زەھەرلىك بۇيۇمنى ئادەتتە ئاخشىمى ئۇخلىيالمايدىغان، روھى ياقتىن ھارغىنلىق يەتكەنلەر، بىر ـ ئىككى قېتىم چەككەننىڭ كارى چاغلىق، دەپ دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىدىكەن. زەھەرلىكلىكىنى بىلگەندە، تاشلايمەن دەپمۇ تاشلىيالمايدىكەن. سەن ئۆزۈڭگە قاتتىق ئاگاھ بول، بىرەر قېتىم چېكىپ قويسا، ھېچنېمە بولمايدۇ، ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ چېكىپ سېلىپ خۇمار بولۇپ قالما. ئەپيۇن ھەر قانداق زەھەر-

لىك بۇيۇمدىنمۇ زەھەرلىك. يېڭى چەككەندە خۇددى ھاراق چىشلىۋالسا ھاراق ئىچىپ ئۆگىشالغانغا ئوخشاش ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەنمىش. روھى چۈشكۈن چاغدا چەكسە، گويا باشقا موھتاجلىق چۈشكەندە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالغانغا ئوخشاش ئالاھىدە ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. قولغا پۇل كىرىپ، ھال - كۈنى سەل ياخشىلىنىپ قالغاندەك بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ زەھەرلەنگەنگە ئوخشاش. بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن جاننى سېلىپ بېرىدىغان گەپ. ئەپيۇنغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ئەپيۇن چەك-مىسە، روھسىزلىنىپ كەتكەندەك بولىدىكەن. ئاخىرى بېرىپ خۇمار بولۇپ قالىدىكەن. بەكرەك كىرىشىپ كەتسە، ھەر قانچە چەككەن تەقدىردىمۇ كار قىلمايدىكەن. بۇنداق ئادەم خۇددى قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ، قەرز ئېلىپ بۇرۇنقى قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى بېرىۋەتمىسە، تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان ھالغا چۈ-شۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل بولمايدۇ. ئەھۋال بارغانسېرى ئوساللىشىدۇ، مەئىشەت ھايات شامىنىڭ ئۆ-چۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. جەزمەن ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ تۇزاق-تىن پەخەس بول. ئاڭلىسام، سەن بەك كەچ ياتىدىكەنسەن، بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. ھەر قانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش كېرەك. سەھەر تۇر، كەچتە بالدۇر يات. پايتەختتىكى ئەمەلدارلارنىڭ بوش ۋاقتى كۆپرەك. ئۇلارنى سىرتتىكى ئەمەل-دارلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئۆيۈڭ-گە قايت. يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سېنى بەك مېھماندوست، دەپ ئاڭلىدىم. دوستنىڭ كۆپ بولغىنى ياخشى. لېكىن دوستنى تاللاپ تۇتۇش كېرەك. پايتەختتىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلىملىك. دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى-نى يامان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىل-غان تۈزۈك. ئويلاپ گەپ قىلىش كېرەك. ئەپيۇن چېكىدىغان

يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالما. ئۇنداق بولمايدىكەن، سەن مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەس.

3

ئوغلۇم:

خېتىڭنى ئوقۇپ سىرتتا ئۈچ يىل تۇرغانلىقىڭنى، 10 - ئايدا بىر قېتىم ئۈيگە قايتىدىغانلىقىڭنى بىلدىم. شۇ يولى ئارقىلىق قايتاشىڭدا گۇاڭدۇڭغا بىر كەلسەڭ تولىمۇ خۇش بولاتتىم. ئۈيدىن ئايرىلغانلىقىڭغا ئۈچ يىل بوپتۇ. ئاپاڭ بىلەن ئايالىڭنىڭ تۇرمۇشى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاپاڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىڭنى ئارزۇ قىلىپ، ئىشىك ئالدىدا يولۇڭغا تەلمۈرىدۇ. ئايالىڭ راۋاققا چىقىپ سېنى ياد ئېتىدۇ. سىرتلاردا يۈرۈپ يۇرتىغا قايتقان كىشىنىڭ كۆزىگە ئۆز ئۆيى گۈل كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئۆزۈڭ سىرتتا بولساڭمۇ، ئۆيدىكىلەرنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرۇپسەن. مەن دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا قەۋەت ئاپىرىن ئەيلەيمەن. مېنىڭ سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا 11 يىل بولدى. سەككىز كىشى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان مەپىدە ئولتۇرىمەن، يەيدىغىنىم ئېسىل تائاملار، ھەيۋەتىم زور. شۇنداقتىمۇ، ئۆي يادىمغا يەتكەن ھامان مەندە ئەمەلدار بولغاندىن كۆرە، يۇرتقا قايتقان تۇزۇك ئىكەن دېگەن سېزىم پەيدا بولىدۇ. پادىشاھ مېنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت بەك ئالدىراش بولغاچقا، يۇرتقا قايتىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشماي كېلىۋاتىدۇ! پايتەختتىكى چېغىمدا، ئەمەلىڭ ئەمرلىكتىن كۆتۈرۈلمىدى، خىزمىتىڭدە نەچچە قېتىم ئۆزگىرىش بولدى. خىزمەتتە نەتىجە يارىتالمىدىڭ. ئەمەلدار بولۇپ ئۆگەنگەنلىرىڭنى يەپ كەتتىڭ. شۇڭا ۋاقتىنچە يۇرتقا قايتىپ ئاپاڭنىڭ ھالىدىن، ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر

ئالغىنىڭ خوپ. پايتەختتە بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلىرىڭنى يېڭىباشتىن ئوقۇيالايسەن، بىلىملىك كىشىلەرنى دوست تۇتۇپ، بىلىمىڭنى ئاشۇرالايسەن. ئەرلەرنىڭ ئۆگىنىشتىن مەقسىتى — پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، پۇقرالار ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا 40 ياشتا ئەمەلدار بولۇش — كېچىكىپ ئەمەلدار بولۇشقا كىرمەيدۇ. سەن 30 ياشتا پادىشاھنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ نام قازاندىڭ. بۇنچىلىك يۇقىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغۇدەك سەن قانچىلىك ئەخلاقلىق ۋە قانچىلىك تالانتلىق؟ دوستلىرىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيسە، ئىلگىرىلەش ئىرادەڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىدۇ. سېنىڭ تۇرمۇش تەجرىبەڭ كەمچىل. بۇنداق ئەمەلدار بولۇش — ھەقىقەتەن بەخت قۇچىدىغان يول ئەمەس. مەن ئادەتتە ساڭا، روھى چۈشۈپ كېتىپ، ئىلگىرىلىشىگە دەخلىسى بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ كۆپ گەپ قىلمىغانىدىم. ئارتۇقچىلىقىڭنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىڭنى تۈزىتىشنى ئەمدى بىلىپسەن. رۇخسەت سوراپ يۇرتقا قايتىپ، ئاپاڭغا قاراش، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلگىنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياغدەك ياقتى. مەن سېنى بۇ يولدىن نېمىشقا توسىمەن؟ ساڭا پەقەت بىر ئېغىز نەسىھەت قىلىمەن. ئەمەلدار بولغاندا ھەر ۋاقىت يۇرتقا قايتىشنى، مال - دۇنياغا، ئەمەلگە ۋە ھوقۇققا بېرىلمەسلىك، يۇرتقا قايتقان ھامان دۆلەتكە كۈچ چىقىرىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەق بولۇپ تۇرۇش، ئۆگەنگەننى يەپ كەتمەي، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەندە ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىش كېرەك. بۇلارنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىڭ قانداق؟ سالامەتلىكىڭگە ئالاھىدە دىققەت قىل. مەن ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، زېھنىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تامىقىممۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ. ئاپاڭ ئۆيدە، سالامەتلىكىمۇ ناھايىتى ياخشى، غەم قىلما. ئى-

نىڭ كۆرستىلگەن بولسىمۇ ئەمەلدارلىقتا تاللانماپتۇ. دىمەك، ئۇ قابىلىيەت ۋە تالانت جەھەتتە لاياقەتسىز. بۇ ئىشتا ھېچ-كىمدىن يامانلىغىلى بولمايدۇ. ئاڭلىسام، بۇ ئىشتىن ئىنىڭنىڭ بەك بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۆيگە خەت يازغان چېغىڭدا، ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆزلەپ نەسىھەت قىلىپ قوي. بۇ جەھەتتە مەن ئاجىزلىق قىلىمەن. خەتلىرىڭ قاغا پۇتىدەك يېزىلغان. سەن شۇنچىلىك ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ خېتىڭنى چوقۇم ئۆزگەرت.

## ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتاب مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە كەڭ تارقىلىپ، بالا - چاقىلارنى تەربىيىلەشتە كەڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە، ئائىلە تەربىيىسىگە پەقەت جۇڭگولۇقلارلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، دېگەن بىر تەسىرات ساقلىنىپ كەلمەكتە، بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە.

ئائىلە تەربىيىسىگە جۇڭگولۇقلارمۇ، چەت ئەللىكلەرمۇ ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ كىتابتىن ئەنە شۇنىڭ ئۆرنەكلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. كەڭ كىتابخانلارنىڭ يېڭىچە قاراش تىكلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بۇ كىتابقا كۆپىنچە چەت ئەللىكلەر يېزىپ قالدۇرغان پەندى - نەسىھەتلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، كەڭ كىتابخانلارنى غەربنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن جۇڭگولۇقلار ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان جايلىرىنى چۈشىنىۋېلىش، ھەر خىل مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئادەملەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە ئۆزىگە خاس تەجرىبىلىرىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. باشقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىمۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئەينەك بولالايدۇ.

شۇنى ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ پەند - نەسىھەت-

لەرنىڭ ئاپتورلىرى دۇنيا بويىچە ھەر ساھە - ھەر كەسىپلەردىن چىققان سەر خىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆزىگە خاس تەسىراتلىرى شۈبھىسىزكى، ئائىلە تەربىيىسىدىن بىر ئۆرنەك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەينەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزگۈچىلەر ئۇزۇن مۇددەت كىتابخانىدا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىككى نەپەر يولداش بولۇپ، خىزمەت قولايلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار كۆرمىڭلىغان خاتىرە - يازمىلاردىن، كۈندىلىك خاتىرە، خەت - چەكلەردىن، سۆھبەت - بايانلاردىن تاللاپ بۇ پەند - نەسىھەتلەر جەۋھەرلىرىنى تەييارلاپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى تولۇق ۋە مول. ئەمما، بۇ پەقەت پەند - نەسىھەتلەر بابىدىن بىر باشلىنىش. ئەگەر بۇ كىتابىمىز ئوقۇرمەنلەرگە پايدىلىق ئىلھام بەخش ئېتەلىسە، بۇ ئاپتور بىلەن تەھرىرنىڭ بەختى.

1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

责任编辑：阿布力提甫·乌[illegible]
责任校对：玛丽亚木

**名　人　家　训**（维吾尔文）

斯　人　编

阿合买提·伊明
亚森·司伊提　译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开　12.75印张
1996年7月第1版　1996年7月第1次印刷
印数：1——6200

ISBN7--5371--2290--3/I·776　定价：11.50元
如有印装问题请直接同承印厂调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم



ISBN 7-5371-2290-3
9 787537 122900 >

ISBN 7 — 5371 — 2290 — 3
باھاسى: 11.50 يۈەن ( 民文 ) I·776